
# غازات دەر مۈلكى چىن

## مولال بىلال بىننى مولال يۈسۈپ (نازىمى)



**مۇھەررىردىن:** ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدىن» سەھىپىسىنى ئاچتۇق. بۇ سەھىپىگە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىگە ئائىت ئەسەرلەرنى داۋاملىق بېرىمىز.

ئىلىدا تۇغۇلغان ۋە ياشىغان ئاتاقلىق شائىر مولال بىلال بىننى مولال يۈسۈپ (1822 — 1900) نىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق تارىخىي داستانى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدىغان بىردىنبىر ئۇيغۇرچە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. تەزكىرە خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ «ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدىن» سەھىپىسىگە بۇ تارىخىي داستاننى باستۇق. ئەسەر 1877 - يىلى قازاندا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

دەر بايان ئۆزرنامە بۇ فەقىر بى بىزائەت ۋە ھەقىر بى ئىستىتائەت نازىم ئۆزىنىڭ تۆركىلىكىنى ۋە دوستلارىنىڭ ساچىلغان سۆزلەرنى نەزم قائىدەسى بىلە جەم قىلىپ قويماققە قىلغان دەلالەتىنى ئىزھار قىلماقى.

نەزم

ئۆزۈم ئادەمىيلەر فەقىرى ئىدىم،
فەقىر نە دېمەكدۇر، ھەقىرى ئىدىم.
ئۇ ئەلدە يۇردۇم يامانلار بىلە،
خەرابات ئىچرە جەۋانلار بىلە.
نە ئەگلىمدە تون بار، نە ئىلكىمدە زەر،
خۇدا خەۋفىدىن تاپمايىن ھېچ خەبەر.
بۇ قىسمى ئۆتۈپ ئۆمرىمىز نەچچە يىل،
خالايىق ئارا ئانچە خار ۋە زەلىل.
ۋەلى قىلدى ھەق خەت تونۇماق ئاتا،
كى ئەۋۋەلكى ھالىم بولۇبدۇر رەھا.
بولۇپ گاھ - گاھ نەزم قىلماق ئىشىم،
مۇھىبلار بىلە بەزم قىلماق ئىشىم.
بەناگاھ يولۇقتى كى بىرنەچچە دوست،
بۇلار دوستلۇقى بىزگە ئېردى دۇرۇست.
بۇلاردىن بىرسى ئەلى نام ئىدى،
قىلىپ ئۆزر بىسيار بۇ قىسمى دېدى:
«ئايا، نازىمى، ئاڭلاساڭ بار سۆزۈم،
قېرىنداشدىن ئارتۇق ساڭا مەن ئۆزۈم.
ئىلەنىڭ جىھادىنى نەزم ئەيلەسەڭ،
گۈلىستان نەزمىدە بەزم ئەيلەسەڭ.
جاھان سەفھەسىدە قالۇر ئاتىمىز،
ئوقۇر ئەنجۇمەنلەردە ئەۋلادىمىز.
ئوقۇب روھىمىزغا دۇئا ئەيلەگەي،
دۇئاسىنى تەڭرىم راۋا ئەيلەگەي.
كى بىزدىن بۇ قىسسە قالۇر يادىكار،
كى يادنامە قالغاي تەلىم رۇزگار.
كى روھى شەھىدلەرنى شاد ئەيلەگىز،
جىھادىنى نەزم - ئەبيات ئەيلەگىز».
خىيالىنى بىلدىم، دېدىم: «ئەي ئەلى،
ماڭا سەن ئېرۇر سەن گۈلىستان گۈلى»،
باھانە قىلىپ مەن دېدىم، «ئەي مۇھىب،
بۇ ئىشقا بولا ئالماغايمەن قەرىب.
قىلا ئالغالى مەنكى موللا ئەمەس،
كى سۆز قەدرىنى بىلمەگەي ھېچ كەس.



ئوقۇر بولسالار ئام ئىلە خاسلار،
ئىشىتسە سۆزۈم چولڭ - كىچىك ناسلار.
فەسەنددە بولغايكى يا بولماغاي،
قۇلاقىغا ئالغايكى يا ئالماغاي».
تامامى مۇھىبلار دېدى: «نەزم قىل،
ئىشالڭ نە ئېرۇر، نەزم قىلماقنى بىل».
تولا سۆزلەدى، مەن بولۇپ نائىلاج،
دېدىم: «مەن قىلاي تەڭرى بەرسە رەۋاج».
دېدىم: «خوپ بولۇر، ئەي مۇھىب باخىرەد،
قىلاي مەۋلەۋى بىزگە قىلسا مەدەد».
تولا خەلق دېگەندىن كى مەن بى خىرەد،
كى چېھرەم بۇ ئەندىشەدىن بولدى زەرد.
دىلىمگە تۈشۈب نەزم قىلماق ھەۋەس،
كى موللا ئارا مەن ئىدىم مىسلى خەس.
باشىمغا تۈشۈب قاق تاغىچە غەم،
قىلىپ نەچچە نەسرىنى بىر - بىرىگە زەم.
يۆلەنىب پىرىم مەۋلەۋى جامىغا،
قەدەم قويدۇم ئاخىر بۇ ھەنگامىغا.

كى جارى بولۇپ تىل بى فەزل ئەھەد،
پىرىم مەۋلەۋى قىلدى بولغاي مەدەد:
قىلىپ گەۋھەرى سۆزنى مەن تىزغۇچى،
تىلىمدۇر بامانە، قەلەم سىزغۇچى.
كى تەبىئىم يەتىشسە بايان ئەيلەيىن،
شەھىدلەرنىڭ روھىنى شاد ئەيلەيىن.
ئەگەر بولسا نەزمەمدە سەھۋۇ خاتا،
كەرەم ئەيلە بان ئەيلەسۇنلار رەھا.
خاتانى قىربان ساۋابىنى يازىب،
ئەگەر بولسا كوتە ئۇزۇنراق سىزىب.
يامان بەيتنى تاپسا ۋە يا نا فەسەند،
ئۆشۇل نەزمنى ئەيلەسۇنلار گەزەند.
بۇ نەزمەم كۆرۈب تەئنە قىلماڭ ماڭا،
بىراۋ تەئنە ئېيتۇركى شايەد ساڭا.
ئايا نازىمى، سۆزنى قىلما دەراز،
قىلىب مۇختەسەر باشقا سۆز ئەيلە باز.
ئېشىتكەن خالايىق مەلال ئولماسۇن،
ئوقۇغان كىشىلەرمۇ لال ئولماسۇن.

ئەلقىسسە ئىلە شەھرى قايسى خاندىن قايۇ خانغا قالىبدۇر. قايسى خانىنىڭ زامانەسىدە بۇ غۇلجا ئاباد بولۇپ، قايسى خان ۋاقتىدا بۇزۇلۇبدۇر، ئانىڭ بايانى.

نەزم

بىدا ئەيلەدىم تەڭرى ئىسمى بىلەن،
كى بىر نۇكتە كىم نەزم رەسمى بىلەن.
خىرەدمەندلەردىن بۇ يەڭلىغ ماقال،
كى مەن ئاڭلاپ ئېردىم ئانى بى مەلال.
بۇ مەزمۇندا ئېردى مەقالاتلارى،
بايانغا كېتۈرگەن رەۋايەتلەرى.
كى راۋى رەۋايەتدە مۇنداق دېدى:
ئىلە شەھرى ھىججازغا تابىئ ئىدى.
كى ئاندىن كېيىن ئۆتتى دەب نەچچە خان،
بەقا سارىغا بارچە بولمىش رەۋان.
ئىلەگە بولۇپ بەئدە قوڭتاجى شاھ،
نەچچە يىل يۈرۈب چۇن بۇ ھەم تۇتتى راھ.
كى ئاندىن ئامورى ساناغا قالىب،
مۇنى تۇتقالى خان خوجاملار كېلىب.
ئىلە شەھرىدە ئالتە يەردە سوقۇش،
ئامورى سانا بىرلە قىلمىش ئۇرۇش.
بۇلار ھەم جاھاندىن كېتىبدۇر تېخى،
ھەممە بىر - بىر ئارقا ئۆتۈبدۇر تېخى.
كى چەن لۇڭ دېگەن خان زامانە يېتىب،
ئىلە شەھرىگە نەچچە كۆچمەن چىقىب.
كۇچار بىرلە ئاقسۇ، شايار، بايدىن،
كى ياركەند، كاشقەر، خوتەن سارىدىن.
كۆچۈب بارچە ئادەم ئىلەگە كېلىب،
كى ئاباد قىلىبدۇر زەمىننى ئېرىب.

ئۇ دەمدىن بۇ دەمگە كى يۈز نەچچە يىل،
كى خاقانغا خىزمەت قىلىپ مۇنچە يىل.
قىلىب كۇفرى مۇئمىنگە زۇلۇم - سىتەم،
ئالىب ئارغا، بۇغداي، قوناقۇ دىرەم.
كى ھەددىن ئاشىب كۇفرىلار زۇلۇم بەسى،
خىتايدىن جافالار كۆرۈب خەلق بەسى.
مۇدام نەقرە - زەرلەر ئالىب بايدىن،
كى تارتىب ئالىب بايلار تايدىن.
فەقىرلەر ئۆلۈمنى كۆرۈب ياخشىراق،
سىپاھلار فەقىرنى ئۇرۇب كۆب تاياق.
خىتايلار بۇ قىسمدە ئەيلەب سىتەم،
بالاسىنى ساتىب ئالۇرلەر دىرەم.
چىدالماي بۇ كۇففارلار زۇلمىغا،
رىئايا چىدالماي تاياق - غۇلدىغا.
ھوسۇلغا ساتىب ياخشى فەرزەندىنى،
كى جاندىن ئەزىزراق جىگەر بەندىنى.
چىدالماي رەئىيەت خىتاي زۇلمىغا،
ياغى بولدى ئاخىر ئالىب زورىغا.
يۈرۈب بۇ بىلال بۇ جىھاد ئىچرە كۆب،
پىتىب دەفتەرى ئىچرە ئالدى كۆرۈب.
كى نۇسرەت ۋە فەتھ خۇدادىن تىلەب،
كى نەزم قىلىب نەسرنى رۇزە شەب.
كەل ئەي، ساقى، مەي بىلە جام تۇت،
بىلال تويغۇنچە ئىچسە ھەم يانا تۇت.
بۇ مەي نەشئەسىدىن كۆڭۈل ئاچىلىب،

خىرەد-غۇنچەسى ھەر تەرەپ ساچىلىپ.
لىسان بۇلبۇلى ئاندا قىلغاي ناۋا،
ناۋا تۈزگەلى گۇنە - گۇنە سادا.
خىرەد قۇمرىسى ئاندا گۇ-گۇ دېگەي،
نە گۇ-گۇ دېگەي، بەلكى ھۇ-ھۇ دېگەي.
تامام دەردمەندى ئېشىتكەي مۇنى،
كۆزىدىن ئاقۇزغاي جىگەر قانىنى.
بىراۋنىڭ بولۇبدۇر ئاتاسى شەھىد،
بولۇپ بەزىلەرنىڭ بالاسى شەھىد.
بىراۋ ئايرىلىبدۇر قېرىنداشىدىن،
كى جاندىن ئەزىزراق كۆكەلداشىدىن.
ئېشىتسە دىلى تېز يارە بولۇر،
نە يارە بولۇر، بەلكى پارە بولۇر.
تەزەررۇئ قىلىشىب دۇئا ئەيلەگەي،
دۇئاسىنى تەڭرىم رەۋا ئەيلەگەي.
كى روھى شەھىدان ھەممە شاد ئولۇر،
دۇئا قىلغۇچى غەمدىن ئازاد ئولۇر.
ئەگەر بولسا بۇ قۇلغا فەزلى ئەھەد،
پىرىم مەۋلەۋى بىزگە قىلسا مەدەد.
ئىلەنىڭ جىھادىنى نەزم ئەيلەيىن،
گۇلىستان نەزمىدە بەزم ئەيلەيىن.
ئوقۇلسا بۇ ئەشئار مەجلىس ئارا،
ئۈمىدىم بۇ دۇر بىزگە قىلسا دۇئا.
دۇئاسىن خۇدا ۋەندە قىلسا قوبۇل،
كى شايەد ۋىسالىغا بولسام ۋۇسۇل.
ئۈمىدىم چىراغى يانار دائىما،
بولۇر روھ تەكاۋۇر ئۆزرە قائىما.
غەرەز غازىلارنى بايان ئەيلەمەك،
جىھادىنى خەلققە ئايان ئەيلەمەك.
نە ۋەجھە ئىدى بۇ جىھادغا سەبەب،
ئانى ئۇقتۇرۇرمەن بەياتىمدا دەب.
غەرەزدۇركى خەلققە ئۇقۇلسۇن دېدىم،
ئېشىتىپ بۇ غەمدىن قۇتۇلسۇن دېدىم.
تامام ئەيلەدى سۆزنى موللا بىلال،
خۇدا رەھمەت ئەيلەب كى تافسۇن كامال.

ئىلە شەھرىدە بولغان جىھادنىڭ بايانى

نەزم

ئايا ئەندەلىب، نەغمەئى ساز قىل،
ئىلەنىڭ جىھادىنى ئاغاز قىل.
بۇ يەڭلىغ دېدى راۋىئى نۇكتەدان،
بۇ سۆزلەرنى دەفتەردە قىلدىم بايان.
چەن لۇڭ خانىنىڭ فەرزەندى جاجىن ئىدى،
بۇ جاجىن شەھى چىن ماچىن ئىدى.
مۇنىڭ ئوغلى داۋاڭ ئىدى چىنغا شاھ،
ئاتا ئورنىدا بولدى بۇ پادىشاھ.
بۇ داۋاڭغا فەرزەند شەن فوڭ ئىدى،
كى ياشى كىچىك يوق ئىدى جۈرئەتى.
مۇنىڭ تەختىدە تۇڭ جى تاپتى قارار،
بۇ تۇڭ جى لەئىن قىلدى شەن فوڭنى زار.
بۇ ئەسىردە شاھ ئېردى تۇڭ جى لەئىن،
ئىدى كافىرى زالىمى بەد تەرىن.
بۇ زالىم ئىبەردىكى بىر نامەئى،
ئىلە جاڭجۇنغا كى ھەنگامەئى.
پىتىب نامەگە ئۇشبۇ قىسمىدا سۆز،
سۆزىدە بار ئېردى غەزەبلىك رۇمۇز.
بۇ نامە يېتىب كەلدى جاڭجۇنغا تېز،
ئېشىتىب مۇنى بولدى كۆب رەستە خېز.
كى مەزمۇنى نامە بۇ نەۋئى ئېردىلەر،
«يافى بولدى بىزلەرگە تۇنگانىلار.
ئىلە شەھرىدە قانچە تۇنگانى بار،
تامام قىل ئەيلەب چىقارغىل دەمار».
مۇنى ئاڭلادى ئۆلتۈرۈر بولدىلەر،
كى ئوتقا ياقىب كۆيدۈرۈر بولدىلەر،
مۇنى ئاڭلادى بارچە تۇنگانىلار،
بەغايەت مەلۇل بولدى بىچارەلەر.
بۇلار ھەم كېڭەشلەر قىلىب بارچەسى،
سۆزىن بىر قىلىبان يامان - ياخشىسى.
ساندوخوزانىڭ بارچە تۇنگانلارى،
سىپاھۇ رەئايا ۋە پەھلەۋانلارى.
قىلىشىب تامامىكى جوشۇ خۇرۇش،
كى چىن لەشكەرى بىرلە قىلدى سوقۇش.
ناھايەتسىز ئېردىكى كۇففارى يان،
كى جەيھۇن ئارىقى سۇفەت ئاقتى قان.
كى ئاخىر تۇتۇب بارچە تۇنگانىنى،
رەئايالارى بىرلە پەھلەۋانىنى.
تامامى مۇسۇلمانىنى قىلدى شەھىد،
قانى بىرلە جەننەتنى قىلدى خەرىد.
كى فەرزەند - زەننى قىلىبان ئەسىر،
رەئايا نە قالدى، نەساھىب سەرىر.
بۇ تۇنگانىلارنى قىلىبان تامام،
كى ئۆز شەھرى سارىغا سۈردى خىرام.
كى جاڭجۇن ئېشىتىب كى مەسرۇر ئولۇب،
كىرىب لات زىنزاغا باشىن ئۇرۇب.
چالىب چەندى رۇزى تەبلى شادىيان،
كى بولدىكى تۇنگانىلاردىن ئامان.
يەنە كۇفرى ئىسلامغا قەسد ئەيلەدى،
بېرىب خەمرى لەشكەرنى مەست ئەيلەدى.

ئەلقىسسە ئۈزگە شەھەرلەرنىڭ تۇنگانلارى ساندوخوزاداكى تۇنگانلارنى خىتاي چېرىكى ئۆلتۈرگەن خەبەرنى ئېشىتىپ جان قورقۇنچىدىن ۋەھىمە ئېتىپ، ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگكە يالبارغانى ۋە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ بۇلارغا تەرەھھۇم قىلىپ بىر تۈمەن لەشكەر بىرلە تۇنگانلارغا يارمەندچىلىك بەرگەنى.

كۇنى غۇلجا تۇنگانلارى چوڭلارى،
ئاشۇر خەنجە ئاخۇن سۇفەت ئۇلۇغلارى.
كى ئىسمائىل ئاخۇن كى ياقۇبەلەر،
ئابدۇرەسۇل ھاكىم بەگ سەرى كەلدىلەر.
كىرىپ ئوردادا يىغلاشىپ زار - زار،
تۆكۈپ ياشنى چۇن ئەبرى نەۋ باھار.
تامام يىغلاشىپ دېدى: «ئەي، نېك زات،
خۇداۋەندە كارىڭغا بەرسۇن مۇراد.
كى بىزلەرنى مانجۇ كېلىپ چاپقۇدەك،
قىلىپ تىرى باران ئوق ئاتقۇدەك.
خىتايدىن كېلىپ بىزگە نۇرغۇن چېرىك،
ھالاك ئەيلەمىش قويمىغايلار تىرىك.
كى بىز خەستە دىللارغا سىز يار ئولۇغ،
بۇ نەۋئى قاتتىغ ئىشلاردا دىلدار ئولۇغ».
دېدى ئۇشبۇ سۆز ھاكىمى كاردار:
«خۇدا يار بولسۇنكى بىزلەر چاكار.
ۋەلى قازى ئاخۇنلۇغۇمدىن سوراي،
نە نەۋئى ئىشنى بۇيرۇر مەن ئانداغ قىلاي.
بۇ كۇن كېچە سىز ئىستىراھەت قىلىڭ،
كى راھەت ئالىپ ئېرتەلىككە كېلىڭ».
بۇ سۆزنى ئېشىتىپ تامام ياندىلار،
ھەر ئۆيلۈك ئۆيىدە ئامان قوندىلار.
كېچە ئۇخلاماي خەتمە قۇرئان ئوقۇپ،
خىتاي لەشكەرىدىن بەسى قورقۇشۇپ.
كى پۇر دىللەرى جەڭ يارادىن قىلىپ،
كى بىدىللەرى غەمدە باشىن قېتىپ.
كى ئاخىر تەۋەككۇل خۇداغا قىلىپ،
تامامى يۈزىن قىبلەگاھغا قىلىپ.
تامام قويدىلار خاب راھەتكە باش،
ۋەلى يەرگە تىم - تىم تۆشەر ئېردى ياش.
ئەلقىسسە ئابدۇرەسۇل بەگ ھاكىم،
بۇ بەگ بىزگە ھاكىم، بىز ئېردۇك نەدىم.
كېچە چىرلاتىپ قازى ئاخۇننى تېز،
بۇ ئاخۇنلۇغۇم ئېردى ساھىب تەمىز.
كى ئىسمى ئىدى نەسرىددىن دەلىر،
زەخامەتدە رۇستەم، شىجائەتدە شىر.
بۇ ئاخۇنلۇغۇم كەلدى تېز ئوردادا،
ھاكىم بەگمۇ ھەم چىقتى تېز ئالدىغا.
مەھازىر ئۇچۇن سالدى دەستۇرەخان،
قويۇپ نازى نېئمەت يېمىش بىرلە نان.
كى بەئداز مەھازىر ئەمىر تۇردىلار،
بۇ تۇنگانلار ئەرزىنى قىلدىلار.

ئېشىتىپ بولۇپ ئاخۇنۇم گۇل سۇفەت،
تەكەللۇمغا تىل ئاچتى بۇلبۇل سۇفەت.
دېدى: «ئەي شاھا، ئۆمرۇڭ ئولسۇن ئۇزۇن،
تېخى دەۋلەتىڭ ھەم ئەدەددىن فۇزۇن.
بۇ تۇنگانلارغا مۇدام يار ئولۇڭ،
كى ئەتقا مىسالىچە دىلدار ئولۇڭ.
بۇ بىچارەلەرگە تەرەھھۇم قىلىڭ،
خۇدا نەزەرىدە غازىلىقنى ئالىڭ.
كى ئەكسەر سەۋابلار غازات ئۈزرەدۇر،
بۇدۇن دەۋلەتىڭگە كى بولماڭ غۇرۇر.
كى جىھاد قىلىپ تېز ئىسلام ئاچىڭ،
كى تىغ بىرلە دۈشمەن قانىنى ساچىڭ.
كى فەتۋا بۇدۇر، ئەي شاھى كاردار،
بولۇرسىز دۇ ئالەم ئارا كامكار».
بۇ قىسمى دېدى قازى ئاخۇن دەلىر،
قابۇل ئەيلەدى شاھ ساھىب سەرىر.
كى فەتۋا بېرىپ بارچە ئاخۇن ھەممە،
كى ئىسلام ئاچۇرغا قىلىپ دەغدەغە.
نەھار ئولدى ھەم چىقتى خۇرشىد تاب،
ئەدۇۋ قانى ساچماققا ئەيلەپ شىتاب.
چىقىپ تەختى ئۈزرە ئەمىرى زامان،
ئەكابىرلەرنى يىغىپ بىگۇمان.
كى كەلتۈردى تۇنگانلارنى تامام،
يىغىلدى بۇ ئوردادا ئەز خاس - ئام.
ئەمىرى زامانە تەكەللۇم تۈزۈپ،
كى تۇنگانلار سارىغا يۈز ئۆرۈپ.
ئەمىر ئەيدى: «ئەي ئەھلى تۇنگانلار،
گىرىفتار مېھنەت دىل ئەفكارەلەر.
يىغىپ لەشكەرىم كەلتۈرەي بىر تۈمەن،
كى ھەر بىرىسىدۇر رۇستەمى تەھەمتەن.
ئۆزۈم لەشكەرىڭگە ئۆزۈم باش بولاي،
بۇ لەشكەر بىلە سىزگە يولداش بولاي.
كى سىزلەردە دۇر دىن ئايىن چالا،
تىلىڭلار سۇچۇكدۇر، دىلىڭلار ئالا.
تامامىڭ ئېرۇر ئەھدە بۇزماققا تېز،
بۇ نەۋئى فېئلىڭىزدىن يامان قورقامىز.
بۇ بەد فېئلىڭىزلارغا تەۋبە قىلىڭ،
كۆڭۈللەرنى ساف ئەيلەپ ئاندىن كېلىڭ».
ئېشىتتى بۇ سۆزلەرنى تۇنگان ھەممە،
ئىچىگە تۈشۈپ خەۋفدىن زەمزەمە.
ئەمىرنىڭ ئاياغىن تۇتۇپ يىغلاشىپ،
باشىنى ئۇرۇپ يەر جاھان تىغلاشىپ.

تۇنگانىلارنىڭ جاۋابى

«ئايا نېك ئەفئال شاھى جاھان،
قاچان سىزگە بىز ئەيلەسەك بەدگۇمان.
ھەممەمىزنى تەڭرىم ھالاك ئەيلەگەي،
جاھاندىن كى بىزلەرنى پاك ئەيلەگەي» .

ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ ئېيتقانى

«سۆزۈڭ راست بولسا قىلىڭلار قەسەم،
قىلىپ دىلنى نەرم، كۆزۈڭلارنى نەم.
مەنەم راست كۆڭلۈمدە قەۋل ئەيلەيىن،
ساڭا يار ئولۇپ دەفئى ھەۋل ئەيلەيىن» .

تۇنگانىلارنىڭ جاۋابى

كەلامى خۇدانى باشىغا تۇتۇپ،
كى بىر جام قەسەمنى دوغابەدەك يۇتۇپ.
دېدى: «بىز غېرىبلارغا سىز شاھ ئولۇڭ،
تامام ھالىمىزدىن كى ئاگاھ ئولۇڭ.
كى تەختى ئادالەتدە ئەيلەپ مۇقىم،
سەرىرى شىجائەت ئۆزە مۇستەقىم.
كى شاھلىق سەرىرىدە بوي كۆرگۈزۈڭ،
يامانلىقنى قىلساق باشىمىز ئۈزۈڭ» .

ئەمىرنىڭ تەكەللۇم سۆرگەنى

«بىلۇرمەن كى يوق سىزدە بوي ۋافا،
ۋافا ئورنىغا ئەيلەگەيسىز جافا.
كى تەڭلىك زاماندا ماڭا يالبارىپ،
ۋافانى بۇزارسىز كېيىن قايتارىپ» .

تۇنگانىلارنىڭ جاۋابى

«قەسەم بە خۇداۋەند كەۋنۇ ماكان،
ئانىڭ قۇدرەتىدە ئېرۇر ئىنسى جان.
بۇ ۋاقتىدا سىزنى تۇتۇپ رەھنەما،
قىلۇرمىز كى ئاخىر ئۆزۈمىزگە شاھ» .

ئەمىرى زامان بۇ سۆزىن چىن دېدى،
بۇلار ھىلەسىنى ئەمىر بىلمەدى.
كى ھەشتاد كەنتلەرگە نامە پىتىپ،
ھەسەن، ھۇسەيىن بەگلەردىن يۇرگۇزۇپ.
كى بىرلەھزەدە لەشكەرىن راسلادى،
ئەمىر ھەم جىھادغا بېلىن باغلادى.
ئەمىر ئەيدى: «تىرە تۇن باشى جۇمئەدە،
كى شەب خۇن ئۇرالىن كى بۇ لەمھەدە.
كى يوقسە بۇ ئىش بولغۇسىدۇر يامان،
خىتاي لەشكەرى كۆپ ئېرۇر بىگۇمان.

ئۇ دارىن تورغۇت خانى سارى بارۇر،
كى مىڭ ئىككى يۈز ياخشى ئات كەلتۈرۈر.
كى ئەۋۋەل بۇ كۈن قىلماساق بىز سوقۇش،
بۇ ئۇرغۇن خىتاي بىزگە قىلغاي تۇرۇش.
پىيادە خىتايلار تامام ئاتلانۇر،
خىتاي بىزگە كۆپ بەد گۇمانلىق قىلۇر» .
بۇ سۆزنى دېدى ھاكىمى كاردار،
ئېشىتكەن قىلىپ گىريە زار - زار.
تامام ئالدى ئىلكىگە ئالەتى جەڭ،
سىنان دەراز تىغ تىرى خەدەڭ.
شىتاب بىرلە ئاتلاندى ئەئدا سىيان،
كى دەرۋازە مەشرىققە بولدى راۋان.
كى تارىخى نەبىگە ھەزار دۇ سەد،
يەنە سەكسەن ئېردى بەفزىل ئەھەد.
يىلى ئېردى تونغۇز، دېدى بەزى ئۇي،
نىمە بولسا بولسۇن تالاشىڭنى قوي.
جەمادىل ئەۋۋەلنىڭ كى ئون ئىككىسى،
ئەشا سوڭىدىن جۇمئەنىڭ كېچەسى.
قىرىق ياشتا ئېردى ئەمىرى زامان،
چىرايى قىزىل گۈل جاھان پەھلەۋان.
دەپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» يەزدانى پاك،
مېنىم دەردناك، مېنىم سىنە چاك.
مېنىم نەسرىددىن سىرى ئالەمان،
مېنىم شەۋكەت ئاخۇنغا مۇفتى زامان.
مېنىم نام ئەھمەد خەزانەچى بەگ،
كى ئىسھاق ھاكىمى رەۋانەچى بەگ.
ئۇلۇغلار ئاتىنى ئايان ئەيلەشىپ،
تامام ئەسلى نەسلىن بايان ئەيلەشىپ.
غەزەپ بىرلە چۇن نەئرەھالار چېكىپ،
ئەدۇۋ باشىغا تىغ بۇررە سالىپ.
بولۇپ ھەر بىر ئىسلامى مەست تېۋەدەك،
خىتايلار بولۇپ ئەھرەمەن دېۋەدەك.
چاكا - چاك خەنجەر، شەقا-شاق تىغ،
كى دەللال مەرەكى بولۇپ كۆپ قىزىغ.
كى ياغدۇردىمۇ تىر مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۇشتى بولغاي نەيىستانغا ئوت.
ۋەيا بىر سۈرۈك يىلقىغا تەگدى شىر،
ۋەيا شىر بىرلە تۇتۇشتى دەلىر.
غەزەبلىك شاقال كىردىمۇ قوي ئارا،
ۋەيا زال زەر قىلدىمۇ ماجىرا.
بۇ نەۋ ماجىرا بولدىلار بىگۇمان،
كى جەيھۇن ئارىقى سۇفەت ئاقتى قان.
ئاقىپ قان توفراق ھەجەر بولدى قان،
ھەجەردىن كى ساچراپ شەجەر بولدى قان.
گۈزەرلەر قىزىل تام دۇكان قىپ - قىزىل،
خىتايلار ھالاك بولدى خارۇ زەلىل.
كى ئاخىر خىتايلار ئاچىشىپ زەبان،

تىرىك قالغانى دېدىلەر ئەلئامان.
ھەممە دىن ئىسلامنى قىلدى قوبۇل،
تېخى گەردەنىگە كۆتەردى موسۇل.
كى مۆئمىن ئالىپ ئولجانى بىشۇمار،
كى ئادەم باشىغا تاغارۇ تاغار.
بۇ دەڭنىڭ ئىشىنى سەرەنجام ئېتىپ،
باياندايى سارى يۇردىلەر يۈزلەنىپ.

ئەلقىسسە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ ھەر تەرەفكە نامەلەر فاراكەندە قىلغانى. موللا شەمسىددىن خەلفەم، ئەھمەد خان خوجاملار ئەمىرنىڭ نامەسىدىن ئىتتىلائ بولۇپ، ياماتۇغا بارىپ ئۇ دارىننى، ساغلادايىنى ھالاك قىلىپ، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتنى ئاجرىتىپ ئالغانى.

ئايا ئەندەلىپ، نەغمەئى ساز قىل،
ئۇدارىن ھالاكىنى ئاغاز قىل.
كۈنى جاڭجۇن، ئامبال بۇ ئىككى لەئىن،
ئۇدارىنغا ئەيدىكى: «تورغۇت بارىڭ،
تورغۇت خانىدىن ئىككى مىڭ ئات ئالىپ،
ماڭا تافشۇرۇڭ، سىزكى تېز تۈن كېلىپ».
ئۇ دارىن خىتاي بىرلە ساغلاداي،
بۇ ئىككى لەئىن بىرلە نەچچەند خىتاي.
تورغۇت خانى سارىغا بولدى راۋان،
يېتىپ خانغا بۇ سۆزنى قىلدى بايان.
كى مىڭ ئىككى يۈز ئاتنى خان بەردىلەر،
كى ھايداپ ياماتۇ يېتىپ كەلدىلەر.
دېدى: «ئىككى كۈن مۇندا ئارام ئالاي،
كى ئارام ئالىپ بەئدە ئاندىن باراي».
مۇنى ئاڭلادى ئابدۇرەسۇل دەلىر،
نەدۇركىم دەلىر چۈن ئىدى نەرە شىر.
كى بىرنامە يازدىكى خەلفەمگە تېز،
دېدى: «تېز ياماتۇ سارى بارىڭىز.
ئەھمەد خان خوجام بىرلە لەشكەر ئالىپ،
ئۇ دارىن بىلە ساغلادايغا يېتىپ.
كى ئاندا بارىپ مەردلىك كۆرگۈزۈڭ،
بۇ ئىككى لەئىننىڭ باشىنى ئۈزۈڭ».
بۇ نامە يېتىشكەچ خەلفەممۇ تېز،
كى ئالاتى جەڭ ئالدىلار قىلدى خىز.
ئالىپ ئول دەلىر لەشكەرى بىگەران،
ئەھمەدخان خوجام بىرلە بولدى راۋان.
ئۆتۈپ تېز دەريائى خۇنخاردىن،
ھەممە بولدىلار خەۋف نىلدىن ئەمىن.
چافىپ بارچە ئاتىن دېدى «تۇت، تۇت»،
بۇ ئىككى لەئىن ئۆيىگە قويدى ئوت.
ھالاك بولدى چۈن تەبرەمەي ئورنىدىن،
ئاقىپ قانى ھەم ئاغزى، ھەم بۇرنىدىن.
ئۇ دارىن لەئىن بىرلە ساغلاداي،
بۇ ئىككى لەئىن بىرلە نەچچەند خىتاي.
تۈگەتىپ لەئىنلەرنى قالماي گۇمان،
خوجام شاھ شىبۇ سارى بولدى راۋان.
كى مىڭ ئىككى يۈز ئاتنى چۈن ئالدىلار،
ھەر ئادەم بىر ئاتنى تۇتۇپ مىندىلار.
كى لەشكەر قولىغا سىنانلار ئالىپ،
خۇرۇش ئەيلەدى شاھ شىبۇغا كېلىپ.
دىلاۋەرلەر ئانداغ خۇرۇش ئەيلەدى،
قازان قايناغاندەك كى جۇش ئەيلەدى.
دەمى تىغى خەنجەر يېتىپ تاھىۋا،
تېمىپ قانى جەيھۇنغا بەردى سادا.
سىنان دەرازدا ئالىپ جاننى،
تاش ئۆستەڭ سۇفەت ئاقتۇرۇپ قاننى.
تامام كۇفرىلارنى ھالاك ئەيلەدى،
كى فەرزەندلەرىن دەردناك ئەيلەدى.
خوجاملار يانىپ فەتھى نۇسرەت بىلە،
كېلىپ تۈشتى خانىغا ئىززەت بىلە.

ئەلقىسسە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ دەريانىڭ ئۇل يۈزىدەكى كەنتلەرنىڭ سەردارلارى توقەنەك بەگ، ئاق قوزى بەگ، دانىيال بەگ، مۇسىيار بەگلەرگە نامە ئىبەرگەنى، بۇ سەردارلار شىبە ۋە قالماقلار بىلە جەڭ قىلغانى.

«بۇ ئۇل نامەدۇر كىم بەنام خۇدا،
نەبىۇ ۋەلى بىزگەدۇر رەھنەما.
كى بەئد ئېشتىكىل ئايا شىر دىل،
شىبە خەلقىنى ئەيلە خار ۋە زەلىل.
ئايا توقەنەك بەگ سائادەت شىئار،
بولۇڭ نەما يەتكەچ بۇ ئىسلامغا يار.
يەنە ئاق قوزى، دانىيال، مۇسىيار،
بۇ ئۈچ بەگ ئېرۇر كاركەر كاردار.
ئۈچى ئۈچ بۆلەك لەشكەرىنى ئالىپ،
شىبە قەلئەسىنى ئىھاتە قىلىپ.
ئەگەر چىقسا كۇففار باشىنى ئۈزۈڭ،
ۋەيا جۇملەنى دىن ئارا كىرگۈزۈڭ».
قىلىپ شاھ سۆزىن نامە ئىچرە تامام،
سوڭىدىن دېدى: «ئەلدۇئا ۋەسسالام».
بۇ نامە يېتىپ توقەنەك بەگكە تېز،
بۇ كەنتلەر ئىچىگە تۈشۈپ رەستە خىز.
تۆرە توقەنەك ھۆكۈمرانلىق قىلىپ،
كى مىڭ ئىككى يۈز لەشكەرىنى يىغىپ.

مۇڭا ئاق قوزى بەگنى سەردار ئېتىپ،
تېخى مۇسىيار، دانىيالنى قېتىپ.
شىبە شەھرى خوجاكىر زورغان سۇمۇن،
شىبە خەلقى قورقۇپكى بولدى جۇنۇن.
دارتامتۇكى شۇڭقار، كەتمەن ئېلى،
كى غالجات، دولاتۇ، خوناخاي بېلى.
ئىككى بۇغرانىڭ خەلقى فوج - فوج كېلىپ،
شىبە قەلئەسىنى ئىھاتە قىلىپ.
كى مۇئمىن ۋە كۇففار قىلىپ تۇرفە جەڭ،
بىرى بىرىگە ئاتىشتى تىرى خەدەڭ.
كى مۇئمىن شىبە ئۈززە غالىب بولۇب،
شىبە ئايماقى بارچە مەغلۇب بولۇب.
ئۈزىن قەلئەسىگە سولاندى ئۆزى،
بەسى ۋەھمناك بولدى ئوغۇل - قىزى.
بۇتى ئالدىدا باشلارىنى ئاچىپ،
قىلىپ گىريە باشىغا توفراق ساچىپ.
بولۇب لائىلاج قەلئەسىن قىلدى بەند،
بالا مارى كۇففارنى قىلدى گەزەند.
جاغۇستاي ۋە قاينۇق، قوغۇنچى ئېلى،
شەھەر باغ چېرىكى ۋە پەھلەۋانلارى.
كى ئالتە سۇمۇننى كېلىپ قورشادى،
كۆرۈپ كۇفرى ئايماقى كۆپ غەم يېدى.
كى كۇففار سۇمۇنلار ئارا بولدى بەند،
كى ئەفيۇن سۇيى بولدى كۇففارغا قەند.

كۆرۈڭ مەۋلەۋى شەيخ يۈسۈپ ۋەلى،
مازاردا كى شەيخ جارۇبلارى.
تىلەب فەتھى نۇسرەتنى ئايەت ئوقۇپ،
قىلىپ گىريە - زارۇ، داۋراد ئوقۇپ.
كى موللا غەنى، روزى، باقى ئىمام،
قوغۇنچىدىكى موللا روزى ئىمام.
بۇلار باردى ئاستانە شاھ پادىشاھ،
تىلەب يارلىغ ئاندا قىلدى دۇئا.
دۇئاسىنى تەڭرىم راۋا ئەيلەدى،
ئۇلۇغ فەتھى نۇسرەت ئاتا ئەيلەدى.
كى يالغۇز ياغاچ، كاننىڭ بەگلەرى،
ئەلىم شاھ شىغاۋول، ئېركە بەگ مىڭ بېگى.
توسۇپ مۇغلارنىڭ كېلۇر راھىنى،
بەسى قورقۇتۇپ مۇغلار شاھىنى.
كى قالماق كېلۇر يولغا بەكجۇر قويۇپ،
كى مۇغ ئۇچراسا كۆزلەرىنى ئويۇپ.
كى يولنى توسۇپ ئېركەبەگ نەۋ جەۋان،
كى مۇغ خەۋفىدىن خەلقنى قىلدى ئامان.
كى شىرە بوغاچى بىرلە توققۇز تارا،
بۇ يۇرت خەلقى ئېردىكى مىگدىن تولا.
بۇ يۇرتدا قالىب ئېردى بەش يۈز كىشى،
بۇلار مۇغ يولىن توسماق ئېردى ئىشى.
كى مىڭ ئادەمى غۇلجاغا كەلدىلەر،
كى قەلئە باياندايدا جەڭ قىلدىلار.

ئەلقىسسە ئەمدى كەلدۇق باياندايىنىڭ جىھادىغا. ئۇل كېچە دەڭنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەرنىڭ لەشكەرىنى ھەسەن بەگ، ھۈسەيىن بەگلەر باشلاب باياندايغا يۈزلەندى ۋە شەھەرنىڭ يۇردىل يىگىتلەرىدىن مۇھەممەد سوفى ئاقساقال، بۇشرى بەگ، ھاجى تاھىر فاناساد، سىپتىلدى شاڭ بېگى، ئەلىش دىلاۋەر، ئاشۇر مۇھەممەد ئەلەمدار، ئابدۇلسەمەد فاناساد، ئابدۇ ناسىر يۇردىل، پەھلەۋان ئابدۇلۋارىس، شائىر ئابدۇلھەق، جالالىددىن شىردىل، ئاخۇن فولار نۇرغۇن لەشكەرى ئىسلامنى ئالىپ باياندايغا بارىپ تۇشتىلەر. ئاقتوپادىن قەۋاش باھادىر، غەزىز پەھلەۋان، ئابدۇرەسۇل بەگ، جارۇللا بەگ، ئايۇب دەلىرلەر نۇرغۇن لەشكەر بىلە باياندايغا كېلىپ، قەلئەئى كۇففارنى قورشاب تۇشتى. شۇل مەھەل ئېردىكى، غۇلجا ئون يۈزنى جەم قىلىپ، لەشكەرى ئەنبۇھ ئالىپ، ھەتتى شاڭ بېگى ئەلەملەرنى كۆتەرتىپ قەلئەئى كۇففار، يەنى باياندايىنىڭ قىبلە تەرەفىدىكى يار بويىغا بارگاھ بەرپا قىلىپ تۇشتىلەر. شۇل مەھەل ئېردىكى، ئىسھاق خەزانەچى بەگ بىر مىڭ توققۇز تارانىڭ يۇر دىللارىنى ئالىپ كېلىپ، مەزكۇر بارگاھغا تۇشتىلەر. ھەر كۈندە باياندايىنىڭ كافىرلارى بىرلە كەچ بولغۇچە قاتتىغ جەڭلەر قىلۇر ئېردى ۋە لەشكەرى كۇففار قەلئەسىدىن تاشقارى چىقالماس ئېردى. بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرسۇن.

ئەلقىسسە ئەمدى كەلدۇق ئەھمەد خان خوجام بىرلە شەمسىددىن خەلفەملەرنىڭ ۋاقىئەسىگە. قاچانكىم ياماتۇغا بارىب ئۇدارىن بىلە ساغلادايىنى نەچچەند خىتايلار بىرلە ئۆلتۈرۈب، بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتنى ئالىب، مۇسۇلمانلارنىڭ فىيادەلىرىنى ئاتلاندۇرۇب، نۇرغۇن لەشكەر بىرلە كېلىپ ئەرەمباغقا تۇشتىلەر. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ ئائلاب قازى نەسرىددىن ئاخۇنۇم، موللا شەۋكەت مۇفتى ئاخۇن، موللا روزى مۇفتى، سەئىد جالالىددىن خەلفەم، خۇدا بەردى ئاخۇن، ھاجى مەسئۇد مۇھتەسىب ئاخۇن، ناسىر ئاخۇن، موللا ئىمىن ئاخۇن، چوڭ مۇھتەسىب ئاخۇن، كىچىك ئاخۇن، كىچىك مۇھتەسىب ئاخۇن، موللا خەلىل ئاخۇن، ھاجى تاھىر خەزانەچى بەگ، ئەھمەد خەزانەچى بەگ، ئابدۇلرەھمان خەزانەچى بەگ، ھاجى ئابدۇللا خەزانەچى بەگ، ئابدۇلۋاھىد خەزانەچى بەگ، مەغفىر شاڭ بېگى، مەڭلىك شاڭ بېگى، مىرزات شاڭ بېگى، بەگزات بەگ، بەھرام بەگ، يۈسۈف بەگ، خۇدا بەردى بەگلەر بارچەسى ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ مۇتابىئەتىدە ئالدىغا چىقتىلار. بارچە ئەكابىرلار بىرلە كۆرۈشتىلەر. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ شەھەرگە تەكلىف قىلىپ ئالىپ كىردىلەر. بۇلار ئەمىرگە بولغان ۋاقىئەلەرنى بايان قىلدىلار. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ ئۇدارىننىڭ ئۆلگەننى ئېشىتىپ بەسى خۇشھال بولدىلار. چاراكى باھادىر كافىر ئېردى. خەلفەم بىرلە ئەھمەد خاننى مېھماندارلىق قىلدىلار.

ئەلقىسسە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ بىرلە قازى نەسرىددىن ئاخۇنۇم، ئەھمەد خەزانەچى بەگ شەھەردە تۇرۇب جەڭ ياراغىنى

قىلۇر ئىدى. مىرزات بەگ، بەگزات بەگ، بەھرام بەگلەر تاش ئۆستەڭ لەشكەرىنى ئېلىپ قەلئەئى كۇففارغا يۈزلەندى. ئاندىن ئارقاسىدىن ئارا ئۆستەڭ لەشكەرىنى ئېلىپ تۇردى يۈز بېگى، بىلال يۈز بېگىلەر باشلاپ قەلئەئى كۇففارغا يۈزلەندى. ئاندىن ئارقاسىدىن مەئلىك شاڭ بېگى قاش، بورا بوغاسۇنىڭ لەشكەرىنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئاندىن ئارقاسىدىن ئەزىمشاھ بەگ نىلقا، ئۇلاستاي لەشكەرىنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئاندىن تۇنگانلارنىڭ ئۇلۇغلارى شاجۇ ئاخۇن، خەنجە ئاخۇن، ياگۇر، ئاشۇر، جۇسىلار جۇملە تۇنگانلارنى باشلاپ راۋان بولدىلار. لەشكەرى ئىسلام ئايماق - ئايماق، سانجاق - سانجاق، فوج - فوج كېلىپ باياندايىنى قورشاپ تۇشتىلەر. ئادەملەر غەۋغاسى ۋە ئاتلارنىڭ كىشنەشكەن ئاۋازىدىن گەردۇننىڭ قۇلاقى كەر بولدى ۋە چاڭ - مانان ۋە دارۇلارنىڭ تۇتۇنىدىن باياندايى زۇلمەت ئاراسىدا نافەيدا بولدى ۋە تۇفەك، زەنبۇرەك، تۇمەن فولار ۋە نەفىر كارنايلار ئاۋازىدىن لەشكەرى كۇففار قورقۇپ يۈرەكلەرى سۇ بولدى. كافىرلار بۇغەۋغا ئالامەتلەرنى ۋە لەشكەرى ئىسلامنى مۇنداق ھەيبەت ئۇزە كۆرۈپ، بىدىل زەندەك بولۇپ تىترەدى. زەن - فەرزەندلەرى يىغلاشىپ ئەقلى باشىدىن كەتتى. بارچە چوڭ - كىچىك كافىرلار ئۇلۇغى بادارىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە باشىنى توفراققا ئۇرۇپ زار - زار يىغلاپ، بارچەسى ئېيدىكىم: ئەي سەردارى كۇففاريان، بىزلەر مۇنچە نۇرغۇن لەشكەر بىرلە نېچۈك دەرفەتادە بولۇرمىز. ئەمدى بىزلەرگە بىر چوڭ لاماسۇندىكى قازاندەك قازان لازىم بولدىكى، ئاڭا جىق ئەفيۇن چىلاپ قويالى. مابادا ئىسلاملار بىزلەرگە غالىب كەلسە، ئول ئەفيۇن سۇيىنى ئىچىپ، بارچەمىز بىر يولى ھالاك بولالى، دەپ يىغلاشتى. بادارىن هارامى ئېيدى: بىرنەچچە كۈن سەبىر قىلىپ تۇرالى، كۆرەلىكى چاڭ جاڭجۈن بىزلەرگە چىلڭ دالويە، تودارىن، شى دارىنلارنى باش قىلىپ نۇرغۇن لەشكەر ئىبەرەدۇر، بۇ نۇرغۇن لەشكەر بىرلە كېلىپ بىزلەرنى ئاجراتىپ ئالۇر، دېدى. بادارىننىڭ بۇ سۆزىگە بىئەقىل كافىرلار فەرىفتە بولۇپ جەڭگە مەشغۇل بولدىلار.

مۇسۇلمانلاردىن پەھلەۋان ئەلاخان، مۇھەممەد سوفى پەھلەۋان، پەھلەۋان تالى، مۇھەممەد ئەلى ۋە پەھلەۋان مۇھەممەد توختى ۋە پەھلەۋان ئابۇلخەيرى ۋە پەھلەۋان جەئفەر بەگ ۋە پەھلەۋان ئابدۇلۋارىس، پەھلەۋان قاسىم چۇبۇكلار، نۇرغۇن پەھلەۋانلار تۇفەك ۋە زەنبۇرەكلەر ئاتا باشلادى ۋە بازار لەشكەرى ۋە سەھرانىڭ پۈردىللارى سېفىللارغا ئاسىلدى. قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىرى لەشكەرى كۇففار لەشكەرى ئىسلامغا تاب كەلتۈرەلمەي، سېفىلنىڭ قوقتالارىغا كىگىز تارتىپ، دالدارقاب يۈرۈپ ئوتلار ساچار ئىردى. پۈردىل يىگىتلەر ئوتغا فەرۋا قىلماي سېفىلغا چىقىپ، قوقتالارنى بۇزۇپ شورا قىلۇر ئىردى. مۇنى لەشكەرى كۇففارنىڭ سەردارى بادارىن كۆرۈپ، جانىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، باشىغا توفراق ساچىپ، ئۆز ھالىغا ياراشا، ئۆز زەبانى بىلە بەيىتلەر ئوقۇپ يىغلار ئىردى، مەزمۇنى بۇدۇركى:

دەرىغا دەۋلەتى خاقان چىنلار سەرنىگۇن بولدى،
بۇ خاقاننىڭ ھەممە تابىئلارىنىڭ باغرى خۇن بولدى.
ئەجەلنىڭ ئەجدەرى دەم تارتتى بىز خاقان چىنلارنى،
تۈگۈرمەن بولدى فەيدا بارچەمىزنىڭ باشى ئۇن بولدى.
مۆشۈك ساچقاننى ئالغاندەك بۇ لەشكەر قويماغاي بىزنى،
كى بىزلەرگە قىيىن، تۇنگانى - چانتۇغا ئويۇن بولدى.
يىقىلدى ئاسماندىن يەرگە ئانداغ كەۋكەبى خاقان،
تامامى خاقان چىنلار ئەقلىن ئالدۇردى جۇنۇن بولدى.

بۇ لەشكەرنى كۆرۈپ بىز بىدىل زەندەك بولۇپ تۇردۇق،
كى بىز مانەندە مۇم چۈن خۇيزا، خۇي - خۇيلار جىيۇن بولدى.
ساماندەك سارغارىپ قالدۇق ۋە يا توفراق سۈفەت توزۇپ،
كى بىزنى ساۋرۇرغا خۇيزا، خۇي - خۇيلار قۇيۇن بولدى.
بۇ قىسمى يىغلادى دارىن باشىغا چۈن ساچىپ توفراق،
مۇنى ئاڭلاپ باياندايى كافىرى كۆپ بىئۇرۇن بولدى.

ئەلقىسسە كۇففار لەشكەرىگە ئەندوھ - غەم يۈزلەنىپ، كۆپ ئەندوھ ئىردىكى، فولادباي، يۈسۈف شاڭيولار، ئارۇف ئاخۇن، ۋەلى خوجا شاڭيو، ئەزىز قۇرباشى، مىرقاسىم شاھ، مۇھەممەد شەرىف، باھائىددىن فانسادلار بىرلە جەمى ئەھلى تۇججارلارنى باشلاپ تۇغ - ئەلەملەر بىرلە كېلىپ لەشكەرى ئىسلامغا قوشۇلدى. لەشكەرى كۇففار مۇنى كۆرۈپ دەمبەستە بولۇپ، ئۆلۈمگە رازى بولۇپ زار - زار چۈن ئەبرەئى نەۋباھار يىغلاشۇر ئىردى. كىرىپ لات زىزا ئالدىدا باشىنى چالىپ ئىستىئانەت تىلەر ئىردى. بۇلار لات ئالدىدا يىغلاپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى مەئزەم خاندىن ئېشىتمەك كېرەك.

مەئزەم خان ئىلە شەھرىگە ھاكىم ئىردى. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ ئىشىكئاغا ئىردى. چاڭ جاڭجۈن مەئزەم خانغا ھوسۇل جەھەتىدىن گۇناھ قويۇپ نەزەربەند قىلغان ئىردى. ئابدۇرەسۇل بەگنى ئارىيەتى ھاكىم قىلغان ئىردى. تا بۇ ۋاقىتچە مەئزەم خان كۈرە شەھرىدە غەرىب ۋە بىناۋالاردەك يۈرۈر ئىردى. قازارا جاڭجۈن ئۇ دارىننىڭ، ساغلادايىنىڭ ھالاك بولغانىنى، يۇرت بۇزۇلغانىنى، باياندايىنى قورشاپ ئالغانىنى، جەڭ قىلغان خەبەرىنى ئاڭلاپ، ئېشىتىپ ئۆزىنى تەختىدىن يەرگە تاشلاپ، يېمەك - ئىچمەكدىن قالدى. كېچە - كۈندۈز زار - زار يىغلاپ ئىردى ۋە دارىن، غالادايلار بىلە مەسلىھەت قىلۇر ئىردى.

نەزم

ئۇ دارىن ھالاكىن ئېشىتتى لەئىن،
باشى ئايلانىپ بولدى تۇرفە غەمىن.
ياقاسىنى چاك فارە - فارە قىلىپ،
كۆزى ياشىدا يۈزنى يارە قىلىپ.
مەئزەم خاننى چىرلاتتى يانىغە تېز،
دېدى: «ئەي بالام ھاكىمى باتەمىز.
شىبەگە بارىپ ئاندا لەشكەر ئالىڭ،

بۇ لەشكەر بىلەن خۇيزەلەرگە بارىلى.
كى تۇنگانىلارنى قىلىڭلار هالاك،
كى فەرزەندلەرىنى قىلىڭ دەردناك».
ئېشتىب بۇ سۆزنى بولۇب شادمان،
شىبە سارىغا بولدى ئۆلدەم راۋان.
كېمەگە مىنىب بەھرىدىن تېز ئۆتۇب،
قوغۇنچىغا كەلدى شامالدەك يېتىب.
يېتىب كەلدى ئاندىن بۆلاق باشىغا،
كىرىب يىغلادى خەلفەنىڭ قاشىغا.
ئەھمەد خان خوجامنى يانىغا ئالىب،
دېدى خوجاغا يۈز تۈمەن يالبارىب.
«ئەھمەد خەزانەچى بەگ مېنىڭ دۈشمەنىم،
ئانى كىم هالاك ئەتسە ئۆلدۈر جانىم.
نە بولغاي ئانىڭ كەسسەڭىز باشىنى،
هالاك ئەتسەڭىز قەۋمى يولداشىنى.
ئانى قىل هالاك بىرگە فەرزەندىنى هەم،
قوشۇب ئۆلتۈرۈڭ بەلكى دىلبەندىنى هەم.
كى بولسام كى خان سىزنى قىلغۇم شېرىك،
بولۇرسىز بۇ دەۋلەتدە بولسام تىرىك».
ئەھمەدخان بۇ سۆزلەرگە شەيدا بولۇب،
بىھكىم خۇدا فىتنە فەيدا بولۇب.
ئەھمەدخان ئالىب لەشكەرى بىكاران،
هالاك قىلغالى بەگنى بولدى راۋان.

ئەلقىسسە ئەھمەدخان ئەھمەد خەزانەچى بەگنى هالاك ئەتكەلى شەھەرگە كەلدى، ۋاقىت يار بەرمەدى، ئۆتۇب بارگاھقا تۇشتى. بىر كۈنى ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ ئەھمەد خەزانەچى بەگنى شەھەردە قويۇب، ئەيدىكىم، «سىز شەھەردە تۇرۇب لەشكەرى ئىسلامنىڭ كام - كۆسىنى راسلاب بېرىڭ ۋە ياخشى - يامانىغا خەبەردار بولۇڭ» دېدى. ئەھمەد خەزانەچى بەگجان - دىلى بىرلە قابۇل قىلدى. چاراكى كارگەردە ۋە كاردىدە، ئاقىل سىپاھ ئېردى ۋە قازى نەسرىددىن ئاخۇن ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ ئورداسىدا دەۋلەت نەققارەسىنى چالدۇرۇب، هۆكۈمرانلىق قىلۇر ئېردى. رەئايالارنىڭ جۇملەسى ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ گۆلدەك يۈزىگە ۋەئەقلى - دانىشىغا مۇشتاق بولۇب، هەر هۆكمىكى قىلساجان - دىلى بىرلە قابۇل قىلۇر ئېردى. دەۋلەت ۋە سائادەت ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگكە يۈزلەندى.

مەئزەم خان بۇ ئىشقا كۆب بىدىماغ ئېردى، ئاداۋەتى تېخى هەم زىيادە بولدى. ئامما زاهىران بىلدۈرمەس ئېردى. چاراكى ئەھمەد خەزانەچى بەگ ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگكە قېيىن ئاتا بولۇر ئېردى.

نەزم

كۈنى مىرى ئابدۇرەسۇل نېك بەخت،
گۈلىستان گۈلى لايىقى تاج - تەخت.
باشىغا كۆتەرتىب هۇمايۇن ئەلەم،
باياندايغا بارماققا قويدى قەدەم.
خىيالى بۇ ئېردى جىھاد ئەيلەگەي،
كى روھى شەھىداننى شاد ئەيلەگەي.
ئالىب گەۋھەرى غازىلىق ئىلكىگە،
مەگەر كىرگەلى شەھدا سۆلكىگە.
بولۇبان سەۋارە بۇ ئىخلاس ئىلە،
راۋان بولدىلار بىرنەچچە خاس ئىلە.
چىقىب قەلئەدىن ئېردى سايغا يېتىب،
ئۇلۇغ يول ئىلە بارۇر ئېردى كېتىب.
مەئزەم خان يېتىشتى ئەمىر سوڭىدىن،
ئەھمەدخان خوجام هەم كېلىب ئوڭىدىن.
ئەمىر توختادىلار بۆلار كەلگۈچە،
بۆلارنىڭ خىيالى ئېرۇر ئۆزگەچە.
مەئزەمخان، ئەھمەدخان ئىكەۋ يانداشىب،
كېلۇر بىر - بىرىگە نىھان سۆزلەشىب.
ئەھمەد خەزانەچىنىڭ خۇنىن كۆزلەشىب،
خۇنىن كۆزلەشىب، فىتنە هەددىدىن ئاشىب.
ئەمىر فەھم قىلماي بۆلارنىڭ سۆزىن،
تىكىب تۇردى ئانلارغا ئىككى كۆزىن.
مەئزەم خان ئەھمەدخانغا باقتى بۆدەم،
ئەھمەدخان قولىغا بېرىب بىر ئەلەم.
شەھەر سارى ئەھمەد خاننى ياندۇردى تېز،
بۇ ئىشدىن خالايىق بولۇب رەستە خىز.
بۇ ئىشدىن خالايىققا تۇشتى گۇمان،
دېيىشتى بىرەۋنى قىلۇرلار يامان.
بۇ ئىشلار خالايىققا ناخۇش كېلىب،
بىرەۋنى هالاك ئەيلەگەي دەب بىلىب.
راۋان بولدى يولغا بولۇب بىدىماغ،
ئەمىرنىڭ دىلىغا بۇ ئىش بولدى داغ.
كېلىب تۇشتىلەر بارگاھقا ئەمىر،
بولۇب بىدىماغ ئۇشبۇ ساھىب سەرىر.
ئەمىرگە سىپاھلار كۆرۈندى كېلىب،
سىپاھلارغا شاھ مېھرىبانلىق قىلىب.
قىلىب جەۋدى - ئېھسان بۆلارغا ئەمىر،
تەرەھھۇم قىلىب رەئىيەلەرگە ئەمىر.
رەئايا غەمىنى كى قىلدى رەھا،
كى تارقاشتى ئەيلەب ئەمىرگە دۇئا.
ئەمىر قويدىلار خابى راھەتكە باش،
قارا ئەڭلىنى كىيگەن ئېردى قۇياش.

ئەھمەدخان خوجا هەسەد ئاتەشىن ئەھمەد خەزانەچى بەگنىڭ خىرمەنى ۋۇجۇدىغا ياققانى، ئەھمەد خەزانەچى بەگ فەرزەند - دىلبەندىنى هەمراھ ئالىب يانا شەھرىدىن باقا ئىقلىمىغا سەفەر قىلغانى ۋە زەن - فەرزەندلەرى رىزا جامىغا ھىجران چەشمەسىدىن سۇ تولدۇرۇب بەگ بىرلە فەرزەندىنى

سىراپ قىلغانى.

ئىلە قەلئەسىنىڭ سۇخەنئۇەرلەرى،
سۇخەنئۇەر نەدۇر نۇكتە فەرۇەرلەرى.
بۇ دۇركىم قىلىشقان رەۋايەتلەرى،
مەجالىسدە قىلغان ھېكايەتلەرى.
بۇ نازىم يۇرۇپ سۆز دۇررىنى تىزىپ،
كى ئالدى ئوشۇلدەم ۋۇمرەققە سىزىپ.
ئېشىتتىكى ئەھمەد خەزانەچى بەگ،
ئەجەل راھى ئۆزرە راۋانەچى بەگ.
ئەھمەدخان خوجامنى يانىپ كەلدى دەپ،
كى يالغان خەبەرگە يېتىپ كەلدى دەپ.
خوجا ئالدىغا چىقتى بەگ قېشباز،
بولۇپ قەتلەسىگە ئۆزى چارە ساز.
كۆرۈشتى خوجا بىرلە، سوردى خەبەر،
«نەدىن كەلدىلەر مۇندا، ئەي شىرى نەر».
كى لىنكوغا دۇشمەن كېلىبدۇر، دېدى،
خالايىق يۇرەكىن يارىبدۇر، دېدى.
تۇتۇب بەردى بۇ بەگكە بىر فارچە خەت،
ئوقۇپ كۆرسە بۇ خەت تامامى غەلەت.
دېدى بەگ: «بۇ خەت بارچە يالغان ئېرۇر،
ئەدۇۋ خەيلى تورغۇتدا قالغان ئېرۇر.
بۇ خەت كەلگەنىن ياخشى تەھقىق قىلىڭ،
كى تەھقىق قىلىپ بەئد، ئاندىن بارىڭ».
دېدى خوجا: «ئەي بەگ مېنى توساغىل،
ھېلى تىغ ئۇرارمەن بولۇرسەن زەلىل».
دېدى بەگ: «بۇ قىلغان نېچۇك سۆز ئېرۇر،
كى دۇشمەن ئەمەسمەن دىلىم تۇز ئېرۇر.
بۇ قىلغان سۆزۇم سىزگەدۇر سۇدمەند،
نەدىن سىز مېنى ئەيلەگەيسىز گەزەند».
خوجا دەرغەزەپ بولدى تېز ئالدى تىغ،
بۇ بەگ باشىغا سالدى تىغ بى دەرىغ.
يىقىلدى بۇ بەگ يەرگە «ئاللاھ» دېدى،
ئاتا ھالىن ئوغلى كۆرۈپ يىغلادى.
كى ئو باشلار ئاندا ھەمراھ ئىدى،
سۇرۇپ ئىككى فەرزەندىنى قوغلادى.
ھالاك قىلدى بەگنىڭ باشىنى كېسىپ،
يارىپ قارنىنى ئاندا نەچچەند رەقىپ.
كى ئو باش بىباش دېدى تۇت - تۇت،
قاسىم بەگنى تۇتقازدى فەزلى ۋۇدۇد.
ئاخۇن بەگنى تۇتتى ھۇسەيىن باقشى تېز،
شەھىد ئەيلەدى ئاتا يانىدا تېز.
شەھىد قىلدى ئەئداڭ بۇ بەگزادەنى،
يۇزى گۇل سۇفەت سەرۋە ئازادەنى.
قارايۇز فەلەكدىن ۋافا ئىزدىمە،
ۋافا ئىزدىسەڭ ھەم باقا ئىزدىمە.
نېچۇك زۇلۇم قىلدى بۇ بەگزادەگە،

يۇزى گۇل، قەددى سەرۋە ئازادەگە.
لەبى غۇنچەسى ئۆزرە خەت تارتماغان،
بۇ دۇن لەززەتىنى دەمى تارتماغان.
كى بىباكلار ئاندا قىلدى ھالاك،
كۆرۈڭ گۇل تەنى ياتتى دەر زىرى خاك.
بۇ نەۋئى ۋاقىئات ئاڭلاپان خاس - ئام،
بولۇپ بىدىماغ بارچە دەر ئىزدەھام.
دېدى: بۇ نېچۇك زۇلمى بىداد ئېرۇر،
شەرىئەت خىلافىدا بۇنياد ئېرۇر.
بولۇپ بارچە دەمبەستە بىھەد مەلۇل،
ئانا قىزغا باقماي، ئاتاغا ئوغۇل.
كى ھاشا ئاغاچە بولۇپ دەردناك،
ساچىن يۇلۇپ سىنەسىن قىلدى چاك.
دېدى ھاشاخان: «ئاھ دوست، ئاھ دوست،
فەلەك بىزگە زۇلۇم ئەتتى چالاك جۇست.
كېتىپ سىزكى چالاك ماڭا باقمايىن،
بۇ غۇنچە لەبىمگە لەبىڭ ياقمايىن.
قايۇ زالىمى زۇلۇم قىلدى ساڭا،
نەدۇركىم ساڭا بەلكى قىلمىش ماڭا».
قىلىپ سەختى گىريە ساچىنى يۇلۇپ،
ياقا چاك ئېتىپ يۇز - كۆزىنى ئويۇپ.
بۇ بەگنىڭ قىزى ئاتى ئۆزرا ئېدى،
كى ھۆسنى ئارا تۇرفە رەئنا ئېدى.
يۇرەكىگە تەگدى بۇ دەردلىك شەرار،
ئۆزىن يەرگە چالىپ بولۇپ بىقارار.
ئۆزىن ئەرزىنى تەڭرىگە داد ئېتىپ،
دېدى ئۇشبۇ سۆزلەرنى فەرياد ئېتىپ.
«ئايا كارگەردە خىرەدلىك ئاتام،
فەقىر ناتەۋانغا مەدەدلىك ئاتام.
ساڭا زۇلۇم قىلمىش گۇناھىڭ نەدۇر،
گۇناھ قويمايىن ئەيلەمىش مۇنچە جەۋر.
ئىنىمنى ئۆزۈڭگە كۆكەلداش ئېتىپ،
تۆكۈلگەن قېنىڭ قاننى يولداش ئېتىپ.
بالاڭنى ئۆزۈڭگە قىلىپ رەھنەما،
خۇداغا قىلىپ سەن جانىڭنى فىدا».
بولۇپ بىقارار يىغلادى زار - زار،
ئېشىتتى مۇنى ئول ئەمىر تاجدار.
بولۇپ سوگۋار تۇتتى قاتتىق ئازا،
دېدى: «مۇنى قىلدى قايۇ ناسەزا.
كى دۇشمەن ھەر ئەترافىمىزدا تۇرۇپ،
تۇگەتۇر ئىكەن بىر - بىرىن ئۆلتۇرۇپ.
كى مۇئمىن مۇسۇلمان قانىنى تۆكەر،
كى شەك يوق بۇ يۇرت ئىلكىمىزدىن كېتەر».
مۇنى دېدى شاھ يىغلادى زار - زار،
مۇھىبلار دىلىغا ياقىلدى بۇ نار.
خوجانى تۇتاي دېسە ئەۋباشى كۆپ،

ھەممە بىمائاش ئام قەللاشى كۆپ.
كېلىپ تۇشتى تېز ئورداسىغا ئەمىر،
ئەمىر نە ئېرۇر شاھ ساھىب سەرىر.
ئاغاچە ئەمىرنىڭ ئاياغىن قۇچۇپ،
قىلىپ گىريە - زار يەرگە باشىن ئۇرۇپ.
كى ئەرز ئەتتى يىغلاپ ئاتا ھالىنى،
قېرىنداشىنىڭ بولغان ئەھۋالىنى.
دېدى: «سەبىر قىل، خوجانى مەن تۇتاي،
ئاتاڭنىڭ قانىنى ئانىڭدىن ئالاي» .
ئەھمەدخانغا يەتتى ئەمىرنىڭ سۆزى،
كى جان ۋەھمىدىن چىقتى ئىككى كۆزى.
ئەھمەدخان تومۇرىدا قالمايكى قان،
مەئزەم خان جانابىغا بولدى راۋان.
كىرىپ ئىچكەرىگە دۇئا ئەيلەدى،
باشىنى سالىپ ئاھ - ۋاھ ئەيلەدى.
مەئزەم خان دېدى: «ئەي يۈرەكلىك خوجام،
باشىمغا قىلىنچى بىلەكلىك خوجام.
نېچۈكدىن كېلىبدۇر ساڭا مۇنچە دەرد،
نە بولدى چىرايىڭ، نەدىن بولدى زەرد» .

دېدىكىم: «ئەمىر بىزنى ئۆلتۈرگۈدەك،
خەزىنىنىڭ ئوتى بىرلە كۆيدۈرگۈدەك» .
ئېشىتىپ بۇ سۆزنى بۇ ھەم بولدى زار،
بۇ كەڭرۇ جاھان بولدى كۆزىگە تار.
كۆرۈڭ قۇدرەتى ئالىي يەزدان پاك،
بىرى بىرىسىنى ئەمدى قىلغاي ھالاك.
دېدىكىم: «ئەمىرنى ھالاك ئەيلەسەڭ،
ئىسھاق بەگنى ھەم دەردناك ئەيلەسەڭ.
بۇلارنىڭ ھالاكىغا پەند ئەيلەبان،
قازى ناسىر ئاخۇننى بەند ئەيلەبان.
بۇ ئۈچىنى يوق ئەتسەك خەلەف قالماغاي،
كى بىزلەرگە ھېچ خۇن تەلەب قىلماغاي.
بۇ ئىشنى قىلۇرمىز زامان بەرسە دەست» .
دېدى مەسلىھەتلەر قىلىپ بولدى پەست.
دېدى: «ئەيلەسەك ئۇشبۇلارنى شىكەست،
ئىلە شاھلىغى بىزگە بەرگەيكى دەست» .
ئۇلۇغلار دىلىدا بۇزۇلدى نىيەت،
كى ئارى بۇزۇق دىلدا يوق خاسىيەت.

ئەي بۇرادەرلەر بۇ ۋاقىئاتلارنى ئېشىتىپ دېمەڭلەركى خاتا قىلىبدۇر، بەلكى دېگەيسىزلەركى ئىرادە ئىزنىنىڭ تەقازىزاسىدۇركى، جۇملە مەلىك - مەلەكۇت ئاللاھ تائالانىڭ ئالەمىدۇر، نە قىلسا ئۆزى بىلۇر، ھەر نەۋئى ئىش ۋەقوئىغا كەلسە، ئانى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادەسى بىلمەك بەندەگە لازىمدۇر.

ئەلقىسسە بارچە ئام - خاس خورە كالان جەم بولۇپ، مەسلىھەت قىلىشىپ ئەيدىلەركىم، بۇ يەرگە كافىرلارنىڭ ئاتقان تۇفەك، زەنبۇرەك ۋە توپەن فولارنىڭ ئوقى يېتىپ تۇرادۇرغان يەر ئىكەن. كافىرلارنىڭ ئاتقان ئوقىدا نەچچە ئات - ئۇلاغ ھالاك بولدى. بۇ يەردىن يۆتكەلىپ، مازار فەيىز ئالاتارنىڭ جەنۇب تەرەفىگە بارگاھ تىكىپ، ئاندىن جىھاد قىلساق دەپ بارچە لەشكەرى ئىسلام مەزكۇر جايغا بارگاھ بەرپا قىلدىلار. ھەر كۈنى شەھەر لەشكەرىنىڭ پۇردىللارى بىرلە سەھرانىڭ دىلاۋەرلەرى ۋە ئەھلى تۇججار شىرگىرلەرى ۋە تۇنگانىلارنىڭ دەلىرلەرى قەلئەئى كۇففارغا يۈگۈرۈر ئېردى ۋە سېفىلنى بۇزغالى قەسد قىلۇر ئېردىلەر. لەشكەرى كۇففارلار ھەم سېفىل ئۈزەسىدىن دارۇ بىرلە ئوت تاشلاپ، قىزىغ ياغلارنى ساچىپ ۋە تاش - خىشتلار ئاتىپ، دىلاۋەرلەرنى ياندۇرۇر ئېردى. نەچچەند كۈنلەر شۇبۇ تەرىقەدە جەڭ ۋە جەدەللەر قىلىشتىلار. بىر تەرەفتىن تۇنگانى ئاخۇنلارنىڭ ئۇلۇغلارى خەنجە ئاخۇن، ياگۇر، جۇسىن، مۇسا ئاخۇن، ئاشۇر، ئىسمائىل ئاخۇنلار سىتۇزا، لۇبار، گەنەز تازلاردەك يۈرەكلىك دەلىرلەرنى باشلاپ سېفىلغا يۈگۈرۈر ئېردى. يەنە بىر تەرەفدىن ساۋداگەرلەردىن قوقەند، تاشكەند، نەمەنگەن، مەرغىنانلاردىن كەلگەن پۇردىللارغا يۇسۇف شاڭيۇ، مىرقاسىم، مىر ئابدۇللا، مۇھەممەد شەرىفلەر باش بولۇپ، سېفىلغا ۋە دەرۋازەگە يۈگۈرۈر ئېردى. يەنە بىر تەرەفدىن ئاقسۇ، بەربەر، خوتەن، ياركەند، كاشقەرىلەرگە فولادباي، ۋەلى خوجا، باھاۋىددىن فانسادلار باش بولۇپ، دەرۋازەگە يۈگۈرۈر ئېردى. چارە ۋە ئىلاج بولماس ئېردى. بۇ جەڭ ئۇزاقغا تارتتى. قەلئەئى كۇففار فەتھ بولمادى. مۇسۇلمانلار بۇ ئەندىشەدىن كېچەلەرى ئۇيۇماي، «ئاللاھ - ئاللاھ» دەپ زارلىقلار قىلۇر ئېردى ۋە مەزكۇر مازاردا نەچچەند تالىبلار قەسىدە بۇررىدە شارىف ۋە قەسىدە مەيمۇنە مۇبارەك ۋە ئايات فەتھ ۋە نۇسرەتكە مەشغۇل بولدى ۋە ھەزرەت مەۋلانەئى شەيخ يۇسۇف سەككاكى رەھمەتۇللا ئەلەيھادا نەچچەند تالىبلار كالامى رەببانى ۋە ۋىرد - ئەۋرادقا مەشغۇل بولدى ۋە ھەزرەت سۇلتان ئۆۋەيس قىرانىدا قۇددۇس ئاللاسىرەل ئەزىزىدە نۇرمۇھەممەد ئىمام ۋە تاھىر ئاخۇن ۋە ئەكا شەھ شەيخ ۋە ساھىب تەكبىر ئاخۇن ۋە ئاخۇن شەيخلەر دالائىل خەيرات بىرلە قەسىدە شەرىفكە مەشغۇل بولدىلار. بۇلار بۇ يەردە تەلەبدە تۇرسۇن.

قورغاسداكى ھەزرەت شەيخ مۇھەممەد سادىق بۇززۇكۋار بىرلە ھەزرەت تۇغلۇق تۆمۈرخان رەھمەتۇللائەلەيھانىڭ شەيخ-جارۇبلارىنىڭ ۋاقىئاتلارىنىڭ بايانىدا.

قاچانكىم ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ تۇنگانىلار بىرلە غۇلجا شەھرىدە خۇرۇج قىلدى. بۇ ۋاقىئە قورغاسقا ئاڭلاندى. ئالماتۇ سۇمۇن، كىرسۇمۇن، جەجى، چىزغان سامۇل، تورگۇن دېگەن كەنتلەردەكى كافىرلار قوزغالىپ، ئالماتۇسۇمۇنغا جەم بولدى. قورغاسداكى مۇسۇلمانلار بىسيار پۇردىل خەلق ئېردى. بىر كۈنى سولانلارنىڭ ئۇلۇغلارى ئەسكەرلەرى بىرلە كەلدى ۋە ئەيدى: «ئەي شەيخلەر، بىزلەرگە جاڭجۇندىن خەت كەلدى، ئىلە شەھرى بۇزۇلدى، ئىككى مازارنىڭ خەلقىنى ھېچ قايان قاچۇرماي ھالاك قىلىڭلار، دەپ ئەمدى سىزلەرنى ھالاك قىلساق، ئۇشاق - ئاياللارىڭغا ۋەبال بولادۇر. ئەمدى سىزلەر ھېچ يەرگە بارماي، غەلبە

قىلماي تىنچ تۇرۇڭلار» دېدى. بۇلار خوش بولدى. لەشكەرى كۇففار ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ يانىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارغا ئەندىشە تۈشتى. بەزەسى ئېيدى: «كېچەدە قاچىپ كېتەيلى» دېدى، بەزەسى ئېيدىكىم: «بىزلەرنى ھېچنىمە قىلماس، چاراكى بىزلەر كۇففارغا ھېچنىمە قىلمادۇق» دېدى. ئۇشبۇ گۇفتگو بىرلە تاڭ ئاتتى، مۇسۇلمانلار ناماز بامدادنى جەم بولۇپ ئادا قىلدى. بەئداز بامداد كۆرەلەركىم لەشكەرى كۇففار ئەلەملەرنى ئالىپ فوج - فوج چىقىپ كەلدى. ئىككى بۇزرۇكۋارنىڭ ئەتراپىنى قورشاب ئالدى. ئۇل كۈنى تىنچ ياتتى. مۇسۇلمانلار جانلارىدىن ئۈمىد ئۈزدى، بىر - بىرى بىرلە بەھىللىق ئالىشتى. ئاڭغاچە كافىرلار مۇسۇلمانلار تەرەفىگە تىر - ئوقىنى ياغدۇردى. مۇسۇلمانلار ھەم مىلتىق ئاتىپ ۋە بەئزەلەرى يا ئوقى بىرلە كۆب سولانىنى ھالاك قىلدى. ئۇل كۈنى قاتتىق جەڭ ۋاقىئ بولدى. ئاخىر كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەف جەڭدىن قول يىغدى.

ئىسرائىل شەيخ يۈرەدىل باھادىر ئېردى، مۇسۇلمانلارغا مەسلەھەت سالدى ۋە ئېيدى: «نېچۈك قىلماق كېرەك، بىزلەر ئاز، كافىرلار كۆپدۇر، مۇنىڭ تەدبىرى نېمەدۇر» دېدى. مۇھەممەد نەزەر ئىمام، بۇرھاندىدىن شەيخ، فەرھاد سوفى، قاۋاش شەيخ، خوجا ئابدۇرەھىم، ھەسەن ئاخۇن، مۇراد، بارات، مەۋلام ئەلى، تاجىدىن، ئابدۇساتتار ئاقساقال، باھائىددىنلار ئېيدى: «بۇ كېچە تاغ باغرى بىلە غۇلجا شەھرىگە قاچالى. مۇبادا ئارقامىزدىن كافىرلار قوغلاب كەلسە جەڭ قىلالى، باشىمىزغا نېمە كەلسە ئانى كۆرەلى» دېدى. بۇ سۆز بارچەگە ماقۇل بولدى. ئامما ئاقىيول شەيخ موزدوز ئۇنامادى. ئېيدى: «مەن قاچمايمەن» دەب، بىرمۇنچە مۇسۇلمان بىرلە زەن - فەرزەندلەرىنى ئالىپ، ھەزرەت خانلىقنىڭ گۇنبەزلەرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بەند بولدى. قاچالى دېگەن مۇسۇلمانلار تاغ تەرەفىگە قاچتى. بىسيار مېھنەتلەر چېكىپ، ئاخىرى كۆرەدىكى تۇنگانلارغا قوشۇلۇپ ئامان بولدى.

تاڭلاسى كافىرلار كۆرسە شەيخلەر يوق بولۇبدۇر، ئېيدىكىم: «قايان بارغاندۇر». بىرەۋ خەبەر بەردىكىم: «بارچە شەيخلەر ھەزرەت خانلىق گۇنبەزىنىڭ ئىچىگە سولانىپ بەند بولۇبدۇر» دېدى. كافىرلار ئېيدى: «گۇنبەزگە ئوت قويۇڭلار» دېدى. خاھلادىكى ئوت قويغان گۇنبەز ئۈستىدىن ئاقىيول شەيخ ئوق ئېتىپ، ئۈل كافىرنى ھالاك قىلدى. ئۈچ كۈنگەچە كافىرلار گۇنبەزگە يېقىن بارالمادى. مۇسۇلمانلار كەر سەنەلىكدىن دەرمانى قالمادى. ئوق يا ئىلكىدىن يەرگە تۈشتى. باشىنى تىزىغا قويدى. زەن - فەرزەندلەرىنىڭ تاقىتى تاق بولدى. بارچەسى جانىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، قازائى خۇداۋەندىگە رازى بولدى. شۇل زامان كافىرلار كېلىپ گۇنبەزگە ئوت قويدى.

بىرەۋ قويدى گۇنبەز ئىشىكىگە ئوت،
ساما ئۈززە بولدى تۈتۈنلەر بۇلۇت.
يانىپ ئاتەشى مەرگ شەرارە ئۇرۇب،
شامال زورىدىن فارە - فارە ئولۇب.
يېتىشتى بۇ ئوت ئاسمان ئەۋجىگە،
تەنىدىن ئۆتۈب بەلكى جان ئەۋجىگە.
كەۋاكىب سۇفەت بولدى ئۇشقۇنلارى،
بولۇب چەشمەۋار ئاقتىلار خۇنلارى.
مەدەد بەردى بۇ ئوتقا قاتتىغ شامال،
يېتىشتى مەلەك تېز دېمەيىن ۋابال.
سامادىن مەلەك تۈشتى جان ئالغالى،
كى تەن مۈلكىگە شورىش سالغالى.
تامام ئوتدا ئۆرتەندى بولدى شەھىد،
قانى بىرلە جەننەتنى قىلدى خەرىد.
نە دەۋلەت، سائادەت، شارافەت ئېرۇر،
نەخۇش رۇتبە ئالىي شاھادەت ئېرۇر.
سولان خەيلى بارى ھۇجۇملار قىلىب،
يانىب كەتتى ئەمۋالنى غارەت قىلىب.
ئېشىتكەن مۇھىبلار تۇتۇشتى ئازا،
قىلىب روھىغا خەتمە قۇرئان ئادا.
بۇ ياندىن قاچىب چۇن ئىسرائىل دەلىر،
كى بىرگە ئىدى نەچچە تۈن دىل پەزىر.
شەھەر لەشكەرىگە قوشۇلدى كېلىب،
كېلىب تېز ئەمىرگە كۆرۈندى كىرىب.
ئەمىر ئېيدى: «ئەي شەيخ ھالىڭ نەدۇر،
ماڭا سۆزلەگىل قىلۇ قالىڭ نەدۇر».
بۇ شەيخ ئابى چەشمىن راۋان ئەيلەدى،
تامام ۋاقىئەنى بايان ئەيلەدى.
ئەمىر ئېيدى ھەيف شەيخ ئاقىيولغا كۆب،
كى قان ياشىنى كۆزلەرىدىن تۆكۈب.
ئەمىر ئۇشبۇ شەيخكە ئىنايەت قىلىب،
يەنە ئۆزگەلەرگە رەفايەت قىلىب.
كى مەھزۇن كۆڭۈللەرنى شاد ئەيلەدى،
باھادىر لەقەب بىرلە ياد ئەيلەدى.

ئەلقىسسە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ، قازى نەسرىددىن ئاخۇن ۋە مەئزەم خان ۋە يەنە ئۆزگە سىپاھلار مەسلەھەت قىلىشىپ ئېيدىلەر كىم، ئەمدى ھەر بىر سەردارغا بىر مەنسەب تەئىن قىلساق، ھۆكۈمەت ئىشى ياخشى بولغۇسىدۇر ۋە شەرىئەت بېيزانى جارى قىلساق، ئىسلامدا زىينەت قىلماقتا بىھراق ۋە خوبراق بولۇر، دېدىلەر. بارچەسىگە بۇ سۆز ماقۇل بولدى. قازى نەسرىددىن ئاخۇننى قازى كالان ئاتادىلەر. مەئزەم خاننى سۇلتان كۆتەردى. ئابدۇرەسۇل ھاكىم بەگكە ئەمىرلىك مەنسەب بولدى. موللا شەۋكەت ئاخۇننى قازى ئەسكەر ئاتادىلەر. موللا روزى ئاخۇننى مۇفتى قىلدى. ھەر بىر سەردارغا بىر مەنسەب تەئىن قىلدى. شۇل مەھەل ئېردىكى «ئەلچى كەلدى» دەب خەبەر بولدى.

نەزم

كۆنى ئېردى سۇلتان نۇسرەت ئەسەر،
خىتاي ئەلچىسىدىن كى تاپتى خەبەر.
ئەمىرى زامان بىرلە قازى كالان،
ئېشىتتى كېلۇر ئەلچىنى بىگۇمان.
خىتاي ئەلچىسى چۈن ئىدى تۆرت كىشى،
بۇ تۆرتىنىڭ كى دوچىيى ئېردى باشى.
كى تۇشتى كېلىب بارگاھ خانىغا،
كۆرۈندى ئەمىر بىرلە سۇلتانىغا،
تۇتۇب بەردى شاھلارغا بىر نامەنى،
كى نامە ئارا تۇرفە ھەنگامەنى.
كى خەتنى تونىدىن قىلىبان جۇدا،
مۇتالىئە قىلىب كۆردى دۇ پادىشاھ.
بۇ نامەدە دەبدۇركى جاڭجۇن لەئىن،
«ئايا ئىككى شاھزادە رۇيى زەمىن.
كى شاھلارغا بىزدىن تۇمەن بەندەلىك،
تۇمەن بەندەلىك ھەم سەرئەفكەندەلىك».
كى ئاندىن پىتىبدۇركى، «ئەي نېك راي،
كى سۇلھ قىلىشىاق باراي خۇداي.
كى تۇنگانىلارنى بېرىڭ بىزلەرگە،
بېغىشلاي تامام خويزەنى سىزلەرگە.
ئېشىتسە سۆزۈم شاھ ساھىب ۋۇسۇل،
كى ئالمايلى ئۇچ يىلغەچە ھېچ ھوسۇل.
كى ئالغان كۇمۇشلەرنى ھەم ياندۇراي،
جانىمنى ئالايىن سېتىب مەن گاداي.
ئايا نېك زات، شەھسۇۋارى ھەلەب،
ماڭا قىلماغايسىز بۇ قىسمى غەزەب.
بۇ لەشكەرنى، سىز ئارقاغا ياندۇرۇڭ،
لەئىل - جۇڭسى بېرىپ قىلاي سىزنى گۇڭ.

تولا قورقادۇر ئۆيدە فەرزەندلەرىم،
ماڭا يىغلاشۇرلار ئوغۇل - قىزلارىم.
تولا لەشكەرىم ئۆلدىلەر قورقۇشۇب،
كى ئەفيۇن سۇيىنى دوغابەدەك ئىچىب.
دۇ يۇ فۇئاد يانىنى سىزلەر ئالىڭ،
كى بىز خەستەگە بۇ تەرەفنى بېرىڭ.
ئەگەر بولماسا بىز بېرەلىن ھوسۇل،
كى ھەرمۇكمى قىلسا قىلۇرمەن قوبۇل.
قىلىب مەن بۇ مەزمۇندا نامە تامام،
ئىككى شاھقا مىڭ ئالەددى ۋەسسالام».
كى ئوردا ئارا ھازىر ئېردى دەبىر،
دەبىركى ئېردى ئەتارۇد نەزىر.
دەبىرگە بۇيرۇب جاۋاب نامە تېز،
جاۋاب نامەدە دېدى: «ئەي بىتەمىز.
بايان ئەيلەمىش سەن كى سۇلھى ماڭا،
كۆرۈب تۇر نەلەر كۆرگۈزەرمەن ساڭا.
كېرەكمەس ماڭا يىغلاغان كۆز ياشىڭ،
كېسىب ئۆز قولۇڭدا ئىبەرگىل باشىڭ.
مۆئمىنلەر بار ئېرمىش كى شەھرىڭ ئارا،
ئۇلارنى چىقارىب ئىبەرگىل ماڭا.
ئەدەدى ئېرۇر ئىككى يۈزدىن تولا،
ئىبەرگىل ئۇلارنى ئايا رويى سىياھ.
كى ئاندىن بۇ ئىسلامنى قىلغىل قوبۇل،
تېخى گەردەنىڭگە كۆتەرگىل ھوسۇل.
تېخى بىزنى سۇلتان دىندار بىل،
كى ئالدىمدا خىزمەتنى ئىزھار قىل».
جاۋابنامەنى ئەلچىلەر قولىغا،
بېرىبان چىقاردى تېپىب قوڭغا.

خىتاي ئەلچىلەرى لەشكەرى ئىسلامنىڭ تەئرىفىدە نۇكتە سۇرگەنى. جاڭجۇننىڭ يۇرەكىگە بۇ نۇكتەلەر تىكەن بولۇپ قادالغانى. ئەسىر بولغان ئىككى يۈز مۆئمىننى جاڭجۇن مۇسۇلمانلار شاھىغا ئىبەرگەننى نازىم (موللا بىلال ئىبنى موللا يۇسۇف) دەفتەرىگە يازغانى.

كى جاڭجۇن قاشىغا بارىب ئەلچىلەر،
بايان قىلدى لەشكەرنى بۇ يانچىلار.
دېدى: «خويزەلەر ئۈچ تۈمەندىن تولا،
كى تۇنگانىنىڭ ھەر بىرى ئەجدىھا.
مۇسۇلمانىغا تاب كەلمەگەي بولسا فىل،
كى ئاخىر قىلۇر بىزنى خارۇ زەلىل.
ئۇلارغا قىلىڭ يالبارىب ياخشىلىق،
كى يانماس خەزايىننى بەرسەڭ ئارىغ.
تامام كىشىسىنى ئىبەرگىل ئاڭا،
مەگەر بەرمەسەڭ جانىغا قىلغاي جافا.
ئانىڭ ئىككى يۈز كىشىسىنى ئىبەر،
بۇ خەلق بىر بالادۇر قىلىڭلار ھەزەر».

مۇنى ئاڭلادى بولدى جاڭجۇن غەمىن،
باشى ساڭگىلاب بولدى ئەندىشەكىن.
دېدىكىم: «ساناب كىشىسىنى چىقار»،
دوچىيىنى بۇيرۇبكى، «سەن بىرگە بار».
بۇ كافىركى چىقتى بۇلارنى ئالىب،
بۇ شاھلارغا تاپشۇردى تېز تۇن كېلىب.
قىلىب شادلىق شاھ ساھىب قىران،
قىلىب ئەلچىلەرنى كۆرەگە راۋان.
يېمەكدە بولۇب نەچچە كۈن بولدى تىنچ،
مىسالىكى كۇففار بولۇپ كەلەھمۇج.
ھەمىمە كۇفرى قەلئە ئارا بولدى بەند،
كى بولدى كەفەك كۇفرى خەيلىگە قەند.

ئىسلام قىلىچىنىڭ ھەيبەتىدىن قالماقلار يۈرەكى فارە بولۇپ، قالماقلار جان ۋەھىمىدىن چىلاڭ تەيىنىڭ خەبەرىنى ئەيتىپ مۇسۇلمانلار شاھىغا نامە ئىبەرگەنى. قالماقلار ئۆزىنىڭ ئامانىنى كۆزلەپ، چىلاڭ تەيىنى مۇندا لەشكەرى ئىسلامغا ئىبەرگەنى.

يېتىپ تىغى ئىسلام ھەر ئايماقىغا،
تۇشۇپ زىلزىلە خەيلى قالماقىغا.
كى چىلاڭ تەي دېگەن مۇغقا بارغان ئىدى،
قىلىپ خەۋف تورغۇتدا قالغان ئىدى.
بۇ كافىر ئىدى بارچەدىن ئەقلى تېز،
ئىدى كاردار، باخىرەد، باتەمىز.
بىلەلمەي مۇنىڭ قايدا قالغانىنى،
ئەمىر ئاڭلادى مۇغقا بارغانىنى.
ئەمىر دەر ئىدى: كەلسە مۇئمىن بولۇپ،
جىھاد قائىدەسىن بىلۇر ئېردى خوب.
ئانىڭ تېز ئەقلىگە تالىب ئىدى،
ئانى تافغالى كۆڭلى راغىب ئىدى.
قىلاي ئەبدى چىلاڭ تەي ھېكايەتىنى،
كى ئىسلامغا كەلگەن رەۋايەتىنى.
بىرەۋ يەتكۈزۈپ مۇغلارغا خەبەر،
دېدى: «ئىش ياماندۇر قىلىڭلار ھەزەر.
يافى بولدى تۇنگانى بىرلە قوتان،
لامالار ئۆلۈپ، مەن قۇتۇلدۇم ئاران.
لاماسۇندا ئۆلدى كۆرۈڭ سۇلاما،
لامانىڭ تامامىنى قىلدى تاباھ».
مۇنى ئاڭلادى چۇن لاما ـ زەڭگىلەر،
كى ھۇشيار بولدى تامام بەڭگىلەر.
قىلىپ مەسلەھەتلەر پىتىپ نامەنى،
ئىبەردى ئۇلۇغلارغا ھەنگامەنى.
دېدى نامەدە: «ئەي شاھى نەۋ جەۋان،
يافى بولدى دەپ ئاڭلادۇق بىگۇمان.
كى چىلاڭ تەي دېگەن بىزارا باردۇر،
كى جاڭجۇن لەئىنگە يۇلار ياردۇر.
ئەگەر بۇيرۇسا ياخشى ئاتلار بېرەي،
ۋەيا بۇ لەئىننى تۇتۇپ ئىبەرەي.
قوتان شاھىمىزغا مەنەم يار ئولاي،
كىتەدىنى يوقاتىپ كى دىلدار ئولاي».
بۇ مەزمۇندا نامە پىتىپ شاھلارغا،
ئىككى شاھزادە ئىككى مېھرىگە.
ئوقۇپ نامەنى شاھ ساھىب تەمىز،
دەبىرىگە بۇيرۇپ جاۋابنامە تېز.
دېدى نامەدە: «ئەي لاما ـ زەڭگىلەر،
ئىبەردىم ساڭا پەھلەۋان جەڭگىلەر.
مېنىڭ لەشكەرىم ساڭا بارغان زامان،
كى چىلاڭ تەيىنى بەرگىل قولىن باغلابان.
بېرىڭلار ئانى خەلقىمە تافشۇرۇپ،
ئالىپ كەلگۈسى باشلارىغا ئۇرۇپ».
بۇ مەزمۇندا نامەنى تەييار قىلىپ،
يۈرۈپ كەتتى بەگلەر قولىغا ئالىپ.
يولۇقۇپ بۇ بەگ نەچچە ئايماقىغا،
يېتىبان ناراتىنىڭ كى قالماقىغا.
تۇتۇپ بەردى زەڭگىگە بۇنامەنى،
باقىپ لاما ـ زەڭگى تامام خانانى.
كى چىلاڭ تەي مۆكۈپ ئېردى بىر دالداغا،
سالىپ بەردى باغلاپ بۇ بەگ ئالدىغا.
بۇ بەگ بۇ لەئىننى كى ھەمراھ قىلىپ،
يېتىپ كەلدىلەر يۈزچە ئاتنى ئالىپ.
بۇ چىلاڭ تەيىنى تۇنگانىغا تافشۇردى تېز،
كى بىر ئۆيگە چىلاڭ تەيىنى بەند ئەتتى تېز.

بەيدىشاڭنى فەتھى قىلغانى

بىر كۈنى ئۇلۇغلار جەم بولۇپ، بىر يەردە ھەر بابدىن سۆزلەپ ئولتۇرۇپ ئېردى. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگ باشىنى كۆتەردى، قازى نەسىردىدىن ئاخۇن بىرلە سۇلتان مەئزەم خانغا باقتى ۋە ئەيدىكىم، ئەي سەردارلار! ئەلھال لەشكەرى ئىسلام تۇنگانلار ئاخۇنلار بىرلە جەم بولۇپ ئۈچ تۈمەنچە لەشكەر باردۇر. مۇنچە نۇرغۇن لەشكەر بىر قەلئەئى كۇففارغا قاراپ تىنچ ياتقانى ئوبدان ئەمەسدۇر. چاراكى جىھادنىڭ قائىدەسى، ئەدەب ـ شارائىتلىرى باردۇر. جىھادنىڭ شەرتى بۇدۇركىم، ھېلى قەلئەئى كۇففارنىڭ تاشىغا كافىرلار چىقماس. ئەگەر ئون يىل ئۆتسە ھەم قەلئە تاشىغا چىقماسلار. ئىشنىڭ بىھراقى ۋە خوبراقى ئولدۇركى، بەيدىشاڭ دېگەن نەچچەند غولدۇر. بىرىنى گاڭگۇلى دەرلەر، ئىككىنچى غولنى بەيياڭگۇ ئاتارلار، ئۈچىنچى غولنى شوفاڭگۇ ئاتارلار، تۆرتىنچى غولنى شاڭفاڭگۇ ئاتارلار. ئۇلارنىڭ ئۈستىدەكى تاغنى باياباني ئاتارلار. بۇ تۆرت غولنىڭ ئىچىدە چەندان كافىرلار باردۇركى، زەن ـ فەرزەندلەرى بىرلە يۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلۇرلار. ئانداغلۇك ـ ئەملاك، مال ـ مەناللارى كۆپدۇر. بىرمۇنچە پۇردىل يىگىتلەرنى بىرمۇنچە لەشكەرلەر بىرلە ئوشۇل كافىرلارنىڭ ئۈزەسىگە ئىبەرسەك، كافىرلارنى ھالاك قىلىپ زەن ـ فەرزەندلەرىنى يەسىر قىلىپ، مال ـ ئەمۋاللارىنى غارەت قىلىپ كەلسەلەر، ئەلبەتتە لەشكەرى كۇففارنىڭ ئۈزەسىگە ئىسلام ھەيبەتى ئولتۇرۇپ، ۋەھشەتى ئارتۇق بولغۇسىدۇر. يىراق ـ يېقىنداكى كافىرلار ئېشىتسە، كۆڭۈللەرىگە ئىسلام ھەيبەتى ئولتۇرۇپ، بۇ قورقۇنچ بىرلە ئىسلامنى قوبۇل قىلسا ئەجەب ئەمەسدۇر، دېدى. ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ بۇ سۆزى بارچە ئۇلۇغلارغا خۇش كەلدى. بارچەلەرى ئەمىرنىڭ فەھىم ـ ئىدراكىغا تەھسىن ۋە ئافەرىن قىلدىلار. تېز ئەزىز پەھلەۋاننى، ئەمىرشاھ ياساۋۇلنى، قاۋاش پەھلەۋان، قاسىم ۋە ئاخۇن ۋە ئىسلام ۋە موللا ئاشۇر بۇلارنى بىرمۇنچە لەشكەر بىرلە ئول تەرەفكە يۈرۈتتى. بۇ پۇردىللار لەشكەرى ئىسلامنى باشلاپ

مەزكۇر قوللار تەرەپكە تۇغ - ئەلەملەر ئالىپ راۋان بولدى.

نەزم

بۇلار ئىككى - ئۈچ يۈز چېرىكنى ئالىپ،
راۋان بولدى تاغ سارىغا يۈزلەنىپ.
بەيدىشالىق دىيارىغا باردى يېتىپ،
كۆرۈپ كۇفرىلار قالدى باشى قاتىپ.
ئېشىتكەن ئىدى كۇفرىلار بۇ خەبەر،
يىغىلمىشكى بىر يەرگە ئەيلەپ ھەزەر.
دەلىرلەر بارىپ قىلدى جوش خۇرۇش،
شائىفائىگۇ دېگەن يەردە قىلدى سوقۇش.
خىتايلارمۇ ھەم تاپمايىن ھېچ ئىلاج،
ئاتار ئېردى ئىسلامىلار سارى تاش.
كى ئىسلامىلار قويدى ئۆيلەرگە ئوت،
تۇتۇنلەر فەلەك ئۆزرە بولدى بۇلۇت.
سۇرۇپ كۇفرىنى، كۇفرى ئىسلامنى،
تۇتۇپ بىر-بىرىگە ئەجەل جامىنى.
سالىھ خوجانىڭ ئوغلى ئايۇپ ئەزىز،
ئاتىپ مىلتىغىن كۇفرى سارى تېز.
سۇرۇپ بىر تەرەفدىن قاۋاش نەۋ جەۋان،
كى ئاخۇن سۇرۇپ كۇفرىنى تاغ سىيان.
دەلىرلەر ئالىپ ئىلكىگە تىغ تېز،
ئەدۇۋ قانىنى ئەيلەشىپ يەرگە رىز.
كى ياغدۇردىمۇ تىر مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۇشتى بولغاي نەيستانغا ئوت.
قىرىلدى بۇ يەردە چۇنان كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بى سەران.
كى ئىسلام چېرىكى بولۇپ دەرغەزەپ،
سىنانۇ قىلىچ بىرلە بەردى ئەدەپ.
ئەگەر ئۇچراسا دۇختەرى نازەنىن،
ئانى ئاسرادى يەرگە تۆكمەي قانىن.
كى فەرزەند - زەننى قىلىبان ئەسىر،
كى نازۇك بەدەنلەرنى قىلدى يەسىر.
ئالىپ ئولجا كۆپ قويۇ، ئاتۇ، كالا،
راۋان بولدىلار تەرەفى ئاقتوفا.
دەلىرلەر كېلىپ شاھقا قىلدى بايان؛
تامام سەرگۈزەشتەنى قىلدى ئايان.
بۇ نۇسرەتكە خۇشۋاقىت بولۇپ ئىككى شاھ،
بۇلارغا زەرى - سىمنى قىلدى ئاتا.
بۇلارنى قىلىپ بەلكى سەندەل نەشىن،
كى شاھلار قىلىپ ئۆزىگە ھەمنەشىن.
بۇ جەڭنى ئېشىتىپكى قالماق - چاخار،
بويۇن سۇندى ئىسلامغا بولدى چاكار.
چاكارلار كىم خىزمەتنى قىلدى قوبۇل،
تېخى گەردەنىگە كۆتۈردى ھوسۇل.

قازى نەسرىددىن ئاخۇن، سۇلتان مەئزەم خان ۋە ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگلەر ۋە يەنە ئۆزگە سەردارلار ئۈرۈمچى، ماناسقا خوجام نىياز يۈز بېگىلەرنى خۇش خەبەرگە ئىبەرگەنى.

سۇخەن نەقلى سۆز سارى قىلدى ئەزم،
ساھايىق شەبىستانىدا قىلدى بەزم.
بۇ سۆز ۋادەسىگە سۇرۇپ رەخشىنى،
قەلەم كامى بىرلە چېكىپ نەقشىنى.
كى بۇ نەقشدىن بولدى قەيدا چىمەن،
چىمەندە ئاچىلدى تۈمەن ياسىمەن.
زەبان بۇلبۇلى ئاندا چەكتى ناۋا،
ناۋاسىدا قىلدى بۇ قىسمى سادا.
كى سۇلتان ئەمىر بىرلە قازى كالان،
قىلىپ مەسلەھەت بارچە بەگ بىگۇمان.
دېدىلەر: «ئىبەرسەك ماناسقا بىرەۋ،
ئانىڭ بىرلە بارسا كى نەچچەند گۇرۇھ.
كى ئون پەھلەۋان بىرلە ئون نەيزەلىك،
كى تۇنگان يىگىرىم تامامى قىرىق.
خوجام نىياز يۈز بېگىنى سەردار ئېتىپ،
قارا بىرلە رەززاقنى بىرگە قاتىپ.
ماناس بىرلە بارسا ئۈرۈمچى ئارا،
كى لاۋتەيىي ئاندا ئېمىش پادىشا.
كى بىزلەر ئىبەرگەن چۇ بۇ نامەنى،
تۇتۇپ بەرسە لاۋتەيىيگە ھەنگامەنى.
ئىنايەت قىلىپ بەرسە مىڭچە كىشى،
زەبۇن بولغاي ئېردى بۇ كافىر ئىشى».
مۇنى دېدى چىرلاتتى يۈز باشنى،
كى ئىلتاق ئېتىپ شاھ ئاڭا ئاشنى.
قىرىق ئەرگە سەردار ئېتىپ ئول زامان،
ئۈرۈمچىگە قىلدى بۇلارنى راۋان.
كى مەنزىل - مەراھىللەرىن تەي ئېتىپ،
ئۈرۈمچىگە تۇشتىكى تېز تۇن يېتىپ.
كىرىپ شاھ لاۋتەيىيگە بەردى سالام،
تۇتۇپ نامەنى بەردى قىلدى كەلام.
كى لاۋتەيىي دېدى: «نەچچە ئاي مۇندا تۇر،
ھېلى لەشكەرىم بارچەسى بى ھوزۇر.
كى سانجى دېگەن قەلئەنى ئالغۇچە،
جىھاد ئەيلەگىز بىز بىلە بىر نەچچە».
مۇنى ئاڭلادى بارچەدىن كەتتى جوش،
قىلىپ خەۋفدىن غەم شارابىنى نوش.

بارىب سانجى ئۆزرە جىهاد ئەيلەدى،
نەچچە كۇفرىلارنى كى مات ئەيلەدى.
كى سانجى ئارا قىلدىلار سەختى جەڭ،
خىتاي قانى بىرلە بېرىب يەرگە رەڭ.
بولۇب فەتىھ سانجى كى تاختى مۇراد،
بۇ جەڭنى كۆرۈب بولدى لاۋتەيىي شاد.
خوجام نىياز بەگنىكى تېز چىرلاتىب،
كى مەسرۇر قىلدىكى رۇخسەت بېرىپ.
«ئالىب خەلقىڭىزنى كېتىڭلار» دېدى،
«كى سۇلتان قاشىغا يېتىڭلار» دېدى.
كى رۇخسەت ئالىب يۇردى تۇرفان سىيان،
چېرىك ئالغالى راشىدىن خان سىيان.
نەچچە كۈن يۇرۇب يەتتى تۇرفانغا تېز،
كى ئاندىن ئۆتۈب راشىدىن خانغا نېز.

كۆرۈب خان: «نە ئىشقا كېلىپسىز» دېدى،
«نەچچە ئېردى كەلگەن كىشىنىڭ ئەدەدى».
دېدى يۈز بېگى: «بىز قىرىق بىر ئىدۇق،
كى تۇنگانىلارغا چېرىك بەر، دېدۇق.
كى تۇنگانىلار هېچ كىشى بەرمەدى،
يىگىرمەمىز ئاندا قالىب كەلمەدى.
بۇ قالغان هەممەبارچە تۇنگان ئىدى،
مېنىڭ بىرلە كەلگەن مۇسۇلمان ئىدى.
دېدى خان: «كۇچاردا نەچچە كۈن تۇرۇڭ،
كۇچار شەهرىنى، لەشكەرىمنى كۆرۈڭ».
بۇ سۆزلەرنى يالغان گۇمان ئەيلەدى،
نەچچە ئايغىچە ئىمتىهان ئەيلەدى.
بېرىب خان بۇلارغا كى تۇشكۇندە جاي،
كۇچاردا تۇرۇب قالدىلار نەچچە ئاي.

ئۇلۇغلار مەسلەهەت قىلىب، كۇچارغا لەشكەر تىلەب موللا مۇهەممەد قۇربان ئاخۇننى، خوجام نىياز ئاخۇننى، سادىق چاقىقاننى، بۇ ئۈچ كىشىگە ئون بەش كىشى قوشۇب كۇچارداكى راشىدىن خانغا نامە ئىبەرگەنى، راشىدىن خوجا بۇلارنى هەم ئۆتۈب ئالىب قالىب ئىبەرمەگەنى.

كى سۇلتان، ئەمىرلەر قىلىب مەسلەهەت،
كۇچار خانىغا راسلادى نامە - خەت.
مۇهەممەد قۇربان ئاخۇننى چىرلاتتى تېز،
خوجام نىياز ئاخۇننى، سادىقنى نېز.
بۇ ئۈچنى قىلىب ئەلچى بەگلەر باشى،
بۇلار خىزمەتىگە كى ئون بەش كىشى.
بۇ ئۈچ ئەلچى ئىلكىگە نامە بېرىب،
كى شاھ مۇندا قالدى رەۋانە قىلىب.
بۇلار كېمە بىرلە ئۆتۈب بەهرىدىن،
بارىب تۇشتىلەر كەنت غالجات زەمىن.
كى ئاندىن كۆچۈب كۆب دابانىنى داباب،
يۇرۇب تېز تۈن تەرك ئېتىب خوردى خاب.
قارا قول بىلە تۇتتى تۇرفان يولىن،
تېخى تەي ئېتىبان كۇچارنىڭ چۆلىن.
خوجام نىياز، سادىق، قۇربان خەتىب،
كى تۇشكۇنگە تۇشتى كۇچارغا يېتىب.
بۇ ئۈچ ئەلچى بەگلەرنى خان چىرلاتىب،
مۇهازىر قويۇب تۇرفە مېهمان قىلىب.
ئوقۇب ئىلەنىڭ چوڭلارىن نامەسىن،
كى بىر - بىر نەزەر ئەيلەبان خامەسىن.
جاۋاب بەردى دەب، «نەچچە ئاي مۇندا تۇر،
مۇنىڭدەك سۆزۈڭگە ئەمەسمەن غورۇر.

هەنۇز لەشكەرىم هەم سەر ئەنجام ئەمەس،
كى ئەسباب ئالاتى ئەنجام ئەمەس.
بۇ نەۋئى سۆزلەرىڭ بىزگە تەدبىرمۇدۇر،
ماڭا ئەيلەگەن هىلە تەزۋىرمۇدۇر.
ۋەيا راست سۆزدۇر، ۋە يا هىلە فەند،
ۋەيا ئوينادىڭمۇ مېنىڭ بىرلە نەرد.
قىلامىسىز تېخى بىزگە تەلبىسلىغ،
ۋەيا قىلغۇسىز بىزگە ناجىنسلىغ».
دېدى ئەلچى بەگلەر: «ئايا شەهرىيار،
بولالىڭ دېدۇق بىر - بىرىمىزگە يار.
كېلىبمىز جانابىڭغا لەشكەر تىلەب،
كى زار ئەيلەمە ۋەهىمناك سۆزنى دەب.
ئىنايەت قىلۇرسىز سەزاۋار بىز،
كى يوقسە قولۇڭدا گىرىفتار بىز.
كى هەر هۆكۈم قىلساڭ مۇتىئ بەندەبىز،
قاتىڭدا شىكەستە سەر ئافكەندە بىز.
گۇمان ئەيلەمەي نامەنى راست بىلىڭ،
كى بىز خەستەلەرگە تەرەهھۇم قىلىڭ».
دېدى راشىدىن خان: «نەچچە كۈن تۇرۇڭ،
مېنىڭ دەۋلەتىم بىرلە دەۋران سۈرۈڭ».
بولۇب نائىلاج چۈن تۇرۇب قالدىلەر،
كۇچار ئىچرە قالدى بۇ بىچارەلەر.

جاڭجۇن شەهرى باياندايىنىڭ ئۇلۇغى بادارىنغا مەدەد قىلماق نىيەتىدە شى دارىننى يەتتە مىڭ لەشكەرى كۇففارغا باش قىلىب، مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارلارىنىڭ باشىنى ئالىب كېلىڭ، دەپ بۇيرۇغانى. شى دارىن باش ئالغالى كېلىب، ئۆزىنىڭ باشىنى بەرگەنى.

بۇ نازىمغا تېز مەي تۆتۈلۈك مۇغ بەچە،
بۇ مەي زورىدىن سۆزلەگەي بىر نەچچە.
ناۋا ئەيلەگەيلەر زەبان بۇلبۇلى،
شوكۇفە بولۇرلەر تەخەييۇل گۇلى.
خىيال گۇلىستانىدا گۇل ئاچىلۇر،
گۇلابى تېخى ھەر تەرەف ساچىلۇر.
ئايا ئەندەلىب، نەغمەئى ساز قىل،
زەبانىڭ ئاچىب نۇكتە ئاغاز قىل.
مە ئەلقىسسە بىر كۈن بۇ جاڭجۇن خىتاي،
چىقىپ تەختىگە يىغلادى ھاي ـ ھاي.
«يېقىندۇر ياتىشكەي باشىمىزغا مەرگ،
بۇ مەرگىنىڭ ئىلاجىن نە قىلماق كېرەك.
ئۆلەلىن بۇ كۈن ئاب ئەفيۇن ئىچىپ،
ۋە يا بىر تەرەفكە كېتەلىن قېچىپ» .
بۇ سۆزنى دېدى يىغلادى ئەنجىنان،
شى دارىن ئېشىتىپ دىلى بولدى قان.
كى جاڭجۇن فۇتىنى قۇچۇپ يىغلادى،
باشىنى چالىپ يەر ـ جاھان تىغلادى.
دېدىكىم: «ئايا سەرۋەرى كافىران،
مۇسۇلمان سىيان مەن بولايىن راۋان.
تولا يىغلامالىڭ ماڭا رۇخسەت بېرىڭ،
مەدەد قىلسا لات شادلىغلار قىلىڭ.
كى ئىسلاملارنىڭ باشىنى ئۈزەي،
جانابىڭغا تېز باشىنى كەلتۈرەي» .
كى جاڭجۇن دېدى: «بۇ سۆزۈڭدۇر غەلەت،
ئۆلۈك بۇتكى بىزلەرگە قىلماس مەدەد.
نىھان سىرلارىمنى بىلەلمەس بۇ بۇت،
تەرىقچە مەدەدنى قىلالماس بۇ بۇت.
كى ئەجداددىن بىزگە قالغان رەۋىش،
بۇ ۋەجە بىلە ئەيلەگۇم پەرۋەرىش.
كى يوقسە بۇ بۇتدىن نەئىش كەلگۇسى،
كى جانسىز خاك-ۇر نەئىش بىلگۇسى.
ئەگەر پۇتمەسەڭ باشىنى قىل جۇدا،
باشىنى جۇدا قىلسا قىلماس سادا.
بۇ بۇتلار تامامىدا ھېچ ساز يوق،
نە ھەرىكەت، نەقۇدرەت، ئاۋاز يوق» .
مۇنى دەب ئىبەردىكى رۇخسەت بېرىپ،
راۋان بولدى بىرمۇنچە لەشكەر ئالىپ.
ئېشىتتىكى سۇلتان، ئەمىرى زامان،
كۆرە لەشكەرى چىقتى دەب بىگۇمان.
تامامى دەلىرلەرگە بەردى خەبەر،
سۇۋارە بولۇب جۇملەئى شىرى نەر.
سىپاھ ۋە رەئىيەت كى ئاتلاندىلار،
خىتاي لەشكەرى ئۆزرە تېز باردىلار.

تۇزۇب سەفلەرىن ئۇشبۇ ئىككى گۇرۇ،
بولۇشتى دۇ يۇفۇ ئەر ـ ئەرۇ بىسەرۇ.
خىتايلار ئاتىشتى تۇمەن فو ۋە تىر،
كى ئىسلاملار چۇن بولۇب نەررە شىر.
كى بىر ياندىن قىلدى سۇلتان خۇرۇش،
ئەمىر بىر تەرەفدىن قىلىب كۆب تۇرۇش.
ئەلاخان دەلىر بىرلە بازار بېگى،
قىلدى دەلىر بۇشرىبەگ مىلىڭ بېگى.
كى بىر ياندىن سەرۋەرى غازىلار،
چېكىب باڭى ھەيبەت ئۆزىن ئۇردىلار.
ئۇرۇر ئېردى تىغ كۇفرىلار باشىغا،
ئۆتۇب قالغانىدىن يېتىب قاشىغا.
مۇئەررەف تۇتۇب چاقسا ھەرشىرى نەر،
كېسىلگەي باشى مىسلى خىييار تىر.
كى بىر ياندىن بارچە تۇنگانىلار،
كى نەئرە ئۇرۇب كۇفرىغا تەگدىلەر.
ئارائۆستەڭ، تاش ئۆستەڭ ۋە چونجى ۋە قاش،
كى نىلقا، ئۇلاستاي قىلدى تالاش.
كى سۇفتاي، ئارابوز، بورا بوغاسون،
بۇلار جەڭدە كۇففارنى قىلدى جۇنۇن.
كى توققۇزتارا، بارتوقاي، غۇلجەلىك،
بۇ كۇففاردىن قويمادى ھېچ تىرىك.
چۇلۇقاي، بۆلۈكەي كى يالغۇز ياغاچ،
بۇلار كۇفرىغا نارلىغ سەخت كاج.
قوغۇنچى ۋە قاينۇق، گېرەم، شىرەباغ،
خوناخاي، جاغۇستاي خىتايلارغا داغ.
كى بۇغرا، دولاتۇ ۋە غالجات ئېلى،
بۇلاردىن سىنىبدۇر ئەدۇۋلار بېلى.
ئۇدۇنتۇ ۋە كەتمەن ۋە داردامتۇ ھەم،
كى دۇشمەن باشىنى قىلىبدۇركى حەم.
بۇلار رەئد يەڭلىغ سادالار چېكىب،
بولۇب شىرۋار نەئرەھالار چېكىب.
ئالىب ئىلكىگە خەنجەرى ئابدار،
چىقاردى كى كۇففارىلاردىن دەمار.
كى ياغدۇردىمۇ تىر مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۇشتى بولغاي نەيىستانغا ئوت.
ۋەيا بىر سۇرۇك يىلقىغا تەگدى شىر،
ۋەيا شىر بىرلە تۇتۇشتى دەلىر.
تۇمەن فو، تۇفەك، زەنبۇرەكلەر ئاتىب،
تۇمان باستى ئانداغ تۇتۇنلەر چىقىب.
كۆرۈنۈپ تۇتۇنلەر ئاراسىدا ئوت،
بولۇب ئوت چاقىندەك تۇتۇنلەر بۇلۇت.
قىلىب ئول كۈنى سەخت جەڭ ھەر دەلىر،
زەمىننى قىلىب لالەدەك قىپ ـ قىزىل.

كى يەر ئۆزرە ياتتى بۇ نەۋئى كافىران،
سەرى بىتەنەنۇ، تەنى بىسەران.
كى سەردار كۇففار ئۆلۈپ ئىككىسى،
كى مارجاندىن ئېردى ئۇلار جۇڭزىسى.
شى دارىن باشىنى قەفەسكە سالىب،
ئەدۇۋ رۇبەروسىغا قويدى ئاسىب.
لەئىنلەر بۇ باشنى كۆرۈب بولدى خۇن،
بادارىن لەئىن بولدى قاتتىغ جۇنۇن.
تامامى خىتايلار تۇتۇشتى ئازا،
كى زۇقۇم بولۇب كۇفرى قىلغان غىزا.
تىرىك قالغانى شەھرىگە قاچتى تېز،
كى ئىسلامىلار سوڭىدىن چاپتى تېز.
كى قاچقان چېرىك قىلدى جاڭجۇنغا داد،
دېدى: «شى دارىن جەڭدە بولدى مامات.
تامام لەشكەرىڭ بولدى مەقتۇل ھەممە،
كى بىز نەچچە كافىر قۇتۇلدۇق يەنە».
ئېشىتتى بۇ ئىشلارنى جاڭجۇن لەئىن،
ئۆزىن تەختىدىن تاشلادى بىر زەمىن.
ياقاسىن قىلىب چاك، يۈزىنى ئويۇب،
تۆگەتتىكى كەركى ساقالىن يۇلۇب.
كى ھەسرەت بىلە بارماغىن تىشلەدى،
قابالىب قالىب شەھرىدە قىشلادى.

بالا كەلگەننى بىلىب جانىغا،
ئۆرۈب شاتراق بارچە ئىشتانىغا.
يۈرەكى يارىلدى تامام قورقىشىب،
كى ئەفيۇن سۈيىنى دوغابەدەك ئىچىب.
كى جاڭجۇن چۇ بۇتخانا ئۆززاسىغا،
كىرىب باش چالىب لات زىنزاسىغا.
تېخى روزۇ شەب ئاندا يىغلار ئىدى،
يېتىب يەر جاھانلارنى تىغلار ئىدى.
ئۇلۇغلار يانىب فەتھى نۇسرەت بىلە،
تۇشۇب بارگاھىغا ئىززەت بىلە.
كى مەسرۇر بولۇشۇب چالىب شاديان،
مۇسۇلمان ھەممە غەمدىن ئولدى ئامان.
ئىرادە ئەگەر قىلسا پەرۋەردىگار،
زەئىف مۇرچەنى قىلۇرمىسلى مار.
زەئىف پىشەنى فىلغا غالىب ئېتەر،
مەگەسنى قوي شىرنى مەغلۇب ئېتەر.
كى خاقان شىر ئېردى، بىز ئېردۇق زەئىف،
زەئىفلەرنى ھەق قىلدى شىرغا ھەرىف.
كى شۇكرى خۇداغا ھەزارۇ ھەزار،
خىتاي ئالدىدا قىلمادى بىزنى خار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: غوجائەخمەت يۇنۇس

## «مەۋلانا ئەرشىدىن تەزكىرىسى»

«مەۋلانا ئەرشىدىن تەزكىرىسى» شىريار ئىسمىلىك كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان دىنىي مەزمۇندىكى تەزكىرە بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئاپتورنىڭ ھايات - پائالىيىتى مەلۇم ئەمەس.

ئەسەردە XIV ئەسىردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلىك يەنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. ئەسەردە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋەقەلەر بولۇپ، ناھايىتى قىسقا بايان قىلىنغان.

ئەسەر تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى شەخس مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنى باش ئوق قىلىپ بايان قىلىنغاچقا، مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ نەسەبى، مۇرىتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن ۋە ئەسەر نامىمۇ ئاشۇ شەخس نامى بىلەن ئاتالغان.

# غازات دەر مۇلكى چىن


## موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

كۇرە شەھرىدە تۇنگانىلار جەڭ قىلىپ، تۆت مەرتەبە فەتىھ نۇسرەت يار بولۇپ، بەشىنچى نەۋبەتتە ئەھمەدخان خوجامغا ئېتىماد قىلىپ مۆئمىنلەر شىكەست تاپىپ، كۆپ مۆئمىن شەھىد بولۇپ، مۆئمىنلەر يانىپ كەلگەننى بايان قىلۇرمىز. ئىنشا ئاللاھ تائالا.

قىلۇر نازىمى زەررە نۇكتە شور،
سۇرۇر لەشكەرى ئۆزرە فەم قىلدى زور.
كۇرە شەھرىنىڭ غازى تۇنگانلارى،
چىڭشۇي خوزەنىڭ نەۋ جەۋانلارى.
كى سۇيدۇڭدە مۆئمىن دىلاۋەرلەرى،
يەنە تارجىنىڭ زور ئاۋارلەرى.
بۇلار جەمئى بولدى كۇرە شەھرىگە،
تولۇب بارچە تۇنگان بەرۇ بەھرىگە.
كى جاڭجۇن بىلە ئانچىنان قىلدى جەڭ،
خىتاي لەشكەرىنى قىلىپ سەخت تەڭ.
كى لوتو دېگىنى قىلىپ بارگاھ،
مۇسۇلمانچە سۆز تېۋە دەڭ خابگاھ.
كى فەرزەند - زەننى دەڭ ئىچرە سولاب،
كى بۇتخانالارنى قىلىبان خاراب.
خىتاينىڭ دۇكانى ئۆزە ئوت قويۇب،
كېچەلەرى كېلىپ بۇرنىغا دۇد قويۇب.
خىتايلار بىلە قىلدى تۆرت يول غازات،
قىلىپ رۇستەمى فىلتەندەك جىھاد.
ئەدۇۋ خەيلىنى تۇرفە زار ئەيلەدى،
كى دۇشمەنگە دۇنيانى تار ئەيلەدى.
قىرىب كۇفرىنى بىرتۇمەن ئالتە يۈز،
كى بار ئىككى مىڭ زەخمدارلارغا سۆز.
كۇرەنىڭ تاشىنى قىلىپ لالە رەڭ،
فەلەقمەنگە سالىپ ئېتىپ سەخت سەڭ.
تېخى كەشتەدىن پۇشتە بەرپا قىلىپ،
بوغۇزلار ئېدى بىر - بىرىگە چاتىپ.
ئۆلۈككە تولۇب يول بولالماي راۋان،
كى ئاتلار تۇۋاقى بولۇر ئېردى قان.
كى مۆئمىن قوفارىب ئۆلۈكدىن مۇنار،
خىتايدىن ھالاك بولدى كۆپ تاجدار.
كى مۆئمىن بولۇب شىر غۇرران سۇفەت،
نەدۇر شىر بەلكى نەرىمان سۇفەت.
بۇ قىسمىدا ئەيلەب كى تۆرت يول غازات،
تولا كۇفرىلارنى قىلىپ ئېردى مات.

يەنە كۇفرى جەمئى بولۇب بىر تۇمەن،
كى ھەربىر ئەدۇۋلار بولۇب ئەھرەمەن.
يەنە كۇفرى چىقتى ئەجەب فەۋج - فەۋج،
كى دەريايى قۇلزۇم سۇفەت مەۋج - مەۋج.
قىلىشىپ خىتاي بۇتلارىدىن قەسەم،
مۇنى كۆردى مۆئمىن ئارا تۇشتى غەم.
باھادىر دىلاۋەرلەركى تۇنگان ئېدى،
كى پۇردىل دىلاۋەرلەر ئۆلگەن ئىدى.
قىلىپ نامە راست بارچە تۇنگانىلار،
ئەھمەدخان خوجامغا ئىبەردى خەبەر.
دېدى نامەدە: «ئەي خوجام، نېك زات،
خىتاي بىرلە قىلدۇق كى تۆرت يول جىھاد.
بۇ تۆرت يول قاچۇردۇق كى ئەئدائلارنى،
بۇ نەۋبەت يىغىب چوڭ - كىچىك بارچەنى.
يىغىلمىش خىتاي بىر تۇمەندىن تولا،
ئارامىزدا يوق ياخشى بىر رەھنەما.
كېلىپ بىز يېتىمگە ئاتالىغ قىلىڭ،
ئىنايەت ئېتىپ رەھنەمالىغ قىلىڭ».
ئەھمەدخان ئېشىتىپ ئاتلاندى تېز،
نەچچە يۈز دەلىر بىرلە چۇن قىلدى خېز.
دېيىشتى «خوجام كەلسە كۇففار قاچۇر»،
دېمەي «فەتىھ - نۇسرەتنى ئاللاھ بېرۇر».
ئىشەنچ قىلىپ بىر غېرىب بەندەگە،
تەۋەككۇلنى قىلماي خۇدا ۋەندەگە.
خۇدانى دېگەنلەر مۇدام قەند يېگەي،
خۇدادىن بۆلەكنى دېسە فەند يېگەي.
ئەھمەدخان خوجام تېز يېتىپ كەلدىلەر،
خوجام كەلگەننى بۇلار بىلدىلەر.
خوجام كەلدى دەب بارچە تۇنگانىلار،



چىقىپ ئالدىغا قىلدى كۆپ زارەلەر.
خوجام تۇردىلار بىر تەرەفنى ئالىپ،
خىتاي لەشكەرى تۇردى ياسال قىلىپ.
بۇ ياندىن بۇلار، ئول تەرەفدىن خىتاي،
خىتاي سەرۋەرى ئېردى چاغالاداي.
سوقۇشماقدا ئانداغكى چىرماشتىلار،
كى تۇنگانلار جۇمله قارماشتىلار.
خىتاي قەلئەسى ئېردى مىسلى فەلەك،
كى قەلئە ئۈزەدىن ئېتىپ زەنبۇرەك.
تۈمەن فو ۋە چەيفو ئېتىپ كافىران،
شەھەر تۇنگانى قاچتى بولدى راۋان.
شەھەر تۇنگانى قاچتىلار تېز تۇن،
مۇسۇلمان دىلى ۋەھمىدىن بولدى خۇن.
بولۇپ غۇلجاغا بارچە تۇنگان راۋان،
كۆرە تۇنگانى قاچتىلار تاغ سايان.
ئەھمەدخان بۇ شورشنى كۆرمەك هامان،
قاچىپ غۇلجا سارىغا بولدى راۋان.
ئاقىر يۈكلەرىنى تامام تاشلادى،
خوجام خەۋف ئېتىپ باشىنى قاشلادى.
بۇ تەفرىقەگە قالدى بۇ بەندەلەر،
شەھىد بولدى كۆب زەنۇ فەرزەندەلەر.
بۇلار قاشقانىنى كۆرۈب ئەھلى بۇت،
لەشكەر گامىقا چەنغەن كېلىپ قويدى ئوت.
ۋەلى قاچمادى تاجى تۇنگانلارى،
كى نامۇس قىلىشىپ كى پەھلەۋانلارى.
دېدى: «نە قىلۇرمىز خىتايدىن قاچىپ،
جىهاد قىلغۇمىز كۇفرى قانىن ساچىپ».
دېدىلەر بۇ سۆزنى يانىپ تەگدىلەر،
جاهانى خىتايلارغا تەڭ قىلدىلەر.
ئۈززۈلدى ئەدۇۋنىڭ تەندىن باشى،
مىسالى بولۇپ باشى سايىنىڭ تاشى.
تەندىن قوپاردى تەلى تەسقىلان،
كى جەيھۇن ئارىقى سۇفەت ئاقتى قان.
قىلىپ غازىلار بۇ سۇفەت ماجرا،
ناماز شامغىچە بولدى كۇففار تەباھ.
كېچەلەپ قاچىپ تاجى تۇنگانلارى،
مۇتابىئات كەتتى غۇلجا سارى.
خوجام كەلدى يانىپ يۈرەكى سالىپ،
بولۇپ بېدەلەرزان يۈزى سارغايىپ.
خوجام سوڭىدىن بارچە تۇنگانلار،
كى سۇلتان قاشىغا يېتىپ كەلدىلەر.
تامام ۋاقىئاتنى بايان ئەيلەدى،
كى مەزكۇر ئىشنى ئايان ئەيلەدى.
ئېشىتىپ ئۇلۇغلار بولۇپ بىدىماغ،
دېدىلەر: «قىلمىغلار جىهادقا ياراغ».
بۇ ياندىن خىتايلار بولۇپ تۇرفە شاد،
كى مەي نوش ئاتىشتى شەدىدۇ شەدداد.

كەتۈر ساقىيا جام مەسرۇرىدىن،
تەكەللۇم قىلاي ئۇشبۇ مەي زورىدىن.
كى مەيدىن دىلىمغا يېتىشسۇن سۇرۇر،
بەدەن ئىچرە روھ ئانچە تافسۇن هوزۇر.
ئاچىلسۇنكى ئەشئار گۇلىستانلارى،
چىقارسۇنكى شاخ نەزم بوستانلارى.
زەبان قۇمرىسى ئاندا گۇ-گۇ دېگەي،
نە گۇگۇ دېگەي، بەلكى هۇ-هۇ دېگەي.

يەنە كەلدۇق باياندايىنىڭ جىهادىغا

كى قازى كالان ئەسرىدىن دەلىر،
نەدۇركىم دەلىر چۇن ئېدى شىرگىر.
كى فەرزەندىدۇر فەخرىدىن نەۋجەۋان،
كى دۆۋۈم ئىزامىدىن فەرزەند جان.
ئىككى ئوغلى كامىل ئېدى ئىلىم ئارا،
كى ئىلىم ئارا ئەقلى تېز ھەلىم ئارا.
ئاتا گۇل ئېدى، ئىككىسى غۇنچەسى،
ئاتادۇر سەدەف، ئىككىدۇر يۈمچەسى.
بۇلاردىن ئوقۇب ئىلىمنى نەچچە كەس،
كى ھەر بىرسى خەلقە بولۇپ ئېردى رەئىس.
بىرىدۇر ئەلى ئىبن فىرۇز ئېدى،
كى موللا ئارا تۇرفە دىلسۇز ئېدى.
كى ئابدۇللا خەلفەت، بىرىدۇر ئۆمەر،
ئۆمەر خەلفەتىم نەۋجەۋان سىمبەر.
كى ئابدۇلمۇتەللىب ئابا مۇسلىمىن،
ئابا مۇسلىمىن نېكخوي مەھ جەبىن.
بىرى سەئىدۋاققاس نېكۇ خىسال،
زەينەل باقى قازى فەسەندە فائال.
بۇلار ئىلمى زاھىردا سەيىر ئەتكۈچى،
شىجائەت ھاۋاسىدا تەيىر ئەتكۈچى.
يەنە بۇ ئەلئەتاھ ئىسلام ئاخۇن دەلىر،
بوسۇرغا نىيازدۇر، ئىمام شىرگىر.
بۇلار قازىنىڭ خىزمەتىدە ئېدى،
شەھەر ئىچرە تۇردى قىلىپ خىزمەتى.
كى بەگلەر ئارا مەغفىرى نەۋجەۋان،
ئېدى مەنسەبى شاڭ بېگى ھۆكۈمران.
بۇ بەگكە بۇقازى كالان يار ئولۇب،
شەھەر ئىچرە قويدىكى دىلدار ئولۇب.
يەنە قاسىم ئاخۇن كى ئاشىر ئېدى،
ئېدى سانى قاسىم كى ئوردا بېگى.
بۇ ئوردا بېگى ئېردى كۆب باخىرەد،
ئېدى فەھمى تېز دانىشى بىئەدەد.
يۈسۈف ئاخۇن ئانداغ يۈرەكلىك ئېدى،
كى ئىبراھىم ئاخۇن كېرەكلىك ئېدى.
دىۋان خانادا فالتۇبەگ نەۋ جەۋان،
ھۆكۈمەت ئىشىدا ئېدى ھۆكۈمران.

بۇلار قازى ئاخۇن قاشىدا ئىدى،
كى ھەر بىر كىشى ئۆز ئىشىدا ئىدى.
باياندايىنى قورشاپ شەھەر لەشكەرى،
چىقارماس ئىدى كۇفرنىڭ تاشقارى.
بىلال ئەمدى سۆزنى دەراز ئەتمەگىل،
دەراز ئولسا ئولسۇنكى ئاز ئەتمەگىل.

※ ※ ※

ئايا ئەندەلىب، سايرا گۇل يادىدا،
قىلىپ غۇنچەسىگە جانىڭنى فىدا.
گۇمان قىلما دەپ غۇنچە ئاچىلماغاي،
دىمە ھەر تەرەفلەرگە ساچىلماغاي.
كى دەرد بىرلە سۆز غۇنچەسى ئاچىلۇر،
كى ئاھىڭ نەسىمى بىلە ساچىلۇر.
مەئەلقىسسە سۇلتان، قازى كالان،
ئەھمەدخان خوجام ۋە ئەمىرى زامان.
توسۇپ لەشكەر ئىلە جەنۇب سارىنى،
كى ئارتۇردى كۇففارلار زارىنى.
سىپتى شاڭ بىگى بىرلە سەردارلار،
كى دەرۋازە غەربنى ئالدىلار.
كى تۇنگانلار لەشكەرىنى ئالىب،
كى دەرۋازە مەشرىقنى توستى كېلىب.
كى مىرزات، ئەزىمشاھ بۇ ئىككى دەلىر،
كى دەربەند شىمالنى قىلىب دەستگىر.
قىلىپ كۇفرى شەھرىنى مىسلى نەگىن،
كى ئۈزۈك چېرىك بىرلە قىلدى كەمىن.
قىلا ئالمادى ئاندا فەررەندە فەر،
خىتاي لەشكەرىنى قىلدى زىرۇ زەبەر.
بولۇپ لائىلاج قەلئە ئۆزرە چىقىپ،

كى جەڭ باشلادى زەنبۇرەكلەر ئاتىپ.
شەھەر بىرلە سەھرا دىلاۋەرلەرى،
چىقىپ قوقتاغا زور ئاۋەرلەرى.
سىپىلغا يۆلەپ نەردۇبانلار قويۇپ،
قىلىپ زورلۇق قوقتالارنى بۇزۇپ.
كى دۈشمەن بىلە قىلدى كۆپ سەخت جەڭ،
ئاداۋەت قىلىپ ئاتتى تىرى خەدەڭ.
قوپاردىكى ئىككى شىبە مۆئمىنان،
شىبە ئۇستىگە چىقتى كۆپ پەھلەۋان.
ئەلاخان ئەزىز پەھلەۋانى نەبىر،
يەنە ئابدۇلۋارىس، ئىسرائىل دەلىر.
كى توختى مەمەت ھەم مۇھەممەد سوفى،
ئابۇلخەيرى جەئفەر، بەھادىر ئەلى.
بوساق پەھلەۋان، ئۇستا قاسىم باقى،
تۆكۈپ شىبەدىن زەنبۇرەكلەر ئوقى.
چىقىبان شىبەگە تۇفەكدارلار،
كۆرۈنگەن خىتاينى ئاتار ئىردىلەر.
بۇ ۋاقتىدا كۇففار بولدى غەمىن،
ئۆلۈكلەرگە تولدى باياندای زەمىن.
بۇ نەۋئى جەڭدە ھەم فەتھ بولماي شەھەر،
شەھىد بولدىلار نەچچە تەن شىرنەر.
كى ئابدۇرەسۇل بەگ ئۇرۇپ سەختى ئاھ،
دېدى لەشكەرىم بولدى ھالى تەباھ.
تافىلسا ئىدى بىرتە ئەيياركار،
ئۆزى دۇز، تەررار ھەم نامدار.
زەمىن ئاستىدىن بىر لەقىم كورلاسا،
بۇ كۇففارلار كۆزلەرىن تورلاسا.
تافىڭلار دېدى دۇزلاردىن راسا،
مۇنادىغا قىلدۇردى ئۇل دەم ندا.

سادىر قاڭرۇق دۇز ئۈچ ئوغلى بىلەن لەقىم كورلاغانى ۋە جالال دورغانى بۇلارنىڭ تۆفەسىدە قويۇپ دەھقەت قىلدۇرغانى. لەقىمنىڭ ئىچىگە دارۇ تولدۇرۇپ سىپىلنى بۇزۇپ، قەلئەنى كۇففارنى شورە قىلغانى. كۇففار ئەھلى شورەنى ئېتىپ ئالىب قاتتىغ جەڭ قىلغانى. بازار بالالارى جەمىئ بولۇپ كېلىپ لەشكەرى كۇففارنى تارمار قىلغانى بايانىدا.

يەنە نازىمى نۇكتەئى باشلادى،
تەخەييۇل سارىغا ئۆزىن تاشلادى.
بار ئىردى ئوشۇل جەڭدە ئەييار كار،
بەغايەت ھەرىف، دۇز روزكار.
بىراۋ قالماغان ئىردى قاقشاتماغان،
بىر ئۆي قالماغان مالىنى ئالماغان.
ئۈچ ئوغلى، ئاتاسى ھاراقچى ئىدى،
ھاراقچى ئىدى ھەم قاراقچى ئىدى.
ئوغۇرلۇق قىلىپ كېچەلەر ئۇيماغان،
فەقىرۇ غەنى مالىنى قويماغان.
سىپاھلارغا ھەم زەررە بوي بەرمەگەن،
خاتۇن ئالسا يۇرتىغا توي بەرمەگەن.

بۇ ئەييارنىڭ ئاتى سادىر ئىدى،
ياماللىقتا چۇن رەئد شاتىر ئىدى.
ندانى ئىشتكەچ يوگۇردى بۇيان،
ئەمىرگە دۇئا قىلدى كەلمەك ھامان.
كى بەئداز دۇئا سادىر ئەيياركار،
دېدى: «ھۆكۈم قىلسا ماڭا شەھريار.
ۋەلى جان بىرلە قىلۇرمەن قابۇل،
لەقىم كورلابان بولماغايمەن مەلۇل.
مېنىڭ باشدا كارىم لەقىم كورلاماق،
كى مالدار كىشىنىڭ كۆزىنى تورلاماق.
تۇتۇپ رەكدارلارنى باغلاب قولىن،
ئاڭا رەھىم قىلماي ئالۇرمەن فۇلىن.

كى يوللاردا مەن ئۆي قىلىپ تالنى،
ئوغۇرلاپ ئالۇرمەن كىشى مالىنى.
مېنىڭ چوڭ بالام ئاتى دەرگاھ قۇلى،
قولىداكى مال بارچە خەلقنىڭ قولى.
ئىلە شەھرىدە بولسا ھەر دۆز نام،
ئۇلار بىرلە يەرمەن داۋامەت ھارام.
لەقىم كورلاماق ئەھدەسىدۇر ماڭا،
بىراۋنى بۇيۇرسا مەتىن فالتۇغا.
لەقىم كورلاماق جابدۇغىنى بېرىڭ،
كى تەييار بولغاندا ئاندىن ئېلىڭ».
كى ئاڭلاپ ئۇلۇغلار بولۇپ تۇرفە شاد،
مۇڭا زەرۇ نۇقرە قىلىپ ئىلتىفات.
مۇڭا قوشتىلار نەچچە ئۇستادكار،
بۇ ئىشدا تامامى ئىدى كاردار.
يەنە بار ئىدى بىر يىگىت نەۋ جەۋان،
شىجائەتدە ئېردى دەلىرى زامان.
چىرايىنى كۆرسەڭ ئىدى تازا گۇل،
ھەممە گۇل چىرايلار ئاڭا ئېردى قۇل.
زەخامەتدە رۇستەم، شىجائەتدە شىر،
نەدۇر شىرگىر، شىرگىرى دەلىر.
كى موللا جالال ئېردى ئانىڭ ئاتى،
كى ئاسفاندىياردەك ئىدى جۇرئەتى.
كى سەردار ئېتىپ بۇ جالال دورغانى،
ئاڭا مىندۇرۇپ بىرقارا يورغانى.
جالال دورغا ئېلەپ مەقالاتنى،
كى تەييار قىلىپ بارچە ئالاتنى.
كى ئەييار سادىر لەقىم كورلادى،
بۇ كۇففارىلار كۆزىنى تورلادى.
لەقىم كورلابان كېچەلەر ئۆيمادى،
لەقىم فۇتكۇچە بىر كىشى تۆيمادى.
لەقىم ئىچىنى دارۇغا تولدۇرۇپ،
كى تەييار قىلىپ فىلتەلەرنى قويۇپ.
بىراۋ بارچەگە بەردى بۇ نەۋئى خەبەر،
«يىراق تۇر بۇ يەردىن كى ئېلەپ ھەزەر».
بۇ سۆز بىرلە لەشكەر يىراق تۇردىلار،
بىرەۋ فىلتە باشىغا ئوت قويدىلار.
بۇ ئوت يەتتى تېز دارۇغا ناگىھان،
كى ئۆرلەپ زەمىندىن فەلەككە تۇمان.
تۇتۇن ئىچرە ئوتلار شەرارە ئۇرۇپ،
شامال زورىدىن فارە - فارە بولۇپ.
ئالالا بولۇبان تۇتۇنلەر چىقىپ،
ئۇلۇغ شورە بولدى سېفىل يىقىلىپ.
خەبەر بولدى تېز كۇفرى سەردارىغا،
نەسەردار بولغايكى مۇردارىغا.
چېرىكلەر كېلىپ قەلئەگە كىرگۈچە،
قويۇپ زەنبۇرەكلەر كەررە دەركەررە.
كى بولدىكى ئول كۈن ئەجەب سەختى جەڭ،
كى دۈشمەن قانى بەردى قەلئەگە رەڭ.
كى ياندۇردى لەشكەرنى فولار ئاتىپ،
كى تېز شورەنى ئالدىلار بەركىتىپ.
كى ئىسلام چېرىكى بولۇپ كۆپ شەھىد،
قانى بىرلە جەننەتنى قىلدى خەرىد.
خىتايلار بولۇپ ئول كۈنى بىئورۇن،
دەمى سۇبھىدىن تا بولۇپ كەچقۇرۇن.
يانىپ بارگاھقا تامام خاسلار،
بۇلار سوڭىدىن چوڭ - كىچىك ناسلار،
كى ئاندىن شەھىدلەر نامازىن ئوقۇپ،
زەمىننى قازىپ جايىغا تافشۇرۇپ.
مازار ياندا مەقبەرە زارلىغ،
ئاتاندى ئوشۇل يەر شەھىدكارلىغ.
بۇلار تەرك ئېتىپ جەڭ قىلۇر خوردخاب،
بولۇبان شەھىد تافقان ئېردى ساۋاب.

شەھەر لەشكەرىنىڭ ئەدەدى بەش يۈز ئېردى. بۇ بەش يۈزدىن بىر يۈز يىگىرمەسى خاس شەھەرلىك ئېردى. بۇ بىر يۈز يىگىرمە تەننىڭ ئىچىدە بىرمۇنچەسى ناھايىتى پۇردىل شىجائەتلىك ئېردى. ئانى بايان قىلۇرمىز.

رەۋايەت قىلۇر نازىمى نۇكتەدان،
دىلاۋەر ئاتىنى قىلۇرلار بايان.
بولۇپ باش بىر كۈن مۇھەممەد سوفى،
ئىدى بەئزە ھازىر ۋە بەزى خەفى.
دىلاۋەرلەرنى خەتىگە ئالىپ،
ئاتىنى فىتىپ دەفتەرىگە سالىپ.
دەلىرلەر بىرىدۇر كى ئابدۇرەسۇل،
ئاڭا ئېردى جارۇللا بەگ ھەم دۇخول.
بىرى قاسىم ئاخۇن، بىرى بۇشرى بەگ،
بۇ ئىككى دىلاۋەر ئاتارلار تىفەك.
يەنە ھاجى تاھىر دەلىرى زامان،
كى ئىبراھىم ئاخۇن ئىدى نەۋ جەۋان.
بىرى ئابدۇگايىد كى بازار بېگى،
كى بازار بېگىدۇر بەھادىر ئەلى.
بىرى قاسىم ئاخۇن ئىدى ئەل بېگى،
كى قاسىم جىگەردەك ئىدى يەل بېگى.
ئەلىش بىرلە ئاشۇر مۇھەممەد دەلىر،
ئىلىمدار ئىسلام ئىدى شىرگىر.
سېتىلدى دىلاۋەر كى ئابدۇسەمەد،
بۇ ئىكەۋ خىتايلارغا كۆپ قىلدى دەرد.
يەنە مەئسۇم ئاخۇنكى سازەندەدۇر،
لەئلە جۇببە پۇردىلكى بازەندەدۇر.
بىرى يۇسۇف ئاخۇنكى، يۇسۇف ساقال،
بۇ ئىككى يۇسۇف ئېردى نېكۇ فائال.

يەنە ئابدۇناسىر دىلاۋەر ئېدى،
كى ئابدۇرەشىد زور ئاۋەر ئېدى.
بىرى ئابدۇۋارىس، بىرى ئابدۇھەق،
بىرىن - بىرىن ئېيتسام تولۇرلار ۋەرەق.
بىرى فالتۇبەگ، ئوسمان ئاخۇن بىلە،
ئېدى ئاسىم ئاخۇن كى ناخۇن بىلە.
بەھادىر جالال بىرلە نازىم بىلال،
يۈسۈف، ئەلى، قاسىم كى سادىر، كامال.
يەنە ئۇستا سابىر، يۈسۈف مەمەلەك،
باھاۋۇددىن، قادىر، نادىر تۇلەك.
كى سابىر دەلىر روزى ئاخۇن بىلە،
كى ئاخۇن تېخى قاسىم ئاخۇن بىلە.
تېيىپ بەگ، تۆلەندى كى سادىر دەلىر،
ئابۇ لەيس، جەئفەر ۋە تاھىر دەلىر.
كى موللا ئەھەد، ساسىق ئەللىك بېشى،
ئەزىم نەۋ جەۋان، تۇردى ئەللىك بېشى.
كى ياقۇپ، ئەلى، تۇردى، باقى ئىدى،
يەنە ئارزۇ بىرلە ساقى ئىدى.
بەھادىر ئېدى ئارزۇ ئاخۇن، زىيا،
قايانغا ئىبەردى فەلەك روسىيا.
مەئەلقىسسە جەمئى بولۇپ بارچەسى،
قوشۇلدى بۇلارغا يامان - ياخشىسى.
بۇلار راست قىلىپ بىر يوغان ئاق ئەلەم،
بىلال قىلدى شۇققەگە ئايەت رەقەم.
تامام ئاتلانىبان ئەلەملەر ئالىپ،
تامامى كۆرۈندى ئەمىرگە كىرىپ.
ئەمىرنىڭ جانىغا دۇئا ئەيلەدى،
كى ئاغاز ھەمدۇ سەنا ئەيلەدى.
ئەمىر ئەيدى: «ئەي پەھلەۋان غازىلار،
بەھادىر، دىلاۋەر، شەھبازلار.
خۇداۋەندە ئالەم بولۇر يارىڭىز،
كى ئەرۋاھ ھەزرەت دىلدارىڭىز».
كى فەندى نەسىھەتنى ئەيلەپ بايان،
باياندىغا قىلدى بۇلارنى راۋان.
بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاپ شەھى ماھىروي،
ئىبەردى بۇلارغا گۇرۇنج بىرلە قوي.
قارا ياغاچ بويىدا مۇھازىر قىلىپ،
بۇ لەشكەرنى ئول يەردە ھازىر قىلىپ.
كى ئول يەردە بەردى بۇلارغا مائاش،
ئىنايەت قىلىبان قوماشۇ قوماش.
بۇ يەردىن كۆچۈپ تېز راۋان بولدىلار،
كى سۇلتان قاشىغا يېتىپ باردىلار.
ئۇلۇغلارغا لەشكەر كۆرۈندى كىرىپ،
يانىپ چىقتى فوتەينى ئەھدە ئالىپ.
كى رۇخسەت ئالىپ بولدى قەلئەسىيان،
كى فوتەينى بۇزماقتا بولدى راۋان.
سېغىلىغا قويۇپ شوتەھانى دەراز،
بۇزۇپ قوقتەنى قويدى فوتەينى ئاز.
خىتايلار بۇلار ئۆزرە ئوت تاشلادى،
بۇلار قورقمادى ھەم كېيىن قاچمادى.
بۇ قىسمى قىلىپ سەخت جەڭى جەدەل،
بۇلار بۇزدى فوتەينى قىلماي ماھال.
خىتاي ئۆلۈكىن قەلئەگە تولدۇرۇپ،
يانىپ تۇشتى ئاخىر جاراھەت بولۇپ.
كى ئابدۇرەسۇل بەگ، ئەزىم نەۋجەۋان،
كى سايىد، سانۋازەلەر بىگۇمان.
بۇلار بىرلە نەچچەن دىلاۋەر ئەبىد،
كى فوتەينى بۇزغۇنچە بولدى شەھىد.
خىتايلار تۇيۇقسىز قابۇغنى تېشىپ،
شەھىد قىلدى لەشكەرنى ئوقلار ئاتىپ.
خىتاي ھىلەسىنى بۇلار بىلمەدى،
ئوشۇل دەمدە مۆئمىن تامام خام ئېدى.
كى مۆئمىن تامام فۇختە بولدى كېيىن،
شەھىد ئول كۈنى بولدى يۈزگە يېقىن.
كى سۇلتان، ئەمىر بىدىماغ بولدىلار،
ئۇلۇغلارغا گوياكى داغ بولدىلار.

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق قاتتىق مەلۇل ۋە بىدىماغ بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، گۇرە شەھرىدىن جاڭجۇن بىر تۈمەن يەتتە مىڭ لەشكەر بىلە خادارىننى قەلئەئى باياندىغا لەشكەرى ئىسلامنىڭ ئۈزەسىگە ئىبەرگەنى. مۇسۇلمانلار بۇ كەلگەن لەشكەرى كۇففار بىلە جەڭ قىلىپ، مۆئمىنلەرگە ئاللا تائالا ئۇلۇغ فەتھ نۇسرەت ئاتا قىلغانى.

خىرەد شاھى مىندى تەخەييۇل ئاتىن،
زەبان راھىدا كۆرسەتىپ جۇرئەتىن.
گۈلىستان نەزمىگە باردى يېتىپ،
سەھايىف شەبىستانىدا بەزم ئېتىپ.
فەررۇخ جامىدا مۇغبەچە تۇتتى مەي،
ئىچىپ نازىمى ئىلكىگە ئالدى نەي.
قەلەم نەۋكى ئانداغكى مۇشكىن ساچىپ،
يازىپ سەفھەگە ناقىلانى ئەجىب.
بۇ يەڭلىغ سۇخەندەر سۇخەن ئەيلەدى،
نەدۇركىم سۇخەن نۇكتە فەند ئەيلەدى.
رەجەب ئايى ئون يەتتەسى، ئەي بىسەر،
كى شەنبە ئېدى كۈنگە كەلدى خەبەر.
كى ئاتلىغ كېلىپ نەچچە تۇنگانىلار،
كى سۇلتان، ئەمىرگە خەبەر قىلدىلار.
«ئايا شاھ نېكان نېكۇ رۇمۇز،
يىغىلىپ خىتاي بىر تۈمەن يەتتە يۈز.
تامامى تۆمۈر جۇببە جەۋشەن كىيىپ،
قىزىلۇ، ياشىل، ئاق ئەلەملەر ئالىپ.

جاھانغا سالىب يۇز تۇمەن غۇلغۇلە،
كى دۇشمەن كېلۇر شاھ راھ يول بىلە.
بۇ سۆزنى ئېشىتدۇككى كەلدۇق بۇيان،
ئىلاجىن قىلىڭ ئەي شەھى خاۋەران».
دېدى ئىككى شاھزادە تېز فەھمى خۇش،
«خۇدا بار خىتاي قىلسا چەندان خۇرۇش.
ئەگەر بەرسە نۇسرەت ماڭا زۇلمىنەن،
نە قورقۇنچ خىتاي بولسالار يۇز تۇمەن».
مۇنى شەھلەر ئاڭلاب يىغىب كۆپ چېرىك،
قىلىب كۆپ دەلىرنى ئۆزىگە شېرىك.
كى سۇلتان ئەمىر بىرلە ئاتلاندىلار،
غەزەب بىرلە ئەئدا سايان باردىلار.
كۆرۈڭ ئىككى شەھيار فەرىدۇن شۇكۇھ،
كى دۇشمەن بىلەن بولدىلار رۇبەرۇ.
دوبۇغۇ دېگەن يەردە سەفلەر تۇزۇب،
كى ھەرقايىسى ئۆز زورىنى كۆرگۇزۇب.
كى سۇلتان ئۇرۇب باڭ باھەيبەتى،
يۇگۇرتۇب خىرام كۆرسەتىب جۇرئەتى.
دېدىلەر: «مەنەم شاھ تۇرانىيان،
رەئىيەت پاناھ مىر ئىرانىيان.
مېنىڭ خەنجەرىم تىغى ئالماس دەمى،
كى چاپسام باشىڭ تەندە قالماس دەمى».
كى بىر ياندىن نەئرە ئۇردى ئەمىر،
بەھادىر، دىلاۋەر يىگىت شىرگىر.
خىرامىن سۇرۇب سۇيى كۇففارىيان،
كى نەئرە ئۇرۇب قىلدى ئاتىن بايان.
دېدىلەر: «مەنەم غازىلار سەرۋەرى،
ئىلە شەھرىنىڭ خەلقىنىڭ بەھتەرى.
ئاپا ئەھلى بۇتلار سالۇرمەن سىنان،
قاراڭغۇ كۆرۈنگەي كۆزۈڭگە جاھان».
بۇ ياندىن دەلىرلەر ئاتىنى ئايان،
تامام ئەسلى - نەسلىنى ئەيلەب بايان.
ئۆزىن ئۇردى كۇففارغا بوران سۇفەت،
بولۇب ھەر بىرى شىرى غەرىن سۇفەت.
بۇ ياندىن تېگىپ لەشكەرى كافىران،
كى ئىسلامغا فولارنى قىلدى راۋان.
كى باران سۇفەت ئاتتى تىرى خەدەڭ،
كى مۆئمىن قىلىشتى ئەجەب سەختى جەڭ.
گاھى مۆئمىن ئەھلى ئەدۇۋنى سۇرۇب،
گاھى كۇفرىلار ئارقاغا ياندۇرۇب.
گاھى كۇفرىلار جەڭدە غالىب بولۇب،
گاھى غالىب ۋە گاھى مەغلۇب بولۇب.
كى ئەترافى لەشكەرنى ئەئدا باسىب،
كى ئىسلام چېرىكى ئارادا قالىب.
كى ئىسلاملارغا تۇشۇب ئېردى خەۋف،
ئەمىر ئاھ ئۇردى دېدى: «يارەۋۇف.
بېرىب فەتھە نۇسرەت مېنى شاد قىل،
تامام لەشكەرىم غەمدىن ئازاد قىل.
كى فەتتاھ ئىسمىڭ ھەققى يا كەرىم،
كى بىز بەندەگە سەن رەۋۇف ئەلرەھىم».
دېدى گۇل يۇزىگە ساھىب كۆز ياشىن،
ئۇلۇغ غەمدە قاتتى ئەمىرنىڭ باشىن.
كى لەشكەرگە قىلدى ئەمىر سەرھىساب،
كى لەشكەر تۇرۇر ھەر تەرەفكە قاراب.
تۇرار ئېردى تۇنگانىلار چوڭلارى،
ياگۇر، خەنجە ئاخۇن سۇفەت ئوڭلارى.
ئەمىر تېز كەلدى بۇلار قاشىغا،
بۇلار رەھىم قىلدى ئەمىر ياشىغا.
ئەمىر ئەيدى: «ئەي خەنجەئاخۇن، كېلىڭ،
مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى قۇلاقىغا ئالىڭ.
نە بولغاي كىرىب بەرسەڭىز باش بولۇب،
مېنىڭ بارچە خەلقىمگە يولداش بولۇب.
مېنىڭ لەشكەرىم كۆرمەگەن كۆب جىھاد،
سىزلەر كاركەردە سۆزۈمدىن مۇراد.
ئەگەر ئارقاغا ياناسا كافىران،
كى بىزلەرگە ئەلبەتتە بولغاي يامان.
كى ئەۋۋەل سىزلەرنى قىلغاي ھالاك،
كى بىزلەرنى ھەم ئەيلەگەي دەردناك».
ئېشىتتى ئەمىردىن بۇ قىسمى كەلام،
كى تۇنگانىلار يىغلاشىب خاس - ئام.
بولۇب سەربەرەھنە ئالىب تىغ تېز،
خىتاي سەفلەرىگە بۇلار قىلدى رىز.
كىرىب باش بولۇب جەڭگە تۇنگانىلار،
بۇلار سوڭىدىن كىردى ئىسلامىلار.
كى ئانداغ قىلىب جەڭ ئارا ماجرا،
قىيامەت قوپاردىكى مەيدان ئارا.
ئالىب تىغ ئىلە كۇفرىلار جانىنى،
كى دەريا سۇفەت ئاقتۇرۇب قانىنى.
قولىغا ئالىب تىغ تېز ھەردەلىر،
زەمىننى قىلىب لالەدەك قىپقىزىل.
دەمى تىغ خەنجەر يېتىب تا ھاۋا،
تېمىب قانى جەيھۇنغا بەردى سادا.
شاقا - شاق خەنجەر، چاكا - چاك تىغ،
ئۆلۇم بەيئى مۇندا بولۇب كۆب قىزىغ.
بۇ قىسمى يېتىب يەر ئۆزە كافىران،
سەرى بى تەنانۇ تەنى بى سەران.
تەندىن قوپاردى تەلى تەسقىلان،
بولۇب بەھرى قۇلزۇم سۇفەت ئاقتى قان.
مۇنى كۆردى كۇففار بولدى غەمىن،
قاچارغا تاپالماي كى خالى زەمىن.
قاچاي دېسە بار ئارقادا بىر ئۇلۇغ،
ئوتاغاتى قىل كۆڭ سۇزۈك جۇڭسۇلۇق.
بۇ كۇففارنى قويماس توسۇب قاچقالى،
تېخى قويماغاي ئاغزىنى ئاچقالى.

سالىھ خوجا ئوغلى بەھادىر ئەزىز،
مۇنى كۆردى ۋە ئاچچىقى كەلدى تېز.
دېدى جۇڭسۇلۇقنى تۇفەكدە ئاتاي،
كى دوزەخدەكى ئاتاسىغا قاتاي.
دېدى مىلتىغىن ئاتقالى راسلادى،
قورۇلغا ئالىپ سىنەسىن چاغلادى.
ئەزىز پەھلەۋان ئانداغ ئاتتى ئانى،
قوڭىدىن چىقىپ كەتتى چىركىن جانى.
خىتايلار كۆرەرلەر ئۆلۈبدۇر ئۇلۇغ،
قاچار يوللارى خالى قالمىش قۇرۇغ.
كۆرۈپ كۇفرىلار قاچقالى تۇتتى يۈز،
ئۈمىد بىرلە ئاچىپ ھاياتلىغقا كۆز.
دەلىرلەر تامام ئارقادىن سۈردىلەر،
ساناپ يەتتە يۈز ئوننى ئۆلتۈردىلەر.
سۈرۈپ يەتكۈزۈپ تا كۈرەگە يېقىن،
ئۆلۈككە تولۇپ قالدى رۇيى زەمىن.
تامام قالدى مۆئمىنگە ئالات جەڭ،
تۈمەن فو ۋە تەيفو ۋە تىرى جەدەڭ.
ھېسابدا بۇ فو توقسان ئالتە ئېدى،
كى ئەللىك ئارابادا دارۇ ئوقى.
ئالا بارگاھ بىرلە ئاق ئۆي ھەممە،
كى ئات، تېۋە، قوي ۋە ئىنەك، ئۆي ھەممە.
گۈرۈنچ، ياغ، ئۇنلار تاغارۇ تاغار،
تۈشۈپ ئولجا ئىسلامغا چۇن بىشۇمار.
بۇ جەڭنى ئەگەر كۆرسە ئاسفاندىيار،
ھەسەد يەپ بولۇر ئېردى كۆپ بىقارار.
ئەگەر كۆرسەلەر رۇستەمى فىلتەن،
قاچار ئەلھەزەر دەپ بەسۈيى خوتەن.

كى شەھلەر ھەم ياندى نۇسرەت بىلەن،
رەئايا تامام كەلدى ئىززەت بىلەن.
تامام تۈشتىلەر بارگاھقا كېلىپ،
دەلىرلەرگە بەردىكى مەجلىس قىلىپ.
بەھادىر ئاتاندى بۇ جەڭدە ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر، شاھ ساھىب سەرىر.
ئەمىردىن ھەممەنىڭ دىلى بولدى شاد،
دۇئا ئەيلەدى تاپتى غەمدىن نىجات.
دېدى بارچە ئادەم يۈرەكلىك ئەمىر،
كى بىزلەرگە دائىم كېرەكلىك ئەمىر.
كى ئابدۇرەسۇل بەگ دىلىدۇر دۇرۇست.
دىلى دۇرۇست ئۈچۈن تۇتتى خەلق ئانى دوست.
كى سۇلتان ئېشىتىپ بولۇپ كۆپ مەلۇل،
ئەمىرنى شەھىد ئەيلەمەك بولدى ئول.
ئەمىرنى يوق ئەتمەككە قەست ئەيلەدى،
ۋەلى ئۆز جانىنى شىكەست ئەيلەدى.
ھەبىبا دېمەڭلار بۇ سۇلتانغا لەئىن،
تىلىڭلار يىغىڭلاركى قىلمايكى تەئىن.
بىلىڭلار بۇ ئىشلار باھانە ئېرۇر،
ئەمىرگە قازائى يەگانە ئېرۇر.
ئوقۇلسا بۇ ئەشئار دەر ئەنجۇمەن،
دۇئا قىل بىلال ئىبن يۇسۇفكە سەن.
قابۇل بولسا شايەد بۇ قىلغان دۇئا،
دۇ ئالەمدە بۇ بەندە تاپقاي ساپا.
ئەگەر كەتسە نەزمدە سەھۋە خاتا،
كى ئەفۇ كەرەم ئەيلەسۇنلار ئاتا.
قىلىپ جۇد خاتانى تاراش ئەيلەسۇن،
كى شەر ئورنىغا خەيرى فاش ئەيلەسۇن.

ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەگنى جۇملەخالايىق ياخشىلىق سۈپەتىدە ياد قىلغانىدا سۇلتان مەئزەم خانغا گەران كېلىپ، ئەھمەدخانغا يالبارىپ ئەمىرنى ھالاك قىلماقتا تەرغىب قىلغانى. ئەھمەدخان جاھالەت تەۋسەنىگە سۇۋارە بولۇپ غەزەپ ئوتىنى ئەمىرنىڭ خەرمەنى ۋۇجۇدىغا ياققانى. ئەمىر شەھىدلىك مەيدانىدا جەۋلان قىلغانى. ئىسھاق خەزانەچى بەگ ئەمىرنىڭ مۇتابىئەتىدە شاھادەت شەربەتىنى نۇش قىلغانى. قازى نەسىرىددىن ئاخۇنغا مەنسەپ ھالاۋەتىنى تەرك قىلدۇرۇپ، زىندان گەنجىدە مەقام تۇتتۇرغانىنى موللا بىلال ئىبن موللا يۇسۇف شائىر نەزم بىرلە بايان قىلغانى.

ئايا ئەندەلىپ، ئەمدى ئەيلەڭ فىغان،
قىزىل گۈل كېتىپ يەتتى فەسلى خازان.
داۋامەت باھار سەبزە زار ئولماغاي،
خازان فەسلى يەتسە باھار ئولماغاي.
كى ئارى باھار ئۆتسە كەلگەي خازان.
خازان ئۆتسە ئالەم بولۇر گۈلىستان.
كى ھەر دەۋلەتى بولسا مېھنەت قاتىش،
كى مېھنەت ئاياغىدا دەۋلەت چاتىش.
مەئەلقىسسە سۇلتان كۆنى قىلدى بەزم،
ئەمىرنى شەھىد ئەيلەمەك بىرلە جەزم.
ئەھمەدخان خوجامنى يانىغا ئالىپ،
ئانى مال - مەنسەپكە مەغرۇر قىلىپ.

دېدىكىم: «ئەمىرنى ھالاك ئەتسەڭىز،
ئىسھاق بەگنى ھەم دەردناك ئەتسەڭىز.
چېرىك خەۋف ئېتىپ لام دېمەس ساڭا،
كى غەۋغاسىنىڭ ئەھدەسىدۇر ماڭا».
دېدى خوجا: «ئەي پادىشاھ نېكنام،
بۇلەشكەر قىلۇر بىزگە غەۋغايى ئام».
دېدى: «دانىيال بەگمۇ مۇندا كېلۇر،
كى مانجۇچە خەت تۆھمەت ئەيلەپ قىلۇر.
ئەمىرنى چاقىپ ئۇشبۇخەتنى ئالىپ،
كى ئەلدىن نىھان يانچۇقىغا سالىپ.
ئەمىر ئۆلسە ئاندىن چېرىكنى يىغىڭ،
ئەمىر يانچۇقىدىن بۇ خەتنى ئالىڭ.

تۇرۇپ دانىيال بەگ ئەمىر باشىدا،
بۇ خەتنى ئوقۇغاي چىرىك قاشىدا.
ئىشتكەن كىشىلەر بولۇپ بەدگۇمان،
تامامى دېگەيلەر ئەمىرنى يامان.
كى قازى كالانغا سالىڭلار كەمەند،
قولىن باغلاپان ئەيلە زىنداندا بەند.
كى ئاندىن كېيىن قالماغاي خۇن تەلەب»،
كى تارقاشتىلار بۇ سۇفەت سۆزنى دەپ.
ئانىڭدىن ئاڭا خوب دېيىلدى بۇ سۆز،
كىشىدىن كىشىگە يايىلدى بۇ سۆز.
قۇتبىددىن ياساۋۇل، جالال دورغالار،
ئەمىر قاشىغا تېز يېتىپ كەلدىلەر.
كى موللا ئاشۇر باقى، موللا ئاشۇر،
مەمەت شاھ ياساۋۇل بەگ كى ئىسلام زور.
كى دەۋلەت سوفى بىرلە ياقۇپ مىراب،
بۇلار يىغلاشىپ قىلدى چەشمەنى ئاب.
دېدىلەر: «ئايا شاھى تۇرانىيان،
شەھەرگە كېتىڭ ئىش بولۇپدۇر يامان.
ئەھمەدخان بۇگۇن سىزنى ئۆلتۈرگۇدەك،
غەزەپ ئوتىدا بىزنى كۆيدۈرگۇدەك».
دېدى شىردىل ئابدۇرەسۇل ئەمىر،
نەدۇركىم ئەمىر، شاھ ساھىب سەرىر.
«مەئزەم خان، ئەھمەدخان بىرلە ئۆزەم،
كەلامى خۇدا بىرلە قىلغان قەسەم.
مېنى ئۆلتۈرۈر بولسا تۇتقاي كەلام،
كى بولسام شەھىد تاڭلا تاپقۇم مەقام.
كەلامى خۇداۋەندە گۇۋاھىم دۇرۇر،
تەۋەككۇل مېنىڭ رەھنەمايىم دۇرۇر.
كى ئۆلتۈرسە بىزنى قايۇ ناسەزا،
خۇدانىڭ قازاسىغا بەردىم رىزا».
تەۋەككۇل قىلىپان يانىڭلار، دېدى،
كى تېز ئوردا سارى بارىڭلار، دېدى.
بۇلار يىغلاشىپ ياندىلار زار - زار،
كى ئوردىغا كەلدى بولۇپ بىقارار.
بارات ئاي بىرى بېشى جۈمە ئىدى،
ئەھمەدخان ئەمىرنىڭ قەيىدا ئىدى.
كۆرەر خوجا چۇن بارگاھ خالىدۇر،
كى خالى ئىكەن دەپ بولۇشتى سۈرۈر.
خوجا ياشۇرۇن تىغ خەنجەر ئالىپ،
ئەمىر چادىرى ئىچرە كىردى كېلىپ.
خوجا ئىچكەرى كىردى قىلماي سالام،
ئەمىر ئەيدى: «ئىشنى قىلىپمەنكى خام».
يەنە توختى ئاخۇن، قولى يۈز بېگى،
نەدۇر يۈز بېگى، بىر ساۋۇق مىز بېگى.
ئەمىر ئولتۇرۇپ ئېردىلەر تەختىدە،
نە ئىشقا خوجام كەلدى بۇ ۋاقتىدا.
ئەمىرگە خوجا سۆزلەمەي سالدى تىغ،
كېسىپ پارە يەرنى بۇ تىغ بى دەرىغ.
بۇ تىغ تېز ئۆتتى ئەمىر باشىغا،
كى فەرقى سەرىدىن ئۆتۈپ قاشىغا.
قولى يۈز بېگى ئاندا سالدى سىنان،
ئەمىرگە كۆرۈندى قاراڭغۇ جاھان.
دەپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» يىقىلدى ئەمىر،
شەھىد بولدى ئول يەردە ئول شىرگىر.
ئىسھاق بەگنى ھەم ئاندا قىلدى ھالاك،
كى فەرزەندلەرىنى قىلىپ دەردناك.
بۇ غەۋغانى ئاڭلاپ تامام غازىلار،
تۇشۇپ زىلزىلە بارچە قوزغالدىلار.
ئەمىرنىڭ مۇلازىملارى خەۋپ ئېتىپ،
قاچىپ كەلدى تۈندە شەھەرگە يېتىپ.
بۇ غەۋغانى ئاڭلاپ كى قازى كالان،
دېدى: «كۇفرى بولمىش تامام مۆئمىنان».
تۇرۇپ ئاخۇنۇم زار - زار يىغلادى،
بۇ تۈندە بولۇپ بىقارار يىغلادى.
يىغىلغاي دېدى بولسالار جان فىدا،
ئەمىر قاتىلىنى قىلۇرغا تەباھ.
شەھەرنىڭ ئىچىگە تۇشۇپ غۇلغۇلە،
كى ئەركەك - تىشى بارچە دەر زىلزىلە.
ئەزىز خاتىبۇ بۇ ئەلئەتا، بۇ ئەلھەسەن،
يەنە ئارزۇ مىلىك بەگ، سابۇنچى ھەسەن.
جالال دورغا، ئىسلام موللا، ئاشۇر،
مەمەت شاھ ۋە دەۋلەت سوفى بىرلە نۇر.
يەنە قۇتبىددىن، ئوسمان ئاخۇن، رەشىد،
يۈسۈف ئاخۇن ۋە توختى زۇھراب سەئىد.
بۇلار ئىلكىگە تىغ بەررا ئالىپ،
بۇقازى كالاننىڭ قاشىغا كېلىپ.
كى رۇخسەت بېرىڭ بىز بارۇرمىز، دېدى،
خوجانىڭ باشىنى يارۇرمىز، دېدى.
دېدى ئاخۇنۇم: «ئەيلە دەربەندنى بەند،
كى ئەۋباشلار ئۇرماسۇن بىزگە فەند».
كى دەرۋازالارنىكى بەند ئەيلەدى،
خالايىققا ئىلتاپ سەمەن ئەيلەدى.
بۇياندىن ئاغاچە مۇنى ئاڭلادى،
ئاغاچە ۋە فەرزەندى كۆپ يىغلادى.
كى تابىتلارى بارچەسى قان يۇتۇپ،
ئېتىپ تەرك ئاش - نان ماتەم تۇتۇپ.
يۈزىنى ئويۇپ ئاغاچەم زار - زار،
ياقا چاك ئېتىپ ھەم بولۇپ بىقارار.
دېدى ئاغاچە «ئاھ ئەمىر، ئاھ ئەمىر،
ماڭا سەن ئىدىڭ مىسلى بەدر مۇنىر.
نە بولدى ئېكىن گۇل سۇفەت قامەتىڭ،
بولۇپ قانغا ئالۇدە نەقرە ئاتىڭ.
بولۇپ خۇنغا ئالۇدە ئايدەك يۈزۈڭ،
كى تۇفراققا ئاغۇشتە ئاھۇ كۆزۈڭ.

مېنىڭ باغ ئۆمرۈمدە ئېردىڭ گۈلى،
ئېدىڭ ناشۇگۇفتە گۈلۈم بۇلبۇلى.
سېنىڭسىز ماڭا كېرەك ئېرمەس جاھان،
تۆكۈلگەن قانىڭغا فىدادۇر بۇ جان.
نىھال گۈلئۇزارىم گۈلى يا ئەمىر،
كى غۇنچە لەبىم بۇلبۇلى يا ئەمىر.
سەن ئېردىڭ باشىم ئۆزرە تاجى ئەمىر،
مېنىڭ دەۋلەتىمنىڭ راۋاجى ئەمىر».
كى ئوزرا خانىمنى قىلىپ فەخشى دەرد،
كېتىپ دۇشىدىن زايىل ئولدى خىرەد.
بۇياندىن تېپىپ بەگ بولۇپ تۇرفەزار،
ياقاسىن قىلىپ چاك بولۇپ بىقارار.
دېدى: «قايدا سەن مېھرىبانىم ئاتام،
يېتىم ئەيلەدىڭ سەن كى جانىم ئاتام.
سەن ئۆلگۈنچە مەن چۇن ئۆلۈپ كاشكى،
بۇ قاتتىغ ئەلەم كۆرمەسەم كاشكى».
بۇتۇن يىغلاشىپ بولدىلار زار - زار،
شەھەر خەلقى ھەم بولدى كۆپ بىقارار.
كى ئاخىر قازاغا بېرىبان رىزا،
كى فەست بولدى بۇغۇلغۇلە ماجىرا.
ئەھمەدخان ئۆزىن كارىدىن خەۋف ئېتىپ،
كى ئەۋباشلارنى ئوشۇل تۈن يىغىپ.
خوجا تېز شەھەرگە ئېبەردى چېرىك،
«تۇتۇپ قازىنى مۇندا كەلتۇر تىرىك».
دېدى نە جەھەتدىن كى كۇففار ئاتار،
كى ئىسلامنى كۇففارىلارغا ئاتار.
بۇ سۆزنىڭ جاۋابىغا كەلگەي ئۆزى،
دۇرۇغمۇ ۋە يا راستمۇدۇر بۇ سۆزى.
كى قازى كالان بولدىلار كۆپ غەمىن،
كى كۆمدۇردى تېز قەلئە دەرۋازەسىن.
يامان قورقتى بۇ شەب بۇئاخۇنلۇغۇم،
دەمى سۇبھى سادىقتا تەرك ئەتتى نەۋم.
كى ئاخىر بۇ لەشكەر يېتىپ كەلدىلەر،
تامام كار بارىن بايان قىلدىلەر.
تامام بولدى تۈن ئاخىرى ئاتتى تاڭ،
مۇئەززىنمۇ ئازان ئوقۇن ئۇردى باڭ.
نەچچە خاس بىلە ئاخۇنۇم ئاتلانىپ،
دەر بارگاھىغا كەلدى يېتىپ.
كى سۇلتان دېدىلەر: «سوراڭلار مۇنى،
ئۆلۈم كەلتۇرۇڭلار تۆكۈلسۇن قانى».

سوراب ئاخۇنۇمنى بۇ ئەھلى ئۇلۇم،
گۇناھ قويدىلار دېدى كەلدى ئۆلۈم.
كى سۇلتان دېدى: «ئۆلتۇرۇڭلار ئانى،
كى ئوتقا ياقىپ كۆيدۇرۇڭلار ئانى».
ھەممە خەلق ئەيدى: «بۇدۇر ئۇلەمائ،
كى ياخشى ئەمەس بۇنى قىلماق تەباھ».
كى ئالدى بۇ ئاخۇن گۇناھىن تىلەب،
تامام خاسلار بىرلە ئەھلى ئەدەب.
بۇدۇر كار بارى فەلەك روسيا،
گۇناھسىز كىشىگە قويۇرلار گۇناھ.
ئۆلۈمدىن بۇ ئاخۇننى ئەيلەب ئەسىن،
ئالىپ زور بىلە قازىلىق مەنسەبىن.
بۇ ئاخۇنلۇغۇم مەنسەبىنى ئالىپ،
كى زىندانغا سالدى نەزەربەند قىلىپ.
ئېخى كەلتۇرۇپ شەۋكەت ئاخۇننى چۇن،
ئاڭا بەردى قازى كالانلىق ئورۇن.
كۆرۈڭ كاج رەفتار فەلەك گەردىشى،
جافا، زۇلۇم ئېرمىش ئانىڭ ۋەرزىشى.
خالايىق ئەمىرنىڭ تەنىنى ئالىپ،
ئىسھاق بەگنى ھەم نەئىش ئۆزرە سالىپ.
شەھەر تاشىدا ئىككى يەرنى قازىپ،
تامام ياندىلار ئاندا مەدفۇن ئېتىپ.
ئەمىر نەۋ جەۋاننىڭ تامام مالىنى،
كى قازى كالاننىڭ كى ئەمۋالىنى.
كى بىر - بىر ساناب دەفتەرىگە ئالىپ،
خەزايىنغا ئالدىكى غارەت قىلىپ.
كۆرۈڭلار نېچۈك بىۋاپالىغ دۇرۇر،
بۇ ئىشلار سىتەم ۋە پۇر جافالىغ دۇرۇر.
كى ئارى مۇسۇلمانغا يەتسە ئەلەم،
ئانى ئەيلەمىش ھەشرىدە مۇھتەرەم.
كى مۇئمىن بۇ فانىدا تارتسا جافا،
كى بار بىر جافا ئورنىغا مىڭ ۋافا.
ئۇلەمائ دېدى: فانى مېھنەت سىرىشت،
كى ئەقەبى سارايى سائادەت سىرىشت.
دېمەڭ بۇ ئىشلارنى خەلقدىن ئېرۇر،
كى ھەر ۋاقىئە ئەمرى ھەقدىن ئېرۇر.
ئۇزاتما بۇ ئىشقا مالامەت تىلىن،
نەتەئىنە، نە لەئىن جاھالەت تىلىن.
ئايا نازىمى، سۆزنى قىلما دەراز،
قىلىپ مۇختەسەر باشلاغىل نۇكتە باز.

ۋىلايەت تەرەفىدىن سەيىد ئۆمەرخان خوجام ئىنىسى بىرلە دۇئاگىر خوجاملارنىڭ كەلگەنى. قەلئەئى كۇففارغا ئەۋۋەل باغلاغان شىبەگە كۇففار ئوت قويۇب كۆيدۇرگەندە، خوجاملار يەنە قەلئەئى كۇففارنىڭ رۇبەرۇسىغا يەنە ئىككى يەرگە شىبە قوپارىپ، كۇففار بىرلە جەڭ قىلغانى.

سۇرۇر جامىدىن مۇغبەچە تۇتسا مەي،
ئىچىپ نازىمى چالغۇسى تۇرفە نەي.

ئېشىتسۇن بۇ نەينىڭ ساداسىنى خەلق،
كۆڭۈل بۇلبۇلىنىڭ ناۋاسىنى خەلق.

چۈ نەينىڭ ساداسى ئېرۇر دەردى سۇز،
كى بۇلبۇل ناۋاسى بۇ قىسمى رۇمۇز.
كېلۇر ئۈچ خوجا ئەندىجان سارىدىن،
كېلىب ئۆتتى دەريايى خونخارىدىن.
بۇ ئۈچىنىڭ ئۇلۇغى ئۆمەرخان ئېرۇر،
ئۆمەرخان خوجام بىزگە مىھمان ئېرۇر.
ئېشىتىب خوجام كەلگەنىن غازىلار،
كى ئىخلاس ئېتىب فىشباز باردىلار.
خوجالار قولىنى قىلىشىب تاۋاق،
زىيارەت قىلىشىب ئالىشىب ساۋاب.
كى نۇرغۇن كىشىدىن ئەلالا چىقىب،
يۇرەك يارغۇدەك شور غەۋغا چىقىب.
تامام چوڭ - كىچىكلەر قىلىب گىريە - زار،
ئۆزىن يەرگە تاشلاب بولۇب بىقارار.
تەبەررۇك دېيىشىب لىباس - تونىنى،
فىراھىنۇ ئېزەر ئىچ تونىنى.
خوجامنىڭ تونىنى ئۈزۈب تويمادى،
ئۈزۈب تىرمالاب ھېچ فۇتۇن قويمادى.
ئالىب كىردى ئاخىر خوجامنى بۇلار،
كى تۇشكۇن ئۇچۇن ياخشى جاي بەردىلەر.
خوجامغا بېرىب گۇنە - گۇنە تائام،
خوجامدىن سوراب تۇرفە - تۇرفە كەلام.
قونۇب بىر كېچە ئاندىن ئاتلاندىلار،
باياندايى سارىغا راۋان بولدىلار.
خوجام بىرلە باردى تامام بايلار،
كى ھەمراھ بولۇشۇب مىنىب تايلار.
فولاد باي، مۇھەممەد ئەلى ئاخۇنۇم،
ئەيسا ئاخۇنۇ ئابدۇرامان چوقۇم.
ۋەلى خوجا، باياق ئاخۇن خوجا،
شەرىف، مىرقاسىم باي، ئاشۇر خوجا.
تىلىبالدى، تۇردى، ھۇسەيىن خوجالار،
ئۆمەر خوجا بايۇ ھەسەيىن خوجالار.
يۇسۇف شىبەچى، مىرزا بايلار تامام،
ئەزىز قۇرباشى بىرگە سۇردى خىرام.
تاشكەندباي، يۇسۇف خوجا، مىرسالىھلار،
مىر ئابدۇللا باي بىرلە مىر ئاللار.
خەبەر باردىلار بارگاھقا يېتىب،
تامام خاسلار كەلدىلەر ئاتلانىب.
ئالىب باردىلار راست قىلىب بارگاھ،
سەيىد زادەلەرگە تۇزۇب خابگاھ.
كى مىھمان ئۇچۇن قوي، ئۆكۈزلەر سويۇب،
خوجام ئالدىدا نان - نېئمەت قويۇب.
بۇ ئىخلاسنى كۆردى خوجام بولدى شاد،
تامام نامرادلار تافىشتى مۇراد.
ئېشىتتى مۇنى كۇفرىلارنىڭ چوڭى،
نەچوڭ بولغۇسى، زاغلارنىڭ قوڭى.
يىغىب بۇ لەئىن كۇفرىلار دۇزنى،
ئىچۇردى بۇلارغا ئاراق - بوزانى.
بادارىن بۇلار ئالدىدا يىغلادى،
باشىنى چالىب يەر - جاھان تىغلادى.
دېدى: دۇزلار ئىش بولۇبدۇر يامان،
كۇرە لەشكەرى كەلمەدىلەر بۇيان.
نەدىن قىلمافايمىزكى گىريە ۋە ئاھ،
قوپارغان شىبە بىزگە بولدى بالا.
سۆزۈمنى ئېشىتسەڭ ئايا ئەھلى بۇت،
چىقىب تۇندە ياققىل شىبەلەرگە ئوت.
كى ۋەيران قىلىڭلار شىبەنى بۇزۇب،
كى جەڭ ئەيلەگىز مەردلىك كۆرگۈزۈب.
قولۇڭلارغا تىغ بىرلە شەشپەر بېرەي،
خەراجاتىڭىزلارغا كۆپ زەر بېرەي.
بۇ ۋەئدەنى ئاڭلاب تامام دۇزلار،
يامانلىقدا چۇن نارەئى سۇزلار.
بولۇب ھەر بىرى قەھرىدە ناردەك،
كى ئەفئى كەبى زەھرەلىغ ماردەك.
تامام دۇزلار كېچە سىفىلدىن تۇشۇب،
كۆرۈنمەي كىشىگە يامان قورقۇشۇب.
كى تۇنگانلاردىن قىلىب ئېھتىيات،
شىبەنىڭ يانىغا يېتىب كەلدى فات.
ئېدى بىخەبەر بارچە خەلق بۇزامان،
بۇدۇزلار كېلۇر دەب قىلىشماي گۇمان.
شىبە ئۆزرە چىقتى تامام ئەھلى بۇت،
كى نەئرە ئۇرۇشۇب تامام قويدى ئوت.
ك ەزى ئۇيۇماي تۇرۇز قايغۇدا،
تولاراق چېرىك ئېردىلەر ئۇيقۇدا.
بىلەلمەي حالايىق نە ئىش بولدى دەب،
بولۇب تەفرىقە قاچتىلار ھەر تەرەف.
شىبە ئۆزرە چىقتى نەچچە كافىران،
يېتىب ئېردى ئۇستىدە بىز پەھلەۋان.
كى توختى مەمەت ئېردى ئىبن سوفى،
تۇفەك بىرلە ئاتتى ئىككى كۇفرىنى.
يەنە ئاتقالى كۇفرى ئۇلگۇرتمەيىن،
شەھىد ئەيلەدى چۇن ئۇرۇب تىغ كېيىن.
كى خەنجەر بىلە تەننى يارە قىلىب،
نەيارە قىلىب، فارە - فارە قىلىب.
يانىب شىبەدىن تۇشكۇچە كافىران،
ئاراغا ئالىب جۇملە ئىسلامىيان.
تامام دۇزلارنى ھالاك ئەيلەدى،
خىتايلارنى كۆپ دەردناك ئەيلەدى.
يەنە شىبە بۇيرۇب ئۆمەرخان خوجام،
تۇزۇب ئىككى يەرگە قىلىب ئىھتىمام.
يەنە ئىككى چوڭ شىبە بەرپا قىلىب،
شىبە ئۇزەسىگە دەلىرلەر چىقىب.
ئەلاخان شىبەگە چىقىب باش بولۇب،
كى ئەلا سوفى ئاڭا يولداش بولۇب.

ئەزىز پەھلىۋان، ئابدۇۋارىس دەلىر،
مۇھەممەد سوفى ھەم ئەلى شىرگىر.
كى توختى مۇھەممەد، ئەبۇلخەيرىلەر،
كى جەئفەر ۋە قاسىم تۇفەك ئاتىسلار.
دەلىرلەر ئاتىپ زەنبۇرەكلەر بەسى.
بۇلۇتتەك بولۇپ دارۇلارنىڭ ئىسى.
تۇتۇن ئوت ئارا غايىب ئولدى شەھەر،
خىتايلار ئۆزىدىن بولۇپ بىخەبەر.

قىلۇر ئىرىيە - زار كۇفرىلار دۇم ياتىپ،
تۈگەندى خىتايلار سەقەرگە كېتىپ.
كى تارتتى خىتايلار سىفىلغا كىگىز،
كىگىزنى سۇفەر قىلدى ئول بىتەمىز.
سىفىلغا ئەدۇۋ قانىدا بەردى رەڭ،
بۇ قىسىمدا نەچچەند زامان بولدى جەڭ.
بۇ نازىمغا تۇت ساقىيا باشقا مەي،
ئىچىپ شاد ئولۇپ باشقا بىر نۇكتە دەي.

جاڭجۇن ل.ئىن يەنە بىر تۇمەن لەشكەرى ئەئدانى جەمئى قىلىپ، سۇلان ۋە شىبىرلاردىن لەشكەر ئالىپ، لەشكەرى ئىسلامنىڭ ئۈزەسىگە ئىبەرگەنى ۋە لەشكەرى ئىسلام كۇففارنى كۆزىگە ئىلماي، ئۆز قۇۋۋەتىگە ئىشەنىپ، بىئىبا كۇففارغا رۇبەرۇ بولغانىدا، لەشكەرى كۇففار ھىلە قىلىپ مۇسۇلمانلارغا شىكەست بەرگەنى ۋە نەچچەند مۇسۇلمانلار شەھىد بولغانى.

قەلەم تارتتى باشىغا چەترى سىيا،
سەھايىف يۈزىنى قىلۇرغا قارا.
زىيا سەفھەلەرنى قارا ئەيلەگەي،
كى شورىش سۇخەن ماجرا ئەيلەگەي.
بۇ قىسىد بىرلە جارى بولۇبان قەلەم،
كى ئەيدا قىلىبدۇر كەلامى سىتەم.
بارات ئايىنىڭ كى ئون توققۇزى،
كۈن ئىچىندە سەشەنبە ئېردى كۈنى.
بۇ جاڭجۇن لەئىن كۆپ چېرىكنى يىغىپ،
كى كۆبرەكنى سۇلان، شىبىردىن ئالىپ.
كى ھەر بىرسىگە چۇن بېرىپ ياخشى ئات.
يۈرۈتتى تامامىن بىر ئاي غازات.
كى تۇڭگانلار بۇ خەبەرنى ئالىپ،
مۇسۇلمان ئارا كەلدى تېز ئات سالىپ.
بەنەزدەك سۇلتان ساھىب قىران،
كىرىپ ئۈشبۇ ئەخبارنى قىلدى بايان.
كى مەنلەڭ بولۇپ شاھ ئىسلامىيان،
كۆرە ئۆزرە لەشكەرنى قىلدى راۋان.
راۋان بولدى شەھ ھەم ئۆمەرخان خوجام،
بۇلار سوڭىچە يۈردىلەر خاس - ئام.
شىجائەت قىلىشىپ بۇ ئىككى گورۇھ،
دۇيۇقۇ يېرىدە بولۇپ رۇبەرۇ.
دېدىلەر كۆرۈپ بارچە ئىسلامىيان،
بولۇر جەڭى سىييۇم سۇفەت بىگۇمان.
كى لەھزە ئىچىندە ئالۇرمىز، دېدى،
خۇدا خاھىشى نە ئېكىن بىلمەدى.
دەلىرلەر ئەدۇۋغا چۇنان قىلدى خېز،
ئەدۇۋ قانىنى چۇن قىلىپ يەرگە رىز.

كى مۆئمىنگە كەلتۈرمەيىن كۇفرى تاب،
كۆرە سارىغا قاچتى ئەيلەب شىتاب.
كى مۆئمىن ھەممە ئارقادىن قوغلادى،
خىتاي ھىلەسىنى بۇلار بىلمەدى.
كى يەتكۈردىلەر كۇفرىنى قەلئەگە،
ئەدەدسىز خىتاي چىقتى تېز ئالدىغا.
مۇنى كۆردى خەۋف ئەتتى ئىسلامىلار،
يانىپ ئارقاغا قاچتى تۇڭگانلار.
خىتايلار يانىپ ئارقادىن سۈردىلەر،
قىرىق نەچچە مۆئمىننى ئۆلتۈردىلەر.
زىيا، ئەلى ئاخۇن، ياقۇبلار،
بۇ جەڭدە گۇمانسىز شەھىد بولدىلار.
خىتاي قوغلاشىپ كەلدى لەنگەرگە تېز،
كى توختاتتى خەلقنى ئۆمەرخان ئەزىز.
كى لەشكەر تاپىپ ئاندا ئازراق شىكەست،
ھۆكۈم بىرلە چالدى تەبىل باز گەشت.
بۇ كۇففارمۇ ھەم قەلئەسىگە يانىپ،
قىلىپ شادلىق لاتىغا باش چالىپ.
تامام ئەھلى بۇت تۇرفە مەسرۇر ئولۇپ،
فەلەكنىڭ بۇ فەندىگە مەغرۇر بولۇپ.
دېدى: «ئەمدى ئۇرماس فەلەك بىزگە كاج».
قۇۋانىپ فەلەككە يۈرۈر ئېردى ئاچ.
كى مۆئمىن ھەممە بىدىماغ بولدىلار،
كى خۇش دىللىغ كامراق بولدىلار.
تۇتۇڭ ساقىيا بىزگە گۈلگۇنە مەي،
ئىچىپ نۇكتەئى شادلىغ كەلتۈرەي.
ئاچىلسۇن سەھايىفدا ئەشئار گۈلى،
ناۋا ئەيلەسۇنلار زەبان بۇلبۇلى.

مۆئمىنلەر جىھاد ئۆزرە ئىستىقامەت كۆرگۈزۈپ، زىكىر «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» نى ۋىرد قىلىپ، كېچە - كۈندۈز سىددىقى ئىخلاس بىرلە خۇدايى ئالەمىيان دە. گاھىدىن ئىستىئانەت تىلەب، تەۋبە نەزەررۇئلار قىلغانى ۋە بۇ كەلىمە شەرىفنىڭ فەزىلىتىدىن ئان پادشاھى خەيرەننا سىرىن مۆئمىنگە ئۆز فەزلى كەرەمى بىرلە نۇسرەت ئەزىم ئاتا قىلىپ، قەلئەئى كۇففار فەتھ بولغانى.

كى ناقىل نەسىمى كەتۈردى سۆخەن،
نەدۈركىم سۆخەن، بۇيى مۇشكىن خوتەن.
بولۇپ ئۇشبۇ بۇيىدىن مۇئەتتەر دىماغ،
سارايى سۆخەن ئىچرە ياندى چىراغ.
كى فەرۋانە دىل ئۇردى ئاندا ئۆزىن،
لىسان تاقەت ئەتمەي چىقاردى سۆزىن.
سۆزىنى ئىشىتسەڭ ھىكايەت رۇمۇز،
كى تەھتىگە باقساڭ تامام دەردى سۇز.
كېلىپ بىر كۆڭلى نازىنىغا ئەلى،
ئەلى دەر ماڭا «ئەي سۆخەن بۇلبۇلى.
كى فەتىھ باياندىن بايان ئەيلەگىل،
ۋەرەققە سىزىبان ئايان ئەيلەگىل» .
بۇ ۋەجھە ئىدى ئەيلەدىم مەن بايان،
بۇ قىسمى بايان ئەيلەدى ناقىلان.
مە ئەلقىسسە ئەييار سادىر دىماغ،
قىلىپ بىر لەقىم كورلاماقتا ياراغ.
يەنە باشقا بىر چولڭ لەقىم راس ئېتىپ،
م ئىچىگە دارۇ - ئوق فاس ئېتىپ.
ئاڭا ئوت ياقىپ دارۇدىن چىقتى باڭ،
چىقىپ كەھكەشانى فەلەك ئۆزرە چاڭ.
ياغىپ خىش - كېسەكلەر خىتاي باشىغا،
كېلەلمەي خىتايلار شورە قاشىغا.
خىتايلار ياراغدىن ئاتار تاش - كېسەك،
خىتايغا دەلىرلەر ئاتار زەنبۇرەك.
شوراغا كېلەلمەي خىتايلار يېقىن،
قىلىپ بارچە مۆئمىن شورىدا كەمىن.
ئابدۇسوفى مىڭ بېگى ئىدى خەلققە باش،
مۇھەممەد ئىمىن دورغا بىرلە جەفاش.
قاۋاش قازى بىرلە قاۋاش مىڭ بېگى،
بەھادىر قاۋاشۇ قاۋاش يۈز بېگى.
كى تۇنگانىلاردىنمۇ سەيتۇز ئاتار،
كى لوبار ۋە لوخار ۋە لوسى ھاۋاز.
بۇلار تۇردى ئاندا تۆشۈكنى توسۇپ،
كى بەزى شەھەر قوقتاسىنى بۇزۇپ.
كى ماھ شەرىف رەمەزان ئون بىرى،
كى دەرۋازەگە قويدى ئوت بىر ئەرى.
قاراسلاپ، چاراسلاپ يىقىلدى قابۇغ،
تامام كۆيدۈرۈبان قابۇغنى تامۇغ.
قەدەم قويدى تېز تۇردى باقى ھامان،
شەھىد بولدى ئول يەردە ئول نەۋجەۋان.
ئاتىپ ئوقنى باران سۇفەت كافىران،
كىرەلمەس ئىدى قەلئەگە ھېچ جان.
دەم ئالماي ئاتىپ كۇفرىلار قىلدى جەڭ،
كىرەلمەي شەھەرگە بۇلار بولدى تەڭ.
جالال دورغا كۇففارغا ئاچچىغلانىپ،
دۇئا ئىلتىماس ئەيلەدىلەر كېلىپ.
دېدىلەر ئۆمەرخان خوجام: «سەبىر قىل،
كى نۇسرەتكە تەڭرىم ئۆزىدۇر كېفىل.
ئوشۇقما كىرۇرگە ئايا نەۋ جەۋان،
سېنىڭدەك جەۋان بولغانى خوب ئامان.
ساڭا تەگسە ئوق گۇل يۈزۈڭ كۇل بولۇر،
بالاڭ بىناۋا، خاتۇنۇڭ تۇل بولۇر» .
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جالال بولدى مەست،
كۆرۈندى بۇ ئەفلاك ئالدىدا فەست.
دېدى: «ئەي خوجام، تېز رۇخسەت بېرىڭ،
تامام غازىلارغا تەرەھھۇم قىلىڭ.
كى بىز كىرمەسەك قەلئەگە كىم كىرۇر،
كى بىز قىلماساق جەڭنى كىملەر قىلۇر.
ئۆمۈر كۆرسە فانىدا يۈز يىل كىشى،
كى ئاخىر ئانىڭ ئۆلمەك ئېرمىش ئىشى.
خۇدا بەرسە رۇخسەتنى جەڭ ئەيلەيىن،
جاھاننى خىتايلارغا تەڭ ئەيلەيىن.
تىرىك قالسا جانىم كى غازى بولاي،
كى بولسام شەھىد تېخى رازى بولاي» .
ئۇلۇغلار كۆرەر، يوق قارارى ئانىڭ،
نەسىھەتنى ئاڭلارغا رايى ئانىڭ.
ئۇلۇغلار بۇ دەم بەردى رۇخسەت ئاڭا،
بۇ نەۋئى ھىممەتگە قىلىشتى دۇئا.
ئالىپ ئىلكىگە تىغ، ئەلەمنى جالال،
خالايىققا باقتى دېدى بۇ ماقال:
«ئېرۇر جۇملە مۆئمىن فىداسى جالال،
تامام ياخشىلارنىڭ گاداسى جالال.
بەنەم بىر خۇدانىڭ ئەبدى جالال،
بولايىن بۇرۇنراق شەھىدى جالال» .
دەپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» قەدەم قويدى تېز،
كى دەربەندى سارى چۇنان قىلدى خىز.
كى دەرۋازە ئۈستىگە چىقماق ھامان،
كى بەش يەرگە ئوق تەگدىلەر بىگۇمان.
دەپ «ئاللا - ئاللا» يىقىلدى دەلىر،
شەھىد بولدى دەرۋازەدە شىرگىر.
كى دەۋلەت سوفى ئاندا ھازىر ئىدى،
مۇھەممەد ئىمىن بىرلە نازىر ئىدى.
بۇ ئىكەۋ كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ، قان يۇتۇپ،
ئالىپ چىقتىلار باش - ئاياغىن تۇتۇپ.
بۇ ئەرنىڭ تەنىن نەئىش ئۆزرە سالىپ،
كى تېز غۇلجا شەھرىگە كەلدى يېتىپ.
ئىنىسى بىلال ئېردىلەر بىخەبەر،
شەھىدى جالالدىن كى تاپتى ئەسەر.
قىلىپ گىريە - زار ۋە بولۇپ دەردناك،
ئۇرۇپ ئاھ قىلدى ياقاسىنى چاك.
يۈگۈردى چاقىندەك شەھەر تاشىغا،
يېتىپ قاشىغا چۈن سۆيۈپ باشىغا.
مازارىكى شەيخى مۇھەممەد گاداي،
ئاڭا يەتكۈرۈپ يىغلابان ھاي - هاي.

مازار قىبلە سارىغا مەدفۇن ئىتىپ،
گاھى زار ئولۇپ، گاھى ئەقلى كېتىپ.
بۇ غەمدىن قەددى نۇن سۇفەت بولدى خەم،
بۇ بەيتنى ئوقۇر ئىردى بۇ دەمبەدەم.

مۇخەممەس بىلالى

جۇدا قىلدى فەلەك سەندىن، قاياندۇرسەن قېرىنداشىم،
سېنىڭدىن ئايرىلىپ بولدى زەھەر - زۇقۇم ئىچەر ئاشىم.
فاراغەت كەتتى، غەم يەتتى، سىتەملەر بولدى يولداشىم،
قېرىنداش مېھرىبان كەتتى مېنى تاشلاپ كۆكەلداشىم،
بۇ ۋەجھىدىن تۆكۈلدى قانغا ئاغۇشتە بولۇپ ياشىم.

يۈرەك فارە، بېغىر يارە، بولۇپمەن تۇرفە بىچارە،
يۈرەك كۆيگەي قېرىنداش يادىدا ھەر بارە، ھەر بارە.
كوچالاردا يۈرۈپ يىغلاپ بولۇپ ئاۋارە، ئاۋارە،
بۇغەمدىن بولدى، ئەي دوستلار، يۈرەك مىڭ پارە، مىڭ
پارە،
نە قىلغانىمنى بىلمەسمەن بىز غەمدە ئايلانىپ باشىم.

تەخەييۇل رەخشىسى ھەر بارە كىم سەن سارىغا تارتار،
بۇ ۋەجھىدىن فىراقىڭ ئاتەشىنىڭ سۇزەشى ئارتار،
گۇلىستانىم خازان بولدى بولۇپمەن ئەندەلىبدەك زار،
نېچۈك تاقەت قىلۇرمەن فۇرقەتىڭ ئۆرتەر مېنى ھەر بار،
ئەلەمدىن ئۆرتەنىپ زەردابقا ئۆرۈلدى ئىچى - تاشىم.

باشىمغا يۈز تۈمەن غەم سالدى، كۆرگىل نىلگۈن
گەردۇن،
قېرىنداشدىن جۇدا قىلدى، قىلىپ باغرىمنى خۇن
گەردۇن،
باشىمدا دەۋرى كاج ئەيلەپ مۇدام بۇ بىسۇتۇن گەردۇن،
يوقاتىپ مەغزى سەرنى ئاقىبەت قىلدى جۇنۇن گەردۇن،
بولۇپمەن يۈز ياشار پىردەك، تۆرت توققۇز ئىدى ياشىم.

قېرىنداشىم غەمى قىلدى ئەلىفدەك قامەتىمنى دال،
ئەقىل ساچىلدى غەم باستى، بولۇپمەن بىر يولى بەدھال،
سۇرۇر كەتتى، قانات سۇندى، يۇلۇندى مۇرغ يەڭلىغ
بال،
قېرىنداش يادىدا خۇنابەلەر يۇتتى بىلالى زال،
ئۆزى كەتتى مېنى تاشلاپ جالالىدىن قارا قاشىم.

كى يىغلاپ يۈرۈپ ئۇشبۇ ئەبياتنى دەپ،
بۇ ماتەمنۇ بولدى تېخى بىر تەرەف.
رەمەزان شەرىفنىڭ كى ئون ئىككىسى،
كى غەيرەتلەنىپ مۇئمىنان جۇملەسى.
كى مەزكۇر تۆشۈكتىن كىرىپ مۇئمىنان،
خىتاينى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ تۆكتى قان.
سىپاھ ۋە خوجاملار سىفىلغا چىقىپ،
شەھەر ئىچىگە تىرى باران ئاتىپ.

كىرىپ بىر تەرەفدىن شەھەر لەشكەرى،
بولۇپ شىرغۇرران سۇفەت ھەر بىرى.
قولىغا ئالىشىپ سىنانۇ دەراز،
نەدۇركىم سىنان، مەرگى دۈشمەن گۇداز.
كى بەزى ئالىپ ئىلكىگە تىغ تېز،
خىتاي قانىنى ئەيلەدى يەرگە رىز.
كى بازغان ئالىپ جۇملە ئاھەنگەران،
باشى ئۇستا سابىر توسۇن نەۋجەۋان.
كى بەزىلەرى بولقالارنى ئالىپ،
يۈرۈر ئىردى كۇففار باشىنى يارىپ.
كى زەرگەرگە باش ئىردى ئۇستا ئەزىز،
مەمەت سوفىلار قىلدى ئەئداغا خېز.
كى تۆرت قاسىمۇ تۆرت مۇھەممەد ئىمىن،
بۇلار بارچەسى خەلققە ئىردى مۇبىن.
شىجائەت قىلىپ بۇشرى بەگ نەۋجەۋان،
خىرەدمەند يىگىت پەھلەۋانى جاھان.
سېتىلدى دىلاۋەر كى موللا ئەھەد،
يەنە ئابدۇناسىركى ئابدۇلسەمەد.
ئەلىش بىرلە ئاشۇر مەمەت پەھلەۋان،
تۆلەندى بىلە ئارزۇ بەگ نەۋ جەۋان.
كىرىپ قەلئەگە ئۇشبۇلار جۇملەسى،
كى دۈشمەننى قىلدى كى خارۇ خەسى.
يەنە كىردىلەر ئاق توغالىق ھەممە،
سالىپ كۇفرىلار ئىچرە كۆپ زىلزىلە.
ئەزىز پەھلەۋان بىرلە موللا ئاشۇر،
كى ئىسلام قاۋاش ئەل بېگى شىر زور.
كى ئايۇپ بىلە موللا زۇليا ئىمام،
بۇلار سوڭىدىن تەگدىلەر خاس - ئام.
كى غۇلجا دىلاۋەرلەرى بىر تەرەف،
نىياز مەمەت ئاخۇن بېرىپ ئانقا دەپ.
مەمەت قۇربان ئىبىن مەمەيار تۆرە،
كى ئەئزەم سوفى ئىككى ئوغلى بىلە.
ئەيىت سوفى، زاھىد تۇردى بىلە،
سالىپ كۇفرىلار ئىچرە كۆپ زىلزىلە.
خۇدايار يۈزىدىن ئىمام قازى بەگ،
ئاتى موللا زەينەل باقى غازى بەگ.
تۆلەندى قازى، ئەھمەد ئەلى فىلتەن،
كى باقى، شەرىف ئىككى سەرۋە سەمەن.
سابىر ئاخۇنۇ تۇردى ئاخۇن تامام،
بۇلار سوڭىدىن كىردىلەر خاس - ئام.
كى تۇرفان يۈزى قازى مەشھۇر ئىمام،
بىلىشلىك، كېلىشلىك كى شەرىف كەلام.
مەمەت توختى، ساقى ئىككى يۈز بېگى،
بۇلار سوڭىدىن كىردىلەر جۇملەكى.
كى فەنجىمگە بىر فىلتەن باش ئىدى،
بۇ ئەر ئاتىنى سورسا باقاش ئىدى.
كى فەنجىم ئىچىدە بۇ ئەر ئىردى باي،
ئەدەدسىز ئىدى قوي، كالا، ئات، تاي.
ئەزىم نەۋ جەۋان ئاتا فەرزەند ئىدى،

نەفەرزەندى كىم، بەلكى دىلبەند ئىدى.
مۇھەممەد سوفى پەھلەۋانى دەلىر،
سادىر قازى بەگلەر ئىدى شىرگىر.
بۇلار قىلدى جەڭ بارچەگە باش بولۇپ،
ئىمام باشلىغان يۈرتى يولداش بولۇپ.
كى مەزكۇر دەلىرلەر قىلىپ سەختى جەڭ،
ئەدۇۋ قانىدا قەلئەگە بەردى رەڭ.
كەفەك يۈزىدىن روزىمەت يۈز بېگى،
خوجام بەردى قازى بولۇپ ئۆز بېگى.
شىجائەت قىلىپ موللا سادىق ئىمام،
جىھاد ئەيلەدى بىر - بىرىن خاس - ئام.
قوتان تامدىن چۈن ئاشۇر مىڭ باشى،
ئىمام ئاخۇن ئولدى بۇ يۈرتنىڭ باشى.
تالىپ سوفى ئەللىك باشى خاس - خام،
مۇنىڭ ئوغلىدۇر كىم چىرايلىق ئىمام.
بوسۇرغا نىيازدۇر چىرايلىق يىگىت،
قوتان تام دىيارىدا سايلىق يىگىت.
ئەزىز مىڭ بېگىدۇر جەلىلنىڭ يۈزى،
ئاللا يار موللا ئىبدى يۈز بېگى.
كى ئابلا ئەزىز يۈز بېگى قاشقا بەگ،
تامام قاشقالارغا ئىبدى باشقا بەگ.
قىزىلچە بۇلاق، موللا توختى يۈزى،
كى باقى مىراب بولغان ئىبردى ئۆزى.
خوجام نىياز يۈز بەگ ئىبدى ئەلگە باش،
خۇدابەردى يۈز بەگ، تاھىر تېۋە باش.
يەنە ئۈشكۈ تۈمشۇق خۇدا بەردىلەر،
كى يۈرتى بىلە كۆپ جىھاد قىلدىلەر.
سادىق يۈزى ئىچىندە مۇسا دەلىر،
ئىمامى بىلە ئابدۇقار شىرگىر.
چۇلۇقاي، بۇلۇكەي، سۇفتايىلار،
قاۋاش مىڭ بېگى باش بولۇپ كىردىلەر.
نىيازمەت مىراب بىرلە بەتتاللار،
كى نىلخا، ئۇلاستايى، قاتتاللار.
كى خالى تۆرە، ئەلى چاققان تۆرە،
يەنە بىرگە جەڭ قىلدى قەمبەر تۆرە.
تۆرە ئابدۇقاھار ئارابوز بېگى،
ئىمام باقى، سادىق كى قازى ئىبدى.
كى تۇردى مەمەت ھاجىدۇر ئۆز بېگى،
سىدىق، تۇردىلار نامدار يۈز بېگى.
مۇھەممەد رەھىم تۆرە بەگ غازىدۇر،
مەمەت توختى بەگ يۈرتىغا قازىدۇر.
بورا بوغاسوندىن ئىبدى ئىككىسى،
بۇلار سوغىدىن قىلدى جەڭ جۇملەسى.
تاش ئۆستەڭ ئابابەكرى بەگ شىر مەرد،
مەڭلىك يۈز بېگى، ئەيسا ھاجى خىرەد.
بۇلار كىردىلەر جەڭگە خەنجەر ئېلىپ،
كى تابىئلارى تىغ - شەشپەر ئالىپ.

ئارا ئۆستەڭ ئارا قازى ئەسكەر سىپاھ،
شەمسىددىن خەلفە ئالىپ نەيزەھا.
تېخى قەمىرىددىن خەلفە ھەم يار ئولۇپ،
قاۋاش ھاجى ئاخۇنمۇ دىلدار ئولۇپ.
كى موللا ئەھەد تۆرە بەگ نەۋ جەۋان،
كىرىپ مېھرىدىن بەگ بىلە بىگۇمان.
بۇلار ھەم تېخى نەئرەھالار چېكىپ،
ئەزىم بەگ تېخى كىردى ئات ئوينىتىپ.
نىزامى مىراب بەگمۇ غەيرەتلەنىپ،
كىچىك مۇھتەسىب نەۋجەۋان ئات سالىپ.
كىرىپ تۇردى يۈز بەگ بولۇپ دەرغەزەب،
بېرىپ چۈن خىتايلارغا چەندان ئەدەب.
بىلال يۈز بېگى ھەم ئىماملار بىلە،
قىلىپ كۆپ جىھاد خاس - ئاملار بىلە.
سۇفۇرگى قازى، ئابدۇۋاھاب قازى،
جىھادلار قىلىپ قانغا چۆكتى تىزى.
يەنە موللا قۇتلۇق، غەنى نېك نام،
كى بىرگە كىرىپ ئابدۇقاھار ئىمام.
ئابلاش يۈزىدىن قازى بەگ نەۋ جەۋان،
ھېيد باقى ھاجى جاھان پەھلەۋان.
كى ئاق تامدىن كىردى كۆپ غازىلار،
كى موللا ھېيت باقى، ھەمەرقازىلار.
يەنە موللا ئىدرىس، مەڭلىك دەلىر،
جىھاد ئەيلەدى چۈن بولۇپ نەرە شىر.
كى سۇلتاش يۈز بەگ شىرە بوغاچى،
ئىمامى بىلە كىردى ئەللىك باشى.
كىرىپ بارتوقايدىن خۇدابەردى بەگ،
كى ياقۇپ مىرابلار بولۇپ مىسلى كېرەك.
مەمەت باقى بەگلەركى جادو ساقال،
ئەلىش باي، ئاشۇر جارۇپ ھال.
سادىر دورغا، قادىر، ئابۇلغازىلار،
مەمەت باقى تۆرە، سەمەد غازىلار.
سۇفۇرگى كى يۈز باشى، سوفى نىياز،
جەئفەر يۈز بېگى ئارقادىن كىردى باز.
كى موللا چورۇق بەلكى ئوغلى بىلە،
كى توقسۇن تۆرە ئەيلەبان غۇلغۇلە.
تۆرە بەختىيارلار بىلە يۈز بېگى،
يۇنۇس باقى، ھوشۇر باقى قازى بېگى.
كى توققۇز تارادىن ئەلى تۆرەلەر،
نىياز ھاجى بەگلەر جىھاد قىلدىلەر.
ئابدۇللا تۆرەبەگ، يۇنۇس قازىلار،
ئابدۇلباقى قازى ئىبرۇر غازى بەگلەر.
سەلىم چۈن مۇكەررەم كى قارى ئىمام،
تاھىر قازى بەگ، موللا تۇردى تامام.
كى ئىسلاملار شەھەر ئارا فەۋج - فەۋج،
كى قەلئە ئارا چۈن بولۇپ مەۋج - مەۋج.
بىرىنچى قىلۇۋغا يىغىلدى خىتاي،

كى دارىن دېدى: «ئەمدى قايدا باراي».
مۇسۇلمانۇ كۇففار قىلدى سوقۇش،
تۆكۈلگەن قىزىل قان ئۇرۇب يەردە جۇش.
بولۇب ئات كېچىب قان تۇۋاقى قىزىل،
كى تاملار قىزىل ھەم سۇۋاقى قىزىل.
تورۇسلار قىزىل ھەم قومۇشلار قىزىل،
كى خەنجەرنى سالغاندا مۇشلار قىزىل.
چاراقىقا - چۇرۇققا قىلىنچلار ئۈنى،
تاراققا - تۇزۇققا سالىب غولدىنى.
جاراققا - جۇرۇققا، تاراققا تۇرۇق،
قولۇ فۇت سۇنۇق، باشى، قاشى يارۇق.
چاقىشىب، ئۇرۇشۇب قىلىب ھاي - ھۇي،
يارىم ئۆلگەن ئادەم چېكىب ۋاي - ۋۇي.
دەلىرلەر ئۇزۇن نەيزە قولغا ئالىب،
گاھى بەزىسى قارنىغا تىغ سالىب.
كى پەھلەۋانى ئەئداغا ئاتىب تۇفەك،
گاھى توق ئىچىگە ئېتىب زەنبۇرەك.
گاھى ئول قاچىبۇ گاھى بۇل قاچىب،
گاھى بىر - بىرىنىڭ قانىنى ساچىب.
ھەزاران، ھەزاران ئۆلۈب كافىران،
ئاراء ئۈستەڭ ئارىغ سۇفەت ئاقتى قان.
مۇسۇلمانغا تۇشتى بىرىنچى قىلۇۋ،
قىلۇۋچى دۇۋۋامغا يىغىلدى ئەدۇۋ.
كى ئىككىنچى كۈندە ئانى ئالدى تېز،
ئۈچىنچى قىلۇۋغا خىتاي قىلدى رىز.
مۇنى كۆردى دارىن ئۆزى قىلدى شوت،
ئىماراتىغا، ئۆزىگە قويدى ئوت.
تۇتۇنلەرگە تولدى باياندای ئىچى،
جاھان بولدى گويا قاراڭغۇ كېچى.
قاچان بولۇب ئېردى بۇ دارىن ھالاك،
كى تابىئلارى بولدى كۆب دەردناك.
ئۇمىدىن ئۈزۈب جانىدىن كافىران،
تۇفەك تىرى بارانى قىلدى راۋان.
ئۈچىنچى قىلۇۋدا قىلىب سەختى جەڭ،
كى بولدى ئۆلۈكلەر سېفىل بىلەن تەڭ.
شىجائەت قىلىب غازى تۇنگانىلار،
كى بەبرە باياندەك بولۇب تەگدىلەر.
دەم ئالماي چاقىب كۇفرىنى خاس - ئام،
كى ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە قىلدى تامام.
كۆرۈڭ ياقۇب ئاخۇن بىلەن دۈزىلار،
شەھىد بولدى نەچچەند دىلسۇزلار.
ئەيد سوفى مىڭ بېگى كى خۇش نېكنام،
شەھىد بولدىلار ئوق تېگىب بەردى جان.

بۇ جەڭدە ئېشىتسەڭ ئايا بۇل ئەيد،
ئابدۇللەتىق خەلفەم بولۇبدۇر شەھىد.
كىيىب تۈردى باقى كى ھافىزە قارا،
يەنە موللا ئالىم ئۇرۇب سەختى ئاھ.
مەمەت شەيىخ ئىلە شاھابىدىن زار ئولۇب،
يەنە لەئلە جۇببەكى ئاۋۋار ئولۇب.
تامام مۆئمىنان كىيدى ئاندا قارا،
مۇرىدلار قىلىب ئەندەلىبۋار ناۋا.
كى ئاخىر بۇ ماتەم چۇنان بولدى فەست،
ئەزىم شادلىغ بارچەگە بەردى دەست.
ھەرىرى خىتايى، ماتا، سىيمۇ زەر،
يەنە تېۋە، ئات، قوي، قىچىر، گاۋ، خەر.
تامام قالدى ئىسلامغا ئالات جەڭ،
تۇمەن فو، خەنجەر كى تىرى خەدەڭ.
قالىب بارچە ئەنبار كۇففارىيان،
ئانى ئىككى يىل سەرف ئېتىب مۆئمىنان.
كى زەر كۆرمەگەنلەر بولۇب قالدى باي،
ئېشەك مىنمەگەنلەر مىنىب يۈردى تاي.
تاپا ئالماغان بادىيان چايىنى،
ياراتماي يۈرۈرلەركى كۆك چايىنى.
زەرۇ خۇلە فەرق ئەتمەگەن مەغزى خام،
تائام يەر كۆرۈڭ قىلدۇرۇب نۇقرە جام.
كى فەرق ئەتمەگەن ئاق بىلە مەللەنى،
زەرۇ نۇقرەگە تولدۇرۇر تەللەنى.
كەرىم پادشاھىمغا شۈكرى تامام،
فاراغەتتە بولدى تامام خاس - ئام.
زەرىف يۈز بېگىنى قورۇلدا قويۇب،
مازار يانىدا بەلكى يولدا قويۇب.
ئەلى بىرلە يۇسۇفنى بىرگە قويۇب،
شەرىف ئاخۇن، ياقۇب سېرىق يول توسۇب.
بۇلار يول توسۇب قويمادى كەتكەلى،
شەھىد بولغان ئادەمنى دەفىن ئەتكەلى.
كى قورقۇب بۇلاردىن كىشى ئۆتمەدى،
كى ھېچ بىر كىشى ئۆي سىيان كەتمەدى.
ھەر ئادەم شەھىد بولۇبان جان بېرۇر،
مەھمۇد يۈز بېگى ئانى گۆردە قويۇر.
كى ئۆتكەردى قىشنى فاراغەت بىلە،
فاراغەت بىلە بەلكى راھەت بىلە.
كەتۇر مۇغبەچە جام مەسرۇرىدىن،
ئاچىلسۇن دىلىم جام مەي نۇرىدىن.
مەيى كىم مەنى ئەيلەسۇن تۇرفە شاد،
كى غەم خەيلى بىرلە قىلاي خەيرباد.

ئەلقىسسە بىر كۈنى سۇلتان مەئزەم خانىمىڭ ۋە ئۆزگە ئۇلۇغلارنىڭ خاتىرىگە ئۇرۇمچىگە، كۇچارغا ئىبەرگەن نامەلەر خاتىرىگە يېتىب، ھېچ خەبەر بولماغانىغا باياندای فەتىھ بولۇب ئالتە كۈن بولغاندا، ھاجى ناسىر ئاخۇننى، دارا ئاخۇننى، تۇنگاندىن مۇسا مۇفتى ئاخۇننى، ئوغلى ئەيسا ئاخۇن بىلە يىگىرمە بەش ئادەم بىللە كۇچارغا راشىددىن خوجانىڭ يانىغا ئات سەرپالار بىلەن نامە ئىبەرگەنى، رەھمەتۇللا بايلار بىرلە بارغانى.

كى سۇلتان كۆنى تەختىدە ئېردى شاد،
سىپاھلار تامام قىلدى سۇلتانغا داد.
دېدىلەر: «ئايا شاھ ئالىي مەقام،
ئېشىتسەڭ قىلۇرمىز ساڭا بىر كەلام».
كى سۇلتان دېدىلەر: «بايان ئەيلەڭىز،
كى ھەر نەۋئى سۆزەۇر ئايان ئەيلەڭىز».
دېدىلەر: «ئىبەرگەن ئىدۇق نامەلەر،
ئۇرۇمچى، كۇچار ئۆززە ھەنگامەلەر.
ئۆتۈپ توقسەن ئۈچ كۈن كى كەلمەس خەبەر،
كى لەشكەر تىلەپ بارغان ئېردى بۇلار.
نە بولدى ئېكىن ھېچ خەبەر كەلمەدى،
كىشى يا خەبەردىن ئەسەر كەلمەدى.
قىتىپ نامە باز راشىددىن خانغا تېز،
سالام قىيام ئەيلەسەڭ بارچەمىز.
كى ناسىر خەتنى ھاجىنى چىرلاتىپ،
كى دارا خەتىبلەرنى بىرگە قاتىپ.
كى تۇنگانىدىن مۇفتى مۇسانى ھەم،
كى مۇفتى بىلە ئوغلى ئەيسانى ھەم.
كى باي رەھمەتۇللانى چۇن باش قىلىپ،
يىگىرمە كىشى ئاڭا يولداش قىلىپ.
نەچچە راستلاساق ئەسبھا تېز رەۋ،
كى زەررىن تون راستلىساق نەۋ بەنەۋ.
توقۇپ ئەسىبلەر ئۆززە ئالتۇن ئىگەر،
كى تەييار ئېتىپ نەچچە ئەمامە زەر.
بۇلارنى ئىبەرسەڭ بەسى خۇش بولۇر،
كى بىزلەرگە ئالتە لەشكەر بېرۇر».
كى سۇلتان بۇ سۆزلەرنى قىلدى قابۇل،
دېدى: «تېز بۇ ئىشنى قىلماق بىمەلۇل».
كى نامە يازۇرغا كېتۈردى دەبىر،
قىتىپ خەت دەبىرى ئەتارۇد نەزىر.
دەبىر نامە خەتلەرنى بەرپا ئېتىپ،
تامام تۆھفەلەرنى مۇھەييا ئېتىپ.
كى شەھ ناسىر ئاخۇننى تېز كەلتۇرۇپ،
كى فوشىدە سۆزلەرنى ھەم بىلدۇرۇپ.
ھەممە ئەلچى بەگلەرنى مېھمان ئېتىپ،
تائامھايى ئالۋان، ئالۋان قىلىپ.
كى دەريايى خۇنخاردىن ئۆتكۈزۈپ،
كى ئارامدا بولدى ئۇلۇغلار كېلىپ.
بولۇپ ناسىر ئاخۇنكى يولغا راۋان،
قىلىپ تەي مەراھىل بىلە ئاردىبان.
كى ئون كۈندە يەتتى مۇز ئات تاغىغا،

مۇز ئاتدىن ئۆتۈپ ئاقسۇنىڭ باغىغا.
كى باز يۈردى نە روز ئېتىپ قەتئى راھ،
كۇچارغا يېتىپ تۈشتىلەر بىئىبا.
كى ئالدىغا چىقتى تامام خاسلار،
كى ئەلچى تاماشاسىغا ناسلار.
تەجەممۇل ئۇچۇن خان چېرىكىن يىغىپ،
كى ئولتۇردى خان تەختى زەرگە چىقىپ.
ئىجازەت بىلە كىردى بۇ ئەلچىلەر،
كى سۇلتانىنىڭ نامەسىنى بەردىلەر.
ئالىپ تۆھفە ھەم نامەنى شاد ئولۇپ،
كى خۇشلۇق دىلى ئىچرە بۇنياد ئولۇپ.
تۈزۈپ مېھرىبانلىق رۇسۇمىنى شاھ،
مۇغەننى تۈزۈپ ئەندەلىبدەك ناۋا.
مۇھەييا ئېتىپ گۇنە - گۇنە تائام،
تۆتۈپ ساقىلار ئىلكىگە شىشى جام.
مۇغەننىلەر نەغمەلەر ساز ئېتىپ،
گەدالارنى زەر بىرلە مۇمتاز ئېتىپ.
چىقىپ نەغمەدىن تۇرفە، تۇرفە سادا،
نەۋائى تىرىلدى قىلۇرغا ناۋا.
كى سازەندەلەر نەغمەسىن ساز ئېتىپ،
سەماچىلارى گۇنە گۇن باز ئېتىپ.
قىلىپ نەچچە كۈنلەر بۇ قىسمى ئويۇن،
بېرىپ ئەلچى بەگلەرگە زەررىن تون.
كەمەر بەند زەر بىرلە ئەمامە زەر،
كى نەئلەيىن زەررىن ھەم جامە زەر.
ئوشۇلدەم كىرىپ موللا قۇربان خەتىپ،
كۆرۈشتى بۇلار سىرلە دەرياب ئالىپ.
كى سادىق ئاكام، موللا خوجامنىياز،
كۆرۈشتى كىرىبان بۇلار بىرلە باز.
خوجامنىياز يۈز بەگ بىرلە قارا،
كى زەرراق كۆرۈشتى چېكىپ ئاھۇ ۋاس
بىرى بىرىسى بىرلەن كۆرۈشتى تامام،
كى بىر يەردە قوندى قىلىشىپ كەلام.
دېدى راشىددىن خان: تۇرۇڭ نەچچە كۈن،
ھېلى لەشكەرىمنىڭ مەجالى زەربۇن.
كى رۇخسەت بېرۇرمەن چولامنى تاپىپ،
ئىبەرگۈم دېدى لەشكەرىم راست ئېتىپ.
سايىدخاننى بەرگۈم ساڭا باش ئېتىپ،
كى ئوسمان خەلفەمنى يولداش ئېتىپ.
تۇرۇپ قالدى شەھرى كۇچاردا بۇلار،
بولۇپ لائىلاج ئالتە ئاي تۇردىلار.

ئول قىش ئۆتتى. بەئداز نەۋروز ئالەم ئەفروز لەشكەرىي ئىسلام باياندايدىن كۆچۈپ، ياغچاينىڭ ئول تەرەفىدەكى قىزىل دۆڭگە بارگاھ تىكىپ جىھاد قىلغانى.

بۇ قىسمى دېدىلەر سۇخەن ناقىلى،
نەدۇركىم سۇخەن ناقىلى ئاقىلى.

زېمىستان كېتىپ بولدى فەسلى باھار،
سەچەڭ ئاچىلىپ بولدى يەر لالەزار.

باھارى چەمەن فەسلى نەۋرۇز ئىدى،
بولۇپ سەبزەزار ئالەم ئەفرۇز ئىدى.
قىلىپ مەسلەھەت چۈن سىپاھلار ھەممە،
قىلىپ كۆچ جاھانغا سالىپ غۇلغۇلە.
قىزىل دۇلىڭ دېگەن يەرگە باردى يېتىپ،
ئالا بارگاھ ئاندا بەرپا ئېتىپ.
ئۇشۇل بارگاھ چۆرەسىنى سىزىپ،
سىزىقنىڭ ئىچى بىرلە خەندەك قېزىپ.
كى سۇلتان ئۈچۈن بارگاھ راست ئېتىپ،
سىپاھلار ئۈچۈن خابگاھ فاس ئېتىپ.
تەبىل شادىيان خانەلەر راسلابان،
تونۇرلار سالىپ ياققالى ئاندا نان.
دۇكانلار سالىپ سودا قىلماق ئۈچۈن،
كى باجخانادا باجنى ئالماق ئۈچۈن.
كى بەرپا ئېتىپ شەۋكەت ئاخۇنغا ئۆي،
سالىپ مۇفتى روزى ئاخۇنغا ئۆي.
ئۆمەرخان خوجامغا تىكىپ باشقا ئۆي،
نەۋكەر قاشقالارغا سالىپ قاشقا ئۆي.
تامام بارگاھلارنى بەرپا ئېتىپ،
كى ھەر بىر سىپاھ ئۆزگە خەرگاھ ئېتىپ.
تەل ئۆزرە تىكىپ بارگاھلار تامام،
كۆچۈپ كەلدى ئاندا تامام خاس - ئام.
كى تۇنگانلار ھەم چېدىرلار تىكىپ،
تۇشۇپ بارگاھقا تامامى كېلىپ.
جاھاننى تۇتتۇپ ئەسىپ تازى ئۈنى،
يېتىپ توققۇز ئەفلاككە غازى ئۈنى.
مەئزەم خان چىقىپ زەرنىگار تەختىگە،
ساچىپ ئەدل ئەترىن جاھان رەختىگە.
فاراكەندە ئەيلەپ تولا نامەلەر،
كى ئايماقۇ ئايماققا ھەنگامەلەر.
كى مەغرىب سارى قەلئە تۇرگۇنگىچە،
مۇتىئ بولدى ئىسلامغا كۇفرى نەچچە.
كىم مەشرىق سارى بېلى، بەيسى تامام،
مۇتىئ بولدى ئىسلامغا ھاسىل كەلام.
جەنۇب ھەددى كۆكۇسۇن زىندان خىتاي،
شىمال سارى چاقارۇ قازاقتىن قىزاي.
بۇ قىسمى شەھەرلەرنى قىلدى مۇتىئ،
ئىلە مۇلكى تار ئېردى بولدى ۋەسىئ.
كى شۇكرى خۇداغا ھەزارۇ ھەزار،
ئەدۇۋ قاتىدا قىلمادى بىزنى خار.
سۇرۇر جامىدىن مەي تۇتۇڭ ساقىيا،
فەقىر بىناۋادىن قىلىڭ ئىبتىدا.
ئىچىپ مەينى ئانداغ سادا ئەيلەيىن،
بولۇپ ئەندەلىبدەك ناۋا ئەيلەيىن.
ئېشىتسە شەھىدلەر ئاتاسى مۇنى،
جىگەر بەندەلەرىنىڭ ئاناسى مۇنى.
فەقىر نازىمغا دۇئا ئەيلەگەي،
دۇئاسىنى تەكرىم رەۋا ئەيلەگەي.
مۇراد نەزم قىلماقدا ئۇمىد بۇدۇر،
كى يوقسە ماڭا زۇلۇم تارتماق نەدۇر.

فوچى مەھمۇدنىڭ كەلگەنى ۋە ھىلەلەر قىلىپ خالايىقنى فىرىبتە قىلغانى ۋە مۆئمىنلەر ۋە تۇنگانلار ئانىڭ ھىلەسىگە فىرىبتە بولۇپ، ئىخلاس قىلىپ مۇرىد بولغانى. بارچە خەلق فوچىنىڭ ئارقاسىغا كىرىپ مەكرى دامىغا ئىلىنغانى.

سۇخەن ناقىلى ناقىلاسىن قىلدى جەزم،
بۇ نازىم يۇرۇپ نەسرنى قىلدى نەزم.
ساچىلغان سۇخەنلەرنى مەن تىزغۇچى،
تىلىمدۇر باھانە، قەلەم سىزغۇچى.
تۇرۇپ ئېردى بىركۈن ئەۋرەڭ ئۆزرە شاھ،
بىراۋ كىردى ئالدىغا قىلدى دۇئا.
دۇئادىن كېيىن ۋەسفلەر ساز ئېتىپ،
ئاجايىپ خەبەرلەرنى ئاغاز ئېتىپ.
باقىپ پادشاھقا بۇ مەسئۇد دېگەن،
كېلۇرمىش دېدى فوچى مەھمۇد دېگەن.
دېدى شەھ: «بۇ مەھمۇد نە ئىشقا كېلۇر،
ئۆزى تۇركمۇدۇر ياكى ئىلىم بىلۇر.
كى ئەسلى سەيىدمۇ ۋە يا پادشاھ،
چىرايى سارىغ، ئاقمۇدۇر يا قارا».
دېدى: «ئول كېلۇر دەپ خەبەر ئاڭلادىم،
يۈزىن كۆرگەلى ئالدىغا بارمادىم.
ۋەلى ئاڭلادىم خەۋس زادە دېبان،
فەقىر بىكەسۇ بىمۇرادە دېبان».
دېدى شەھ بۇ سۆزگە ئەقىدە قىلىپ،
ئەقىدە قىلىپ، بەلكى مېھمان بىلىپ.
ئانىڭ ئالدىغا خەلقنى چىقسۇن دېدى،
شەھەر سارىغا تەكلىف ئەتسۇن دېدى.
بۇ سۆز بىرلە خەلقلەر چىقىپ فېشباز،
سايىدزادەدۇر دەپ قىلىبان نىياز.
كى تەكلىف ئېتىپ قەلئە سارى ئانى،
تۇشۇردى بىر ئۆيگە تۇزۇپ رۇسۇمنى.
كى راھەت بىلە ئۇشبۇ تۈندە قونۇپ،
سەھەر بىرلە تەدبىر ئەيلەپ قوپۇپ.
ئوراپ بىر ياشىل لۆڭگىنى باشىغا،
رەۋانە بولۇپ كىردى شەھ قاشىغا.
سالام بەردى شەھكە قىلىپ قەددىنى نۇن،
ئىلىك ئالدى شەھ كۆرسەتىبان ئورۇن.
بۇ مەھمۇدكى شەھكە دۇئا ئەيلەدى،
دۇئاسىدا ھەمدۇ سانا ئەيلەدى.
قىلىپ فوچى ھىلە تەكەللۇم تۈزۈپ،
تەكەللۇمدا قاشۇ قاباقىن سۈزۈپ.

دېدى شەھ: «نە ئادەم، نېچۈك جان سىز،
فەقىر پاكى غەنى، پاكى سۇلتانمۇسىز» .
دېدى فوچى تېز: «غەۋس زادە مەنەم،
فەقىر بىكەسۇ بىمۇرادە مەنەم.
ۋەلى شىرلاردەك ئېرۇر قۇزۇۋەتىم،
جاھانغا پۇر ئولغان مېنىڭ شەۋكەتىم.
نە قىلغۇم جاھاندا يىغىپ گەنجنى مەن،
بىلۇرمەن تېخى ئىلمى نارەنجنى مەن.
نە غەمدۇر ماڭا قىلسا دۇشمەن ھۇجۇم،
كى ياخشى بىلۇرمەنكى ئىلمى نۇجۇم.
ھامان ئىلمى نارەنج بىلە تەۋر ئېتىپ،
قويارمەن تامام كۇفرىنى كور ئېتىپ.
تېخى چوڭ تېرەكدىن تۇمەن فو ياساپ،
تۆمۈر چەمبەرەكلەر سالىپ مىخ قاداپ.
تۆمۈر قىرغۇ بىرلەن ئىچىنى ئالىپ،
ئاڭا دارۇ بىرلە يوغان ئوق سالىپ.
ياساپ بەشچە فونى ئاتارمەن ئانى،
بۇ بەش فو بىلە يوق ئېتەي كۇفرىنى.
تافىپ قارا ساچقان، قارا گۇربەنى،
قارا قارغا بىرلەن قارا كىرفەنى.
بۇلارنى سويۇپ مەغزى سەرنى ئالىپ،
ئاڭا يەتتە - سەككىزچە دارۇ قاتىپ.
كى يەنجىپ ۋە تاسقابۇ مەيدە قىلىپ،
ئازايىم ئوقۇبان دەمىدە قىلىپ.
ئانى ئەيلەسەم قەلئە كۇفرىغا دۇد،
كى بىھۇش بولۇر كۇفرىنىڭ بارى زۇد.
نە ئىشلارنى قىلسا بىلەلمەس خىتاي،
كى تىغ سالسا مۇئمىن كۆرەلمەس خىتاي» .
قىلىپ بۇ سۇفەت سۆز يانىپ خانىغا،
ئىلىندۇردى لەشكەرنى ئۆز دامىغا.
يىغىلدى خالايىق مۇڭا فەۋج - فەۋج،
كى دەريا سۇفەتلىك بولۇپ مەۋج - مەۋج.

تامام خەلق بۇ سۇلتان يانىدىن كېتىپ،
بارىپ فوچى مەھمۇدقا خىزمەت ئېتىپ.
چىقىپ خەلق مىرباقى باي باغىغا،
ئۇرۇپ فالتونى شاخ يافراغىغا.
يوغان بەش تېرەكنى يىقىتتى بۇلار،
ئەمىر ئورداسىغا ئالىپ كەلدىلەر.
تېرەكلەر ئىچىنى يونۇپ نو ئېتىپ،
تۇمەن فو سۇفەتلىك ياغاچ فو ئېتىپ.
خالايىقنى ئىشلەتتى ئول نەچچە ئاي،
ياغاچ فو ئاتىلغايمۇ ئەقلىگە ۋاي.
ياغاچچى يۇسۇف بىرلە قاسىم گۇلى،
ئويۇپ قىرغۇدا ئىسمائىللار مۇنى.
ئاياقچى ئەزىم خوجالار باش ئېدى،
يەنە كالدارالڭ ئاڭا يولداش ئىدى.
كى تاھىر قارا ۋە ئابابەكرىلەر،
كى ئۇستا ئاشۇرمەت تۆمۈر سوقتىلەر.
يەنە ئەرشىدىن نەۋ جەۋان بىرلە زات،
يەنە ئۇستا سابىر، يۇسۇف بامۇراد.
كى سوپىتاقۇ زاھىد ۋە ئۇستا غەنى،
كى قۇتلۇق نىياز بىرلە ئابدۇگۇلى.
ھوشۇر بىرلە ساسىق كى ئۇستا ئەزىم،
ئەلى يۇز بېگىدۇركى بالۇ فەرىم.
ياشىل تون پەرىزاد مەمەت باقىلار،
تۆمۈرنى سوقۇپ چەمبەرەك ئەتتىلەر.
بۇلار ئاھەنىندىن ياساپ چەمبەرەك،
بولۇپدۇركى فو سۇرەتىدە تېرەك.
قىلىپ فوچى كۆپ ھىلەلەرنى دۇرۇست،
ئەھمەدخان خوجامنى قىلىپ ئۆزىگە دوست.
بۇ ئىكەۋ كەلامى خۇدانى تۇتۇپ،
قەسەملەر قىلىشىپ قېرىنداش بولۇپ.
بۇ فوچى قايانغا خىرامىن سۇرۇر،
ئەھمەدخان خوجام ئاندا بىرگە بارۇر.

فوچى مەھمۇد، ئەھمەدخان خوجام، سەيىد ئۆمەرخان خوجاملار سۇيدۇڭگە بارىپ جەڭ قىلىپ، ئاندىن كۇرەگە بارىپ جەڭ قىلغانى ۋە مۇسۇلمانلار، تۇنگانلار فوچىنى بەھادىر ئىكەن دەپ ئىخلاس قىلىپ فوچىغا مۇتىئ بولغانى.

كۇنى ئېردى سۇلتان مەجلىس قىلىپ،
تامامى سىپاھلارنى ئاندا يىغىپ.
دېدى: «ئەي ئەمىران، سەرداريان،
سۆزۈم باركى سىزلەرگە ئەيلەي بايان.
تۇرۇپ قالدى لەشكەر بۇ يەردە ئۇزۇن،
يىغىلغان چېرىكلەر ئەدەددىن فۇزۇن.
بۇلار زېرىكىپدۇركى قىلماي جىھاد،
جىھادنى بۇلەشكەر قىلۇر كۇندە ياد.
بۇلار ھەر تەرەفلەردە ئەيلەپ جىھاد،
تاپار ئېردى فەقىر كىشىلەر مۇراد» .
ھامان فوچى مەھمۇد ئېشىتتى بۇ سۆز،

كى شەھ رۇخسەتىگە تىكىپ ئىككى كۆز.
قوپۇپ ئورنىدىن شەھكە قىلدى دۇئا،
دېدى: «رۇخسەتى ئالىي بولسا ماڭا.
كى بولسا ماڭا ئۇشبۇ خىزمەت بەھەم،
كى سۇيدۇڭ جىھادىغا قويغۇم قەدەم» .
مۇڭا باقتى سۇلتان دېدى: «تېز بارىڭ،
كېرەك نەچچە مىڭ لەشكەر ئولسا ئالىڭ» .
ئالىپ فوچى مەھمۇد تۇمەنچە چېرىك،
ئەھمەدخان، ئۆمەرخاننى ئەيلەپ شېرىك.
كى ئابدۇلسەمەدلەرنى سەردار ئېتىپ،
سېتىلدى دەلىرنى ئاڭا يار ئېتىپ.

بەھادىر ئاشۇرمەتكە بەردى ئەلەم،
كى ھەمراھ ئېتىب ئابدۇناسىرنى ھەم.
ئاڭا روزى يۈز بەگ بولۇب جەڭدە يار،
نەبى ئاخۇن قوشۇلدى يەنە بەختىيار.
ھەسەن بەگ بولۇب باش بازار خەلقىگە،
ئىسرائىل بەھادىر مازار خەلقىگە.
خىرامىن سۈرۈب فوچى مەھمۇد يەنە،
كى سۈيدۈڭگە يەتتى سالىب غۇلغۇلە.
كى سۈيدۈڭ خىتايى شەھەرگە قاچىب،
تامام قەلئە دەرۋازەسىن بەركىتىب.
خىتايلار باشى ئۆشبۇ غەمدىن قاتىب،
سېفىل باشىدىن زەنبۇرەكلەر ئاتىب.
بۇياندىن مۇسۇلمان، ئۇياندىن خىتاي،
خىتاي باشى بولدى چۈنان سەنگى ساي.
كى ئىسلامى شىر، كۇفرى بولدى رەمە،
يەنە سەيىد ئۆمەرخان قوپاردى شىبە.
شىبە ئۆزەسىدىن ئاتىب زەنبۇرەك،
سەقەرگە راۋان بولدى يۈز نەچچە سەك.
خىتايدىن ھالاك بولدى نەچچەند ئۆلۈغ،
كۆرە شەھرىدىن ھەم پەدىد بولدى توغ.
بۇ توغنى كۆرۈب بولدى لەشكەر راۋان،
تۈمان ئىچىدىن چىقتى بەش مىڭ سولان.
سولان ئوق ئاتىب بەرقەدەك قىلدى جەڭ،
كى ئىسلام چېرىكى بولۇب ئېردى تەڭ.
مۇنى كۆردى ئىسلامى قىلدى فىرار،
تەلى شەرقنى قىلدىلەر ئىختىيار.
بۇ لەشكەر بۇ تەل ئۈستىدە بولدى جەم،
شەھەر لەشكەرى قاچقالى تۇتتى شەرم.
ئاتىنى چاپقىشىب تامام مۆئمىنان،
سولانلار سەفى ئۆزرە بولدى راۋان.
دەلىرلەر سولاننىڭ سەفىنى بۇزۇب،
سولانغا بەھادىرلىغىن كۆرگۈزۈب.
سولان لەشكەرىنى ھالاك ئەيلەدى،
تامام كۇفرىنى دەردناك ئەيلەدى.
شەھىد بولدى بۇ جەڭدە ئۈچ ئادەمى،
بولۇب زەخمدار بۇ بىلال نازىمى.

تەبىلباز گەشت ناغراسىن چالدىلار،
كۆرۈڭ قەلئە سۈيدۈڭ ئامان قالدىلار.
كى سۇلتان ئېشىتىب كى مەسرۇر بولۇب،
تامام فوچى كارىغا مەغرۇر ئولۇب.
نەچچە كۈن زامانە بولۇبان ئامان،
يەنە فوچى بولدى كۆرەگە راۋان.
ئەھمەدخاننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىب،
كى نۇرغۇن چېرىك توغ - ئەلەملەر ئالىب.
كۆرە شەھرىگە باردى لەشكەر يېقىن،
تۇشۇب زىلزىلە كۇفرىغا خەۋفدىن.
كۆرە لەشكەرىگە تۇشۇب قوزغالان،
كى مانجۇ، خىتاي، مۇغ، شىبىر ھەم سولان.
كى ئول كۈن قىلىب بىر - بىرى بىرلە جەڭ،
كى پانماي قىلىشىب كى ناموس - نەڭ.
كى ئىككى تەرەفدىن تۈمەن فو ئاتىب،
كى تىغلار سالۇر بىر - بىرىگە يېتىب.
كى ئىسلامى گاھى سۈرۈب كۇفرىنى،
گاھى بۇ ئانى ۋە گاھى ئول مۇنى.
تۈتۈن بىرلە توغ تۇتتى ئالەم يۈزىن،
خىتايلار ئاچالماي تۇماندا كۆزىن.
كى ئاخىر خىتاي لەشكەرى بارچە تېز،
كى ئۆز قەلئەسى سارى قىلدى گۇرىز.
قىلىب جەڭ شەھەرنىڭ مۇبارىزلارى،
كى سەھرايىدىن جەڭدە ھازىرلارى.
قوپاردى خىتاينىڭ تەنىدىن مۇنار،
بولۇب ئول كۈنى كۇفرىلار تۇرفە زار.
خىتاي لەشكەرى نەسفى بولدى ھالاك،
كى فەرزەند - زەنلەر بولۇب دەردناك.
بولۇب جەڭى مەغلۇبەن كۈن بولدى كەچ،
خىتايلارغا يەتتى ئاجايىب ھەرەج.
تەبىل شادىيانە چالىب غازىلار،
تامام ب گاھ سارىغا ياندىلار.
بۇ نۇسرەتكە چوڭلار بولۇب شادىمان،
ئاتاندى بۇ فوچى جاھان پەھلەۋان.
ئېشىتسەڭ بۇ جەڭدە ئايا بۇلئەجەب،
كى ئەنسارى ئاخۇن بولۇبدۇر شەھىد.

فوچى مەھمۇدخان قازى نەسرىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ۋەسف - ئەۋسافلارىنى ئېشىتىب غايىبانە ئاشىق بولۇب، بەندىدىن خەلاس قىلغانىدا، ئىرادە ئەزەلى تەقەززاسى بىرلە قازى نەسرىددىن ئاخۇنۇم شەربەتى شاھادەتنى نوش قىلغانىدا بارچە ئىسلام ئەھلى ماتەمۇار بولغانى.

سۇخەن ناقىلى سۆز سارى قىلدى ئەزم،
سەھايىف شەبىستانىدا قىلدى بەزم.
چۇ سۆز ۋادەسىگە سۈرۈب رەخشنى،
قەلەم كامى بىرلە چېكىب نەقشنى.
قىلىب ئانچە جەۋلان سەمەندى قەلەم،
نۇقۇلات سەنھىگە قويدى قەدەم.

چۇ ناقىل سۆزىنى قىلىب ئاشكار،
سۇخەن گەنجىنى قىلدى ئەلگە نىسار.
كۈنى فوچى مەھمۇد ئۆيىدە ئېدى،
دىلى سەربەلەندلىك غەمىدە ئىدى.
بىراۋ ئەيدى: «ئەي خوجا نېكخو،
كى زىنداندا ياتمىش ئۆزۈڭدىن بىراۋ.

كى باشىدىن ئاياغى سەلاسىلدە بەند،
ئاياغىدا ئىشكەل، بويۇندا كەمەند.
بۇ جەڭگە سەبەب بولغان ئۇل ئىبتىدا،
شەھەر قازىسى ئېردى ھەم ئۇلەما.
چىرايىغا باقساڭ ئېرۇر تازا گۇل،
ھەمەگۇل چىرايلار ئېرۇر ئاڭا قۇل.
تەكەللۇم زامانىدا سۆزلۈك ئېرۇر،
يۈزى گۇل سۇفەت ئاھۇ كۆزلۈك ئېرۇر.
ساقالى ئانىڭ مىسلى كافۇر ئېرۇر،
يۈرەكلىك زەباندار، باھادىر ئېرۇر».
دېدى قوچى: «ئانىڭ گۇناھى نەدۇر،
ئانى بەندە تۇتماق مەئانى نەدۇر؟»
بۇ كەس ۋاقىئاتنى بايان ئەيلەدى،
نە ئىشلار ئۆتۈبدۇر ئايان ئەيلەدى.
ئېشىتىب كۆزىدىن ئاقىزدۇردى ياش،
تەخەييۇل تىزىغا هامان قويدى باش.
خىيالىدا دەر ئانى قىلسام خەلاس،
ئەقىدات زەبانىن سۇرەر بىزگە ناس.
بۇ ئاخۇنلۇغۇم قولغا كەلمەك هامان،
مېنى پادشاھ قىلسا يوقتۇر گۇمان.
ئانىڭ قەسدى بولدى خەلاس ئەتكەلى،
بۇ تەدبىر بىلە زېبت ناس ئەتكەلى.
بۇ مەھمۇد زامانە ئىشىن چاغلادى،
بۇ ئاخۇن خەلاسىغا بەل باغلادى.
كۇنى كۆب قولارنى تەييار ئېتىب،
كى تۆرت چەرخ ئارابا ئۆزە بەركىتىب.
كى بەش قو باشىغا قاداب بەش ئەلەم،
يىغىب قوچى ئوردادا لەشكەرنى ھەم.
شەھەرنىڭ ئىچىگە ئەلالا سالىب،
يۈرەك يارغۇدەك شور - غەۋغا سالىب.
كى ھەر ئارابا ئىچرە تۆرت ئات قاتىب،
خاتۇن - بالالار قورقىشىبان قاچىب.
يېتىب كەلدى زىندان ئىشىكىگە تېز،
مۇنى كۆردى قىلدى ئەسەسلەر گۇرىز.
باسىب ئېردى زىندان ئىشىكىنى چاڭ،
كى زىندانغا باقىب ئۇرۇب قوچى باڭ.
تېز ئاخۇنلۇغۇمنى چىقازغىل دېدى،
تامامىڭ مېنىڭ بىرلە بارغىل دېدى.
چىقىب كەلدى ئاخۇن فەرىشتە سۇفەت،
ساقاللارى كافۇر سىرىشتە سۇفەت.
كى تېز قوچى مەھمۇد كۆرۈشتى كېلىب،
ئىكەۋ بىر - بىرى بىرلە دەرياب ئالىب.
بۇ قوچى بۇ ئاخۇنغا ئاشىق بولۇب،
ئالىب كەتتى ئىشقىدا سادىق بولۇب.
كۆرۈڭ قوچى شەھدىن ئىبا قىلمادى،
نە خۇش ئىشنى قىلدى رىيا قىلمادى.
بولۇب قوچى ئاخۇن جامالىغا خۇش،
لىقاسى ۋە قەددى كامالىغا خۇش.
تىكىب ئاخۇنۇمغا يېڭى بارگاھ،
فەرراشلار سالىب راسلابان خابگاھ.
مۇنى كۆردى سۇلتان كېلىب غەيرەتى،
يۈرەكىنى ئۆرتەب ھەسەدنىڭ ئوتى.
بۇ ئىش كىنە تۇتماققا بەردى مەدەد،
تەقاززا قىلىبان قازايى ئەھەد.
بېرۇرگە شەھىدلىق مەقامىنى رەب،
بولۇب ئاخۇنۇمغا بۇ ئىشلار سەبەب.
ئۆمۈرنىڭ ئاياغىدا بولسا شەھىد،
خۇدانىڭ جانابىدا بولمىش سەئىد.
نەخۇش دەۋلەتۇ ھەم سائادەت ئېرۇر،
نە ھۈرمەت، نە ئابروي ھالاۋەت ئېرۇر.
قازا قايداغ ئولسە ئىش ئانداغ بولۇر،
دېمە قىلماسا ئېردى مۇنداغ بولۇر.
ھەقىقەتدە بىلسەڭ ھەۋادۇر بۇ سۆز،
شەرىئەتدە بەلكى خاتادۇر بۇ سۆز.
ھەرئىش ئۆتسە ئاچما مالامەتكە تىل،
دۇئا قىل ئۆزانقىل سائادەتكە تىل.
مەلۇل بولدى سۇلتان بۇ ئىشنى بىلىب،
كى سەبرى قارارى دىلىدىن كېتىب.
مەئەلقىسسە سۇلتان جەمشىد زامان،
دېدى: «چوڭ كۆرەگە بولۇڭلار راۋان.
خىتايلار بىلە مەن قىلۇرمەن جىھاد»،
باھانە جىھاد، دىلدا باشقا مۇراد.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاب تامام غازىلار،
تامامى غازات ئۆزرە ئاتلاندىلار.
كى سۇلتان ئالىب يانىغا ئەسمەنى،
ئەھەد باقى بىرلە نەچچە خەسمەنى.
كى ئېرەشتۈرۈب نەچچە نادانىنى شاھ،
كى قان تۆككەلى ئاتلانىب تۇتتى راھ.
بۇ شەھ يولداشى جۇملە جاھىل ئىدى،
ۋەلى خۇن ناھەققە كامىل ئېدى.
كى بەزىلەرنىڭ ئېدى كۆڭلى تۈز،
تولاراقى ئېردىكى ئەييار دۈز.
بۇ شەھ بىر تەرەف، قوچى ھەم بىر تەرەف،
بۇ ئاخۇنلۇغۇم يۈردىلەر بىر تەرەف.
كى سۇلتان قەسد بىرلە ھەريان قارار،
كۆرەر ئاخۇنۇم يەككە - يالغۇز تۇرار.
كى سۇلتان ئۇرۇب باڭ سولان قاچتى دەب،
كى ئاخۇنغا يۈردى بېرىب ئاتقا دەب.
كۆرەر ئاخۇنۇم كېلەدۇر ئەسمە تېز،
ئانىڭ سوڭىچە كېلەدۇر خەسمە تېز.
دېدى ئاخۇنۇم: «ئالامان، ئالامان،
كى يالغۇز بۇ يەردە تۇرۇبمەن يامان».
دېدى قامچىلاب ئاخۇنۇم قاچتى تېز،
سوڭىدىن تامام خەسمەلەر قىلدى خىز.

بۇ بىچارە ئاخۇن قايانغا قاچار،
قازا ئاخۇنۇمغا بولۇبدۇر دۇچار.
گۆرۈنچ ئىتمىزىغا ئالىب يۈردى ئات،
كى ئەسمە يۈگۈرتۈب يېتىب كەلدى فات.
تۇفەك ئاتتى تېز تەگدى ئاخۇنغا ئوق،
كى ئاتدىن يىقىلماقتا بولدى ياۋۇق.
ئەھەد باقى فىرقىغە سالدى تەبەر،
بۇ ئاخۇنغا تېز قىلدى سۇسلۇق ئەسەر.
دېدى ئاخۇنۇم: «رەببى يەزدان پاك.
جاھاندىن بۇلار نەسلىنى ئەيلە پاك».
كى ئاتمۇ دۇرىلدى يىقىلدى زەمىن،
بۇ يەردە شەھىد بولدى بۇ مەھجەبىن.
كى جانى جانان سارى بولدى راۋان،
مۇبارەك تەنى بولدى ئاغۇشتە قان.
كى كافۇر سۇفەت ئاق ساقال بولدى خۇن،
مۇنى ئاڭلاغان مۆئمىن ئولدى جۇنۇن.
كى ئىسلامىلار چۇن قىلىب سەختى جەڭ،
خىتاي لەشكەرىنى قىلىب ئېردى تەڭ.
ئېشىتتى مۇنى فوچى مەھمۇد بۇدەم،
ئانىڭ شادلىغى بولدى ئەندۇھقا زەم.
بۇ لەشكەرنى فوچى يانىڭلار دېدى،
ھەر ئۆيلۈك ئۆيىگە بارىڭلار دېدى.
بۇ ئاخۇن ۋافاتى يايىلدى تامام،
ئازا تۇتتى ئول كۈن تامام خاس - ئام.
شەھەر خەلقىگە يەتتى ئۇشبۇ خەبەر،
خالايىقدا قالماي خىرەددىن ئەسەر.
تامام يىغلاشىب نالە - فەرياد ئېتىب،
بولۇب بىقارار تەڭرىگە داد ئېتىب.
تامام يىغلابان كىم تۇتۇشتى ئازا،
تېخى جامە ئۇستىگە كىيدى قارا.
ئېشىتتىكى ئاففاق ۋە ئىككى ئوغۇل،
كېتىب ھۇشىدىن بولدى قاتتىغ مەلۇل.
كى فەخرىددىن ئاخۇن ئۇرۇب سەخت ئاھ،
دېدىكىم: «گۇناھىڭ نەدۇر ئەي ئاتا.
قايۇ ناسەزا قەتىل قىلدى سېنى،
يېتىم بىناۋا، بىكەس ئەتتى مېنى.
دەرىغا، دەرىغا، دەرىغا، دەرىغ،
قايۇ سەنگى دىل ئۇردى باشىڭغا تىغ».
نىزامىددىن ئاخۇن ياقا چاك ئېتىب،
بولۇب بىقارار گاھى ئەقلى كېتىب.
دەر ئېردىكى: «ئەي مېھرىبانىم ئاتام،
فىدادۇر ساڭا تەندە جانىم ئاتام.
باشىم ئۈزرە ئېردىڭكى تاجىم ئاتام،
مەھەم ئوترو كەلسە راۋاجىم ئاتام».
كى تابىئلارى داۋۇد ئاخۇن ھەممە،
جىگەر بەندەسى ئابىد ئاخۇن ھەممە.
سالىب ئول بەدەن خاسنى نەئشكە،
سۇۋارە قىلىبان ياغاچ رەخشكە.
گۆرۈستان ئارا يەتكۈزۈب نەئشنى،
قويۇب يەر ئۆزرە ئول ياغاچ رەخشنى.
لەھەد ئىچرە تافشۇردى رازى بولۇب،
خالايىق يانىشتى تابارەك ئوقۇب.
بۇ ئاخۇننىڭ ئىككى بالاسى بىلە،
ھەممە خەيلى قەۋم ئەقرەباسى بىلە.
گۆرۈستانغا بارۇر ئېردى تافسا ۋاقىت،
فىغان - نەۋھە ئەيلەر ئۇرۇب ئاھ سەخت.
ئىلاجىن تاپالماي قازا كارىغا،
كۆڭۈلنى قويۇبدۇر رىزا كارىغا.
كى سۇلتانغا كىنە تۇتۇب مۆئمىنان،
كى ئاخۇن فىراقىدا قىلدى فىغان.
كى لەشكەر ئىچىگە ساۋۇقلۇق تۇشۇب،
كۆڭۈللەر ئىچىگە بۇزۇقلۇق تۇشۇب.
ئەھمەدخان ۋە فوچى دەمى ئۇيمادى،
بۇ ئاخۇن قىساسىن كېيىن قويمادى.
كى سۇلتان قىلىشىب بۇتۇن مەسلەھەت،
ئەھمەدخان بۇ فوچى بىلە مۇشاۋەرەت.
بولۇب ئەھلى ئىسلامى ئىككى بۆلەك،
تولاراقى فوچىغا بولدى يۆلەك.
كى سۇلتان ئۆز ئايماقى بىرلە قالىب،
كى فوچىغا يار ئولدى بىر - بىر كېلىب.
ئەھمەدخان ۋە فوچى سۆزىن بىر قىلىب،
قول ئاستىداكى لەشكەرىنى يىغىب.
كى تاڭ ئاتقۇچە ئىش سەر ئەنجام ئېتىب،
ھەممە كارى بارىنى ئەنجام ئېتىب.
تۇگەندى كېچە چىقتى خۇرشىد تاب،
كى شەھ قانى ساچماققا ئەيلەب شىتاب.
كى فوچى تامام لەشكەرىنى ئالىب،
جىھاد ئەيلەگۈم دەب باھانە قىلىب.
كى فوچى قولىغا ئەلەمنى ئالىب،
ئەلەمنى سوقۇب تۇرفە جىلۋە قىلىب.
بۇ لەشكەر بىلە بارگاھ چۆرۈلۈب،
ئويۇنلار قىلىب فوچى قەھقە كۈلۈب.
بۇ فوچى قىلىب گۇنە - گۇن جىلۋەلەر،
چېرىككە بېرىب فەند قىلىب ھىلەلەر.
كى سۇلتان قەۋام بىرلە ھازىر ئېدى،
بۇ فوچى ئويۇنغا نازىر ئىدى.
يانىب فوچى سۇلتانغا ئاتتى تۇفەك،
ئەھمەدخان خوجام ھەم ئاتىب زەنبۇرەك.
كى سۇلتان ئاتىب فوچى سارى خەدەڭ،
كى مۆئمىن مۆئمىن بىلە قىلدى جەڭ.
كۆرۈڭ بىر - بىرى بىرلە قىلدى سوقۇش،
كى ئىسلامىلار باشىدىن كەتتى ھۇش.
كى فوچى كەتۈردى ياغاچ فوسنى،
قويۇب فوسغا ئوق - دارۇسنى.

مۇنى كۆردى سۇلتان بولۇب خەۋفناك،
قاچىب شاھ تۇنگان سارى ۋەھمناك.
كى شەھ سوڭىدىن فوچى ئاتىن چاپىپ،
شىتاب بىرلە شەھنىڭ سوڭىدىن يېتىپ.
غەزەب بىرلە فوچى سالىب ئېردى تىغ،
جۇدا بولدى تەندىن باشى بى دەرىغ.
مۇنى كۆردى بەگلەر قېچىب ھەر تەرەف،
ئاتاسى خەلەفدىن، ئاتادىن خەلەف.
دېدى فوچى بەگ بولسا ئۆلتۈر ئانى،
تۇتۇب ئوت قالاب ئۇندا كۆيدۇر ئانى.
بۇ سۆزنى ئېشىتتى تامام خاس - ئام،
سىپاھ بولدى قوي، بۆرى بولدى ئاۋام.
مەڭلىك شاھ بېگى تۇتۇب ئۇردى تىغ،
شەھىد بولدى جانىن بېرىب بى دەرىغ.
كى موللا ئاشۇر، نۇرمەمەت مىلىك بېگى،
مەنسۇر دورغا، روزى مەمەت يۇز بېگى.
بۇلارنى تۇتۇب بوغزىغا تىغ سۇرۇب،
شەھىد ئەيلەدى پارچەسىن ئۆلتۈرۇب.
مۇنى كۆردى مىرزات بېگىم باخىرەد،
ئۇرۇب جان دىلدا شەدىد ئاھى سەرەد.
دېدى بۇ فەلەك پۇرجافا بى بەدەل،
ۋافاسىز فەلەككە ئوقۇبدۇر غەزەل.

مىرزات خان نەۋائىدىن ئوقۇغان غەزەلى

جاھان ئەھلىگە گەر يۈزمىڭ قۇياشچە مېھىر
كۆرگۈزسەڭ،
ۋافا زىنھار كىم بىر زەررە چاغلىق ئېتىماد ئەتمە.

كىرىب جۇب گۇشلار بۇ بەگ سوڭىغا،
كى باقتۇرمايىن سول بىلەن ئوڭىغا.
دېدى: «ئەي بېگىم ياد ئېتمىڭ نەئىشنى،
ئۆلۈم ۋاقتىدا ئەيتاسىز ناخشىنى».
دېدى مىرزات بەگ: «ئايا بىھايا،
گۇناھسىز كىشىگە قىلۇرسىز جافا.
بۇ سۆز راست سۆزدۇركى ناخشى ئەمەس،
خىرەدمەندلەر بېيىتىنى ناخشى دېمەس».
كى بىر جاھىلى بەگكە سالدى تاياق،
يىقىلدى دېبان «ئەلفىراق، ئەلفىراق».
شەھىد قىلدى بۇ بەگنى ئول جاھىلان،
جانى بولدى جەننەت سارىغا راۋان.
كى بەگلەرنى قوغلاب يۈرۈب ئاملار،
شەھىد قىلدى مەغزى سەرى خاملار.
يۈرۈر ئېردى بەگلەر فىيادە قاچىب،
بولۇب تەشنالەب ئۆڭگەسىنى ئاچىب.
كى سۇلتان ئەلا دىلاۋەر جەۋان،
قاچىب كوھ سارىغا بولدى راۋان.

بۇ شەھنى قاۋۇب باردى نەچچەند كىشى،
بۇ شەھنى ھالاك ئەتمەك ئېردى ئىشى.
يېتەلمەي بۇ شەھكە تامام ياندىلار،
بۇ شەھ كوھ سارى ئارا قالدىلار.
كېچەلەب يۈرۈب بولدى ئۆيگە راۋان،
ئۆيىدە بولۇب ئىككى - ئۈچ كۈن ئامان.
بۇياندىن قاچىب ئېردى بەگزات دەلىر،
كى بەھرام بەگكە جاھان بولدى تىر.
بۇ ئىككى دەلىر يۈردى ياشىن ساچىب،
يۈرۈب بەررەلەردە قۇتۇلدى قاچىب.
كى ئەلا دىلاۋەر قولىن باغلابان،
ئالىب فوچى سارىغا بولدى راۋان.
كۆرۈب فوچى تېز شەھنى ئۆتتۈر دېدى،
تەنىنى ئوت ئىچىندە كۆيدۇر دېدى.
نەچچە خاس بۇ شەھنى تىلەب ئالدىلار،
خۇدا ئىزنى بىرلە ئامان قالدىلار.
بۇياندىن قاچىب تېز سېتى شاھ بېگى،
ئاڭا بولدى يولداش زەرىف يۈز بېگى.
سېتى بەگ بارىب تېز ئاتا باشىغا،
ئاتا باشىغا ۋە لەھەد قاشىغا.
ئاتا باشىدا ئانچىنان يىغلادى،
كېتىب ئەقلى چۇن ھۇشىنى بىلمەدى.
ئاتا قەبرەسىنى مۇبارەك بىلىب،
قىلىب گىريە خەتمە تابارەك قىلىب.
فىغان - نالە ئەيلەب تۇرۇب ئېردىلەر،
نەچچە رۇستايى يېتىب كەلدىلەر.
كېلىبدۇر بۇ بەگنى قىلۇرغا تەباھ،
تەندىن باشىنى قىلۇرغا جۇدا.
دېدى شاھ بېگى: «سەبىر ئەيلەڭ دەمى،
ناماز ئەيلەيىن بەئدە ئۆلتۈر مېنى».
بۇلار تۇردى بۇ بەگ ناماز ئەيلەدى،
تېخى بى نىيازغا نىياز ئەيلەدى.
دۇئاسىدا دەيدۇر: «ئايا خالىقا،
چۇ گۇمراھلارغا ئۆزۈڭ رەھنەما.
ئاتا قىل فەقىرگە شەھىدلىغ مەقام،
كى روھۇمنى لايىقى دارىلئىسلام.
مېنى بەندەگە سەن ئاتا ۋە ئانا،
تۆكۈلگەن قانىمغا ئۆزۈڭ بول گۇۋاھ.
دۇئايىمنى قىل مۇستەجاب يا كەرىم،
ئېرۇر ئىسىم زاتىڭ كەرىمۇررەھىم».
«رىزانا» دېدى ۋە دۇئا ئەيلەدى،
دۇئاسىنى تەكرىم راۋا ئەيلەدى.
بىراۋ تىغنى ئۇردى بۇ بىچارەگە،
ئۇچۇب باردى روھى ئەدەن سارىغا.
مۇھىبلار دىلىنى چۇ مەھزۇن ئېتىب،
يانىب تارقادى ئاندا مەدفۇن ئېتىب.
كۆرۈڭ خىزىرخان ئېردى شەھكە خەلەف،

ئېشتتى ئاتانى شەھىد قىلدى دەب.
كى بىر ئانقا مىندى قاچىب كەتتى تېز،
ئۆزى نەۋ جەۋان ئېردى ھەم باتەمىز.
بۇ شاھزادە يۇردى بولۇب باغرى خۇن،
نەچچە كۈن يۇرۇب خەلقدىن ياشۇرۇن.
بۇ قىسمىدا خەلققە كۆرۈنمەس ئېدى،
قايان بارغانىن كىمسە بىلمەس ئېدى.
كۈنى فوچى مەھمۇد بولۇب دەرغەزەب،
كى بىرنەچچەلەرگە بېربان ئەدەب.
بۇكۈن خىزىرخاننى تافىڭلار دېدى،
بايابان - شەھەرنى باقىڭلار دېدى.
دېدى: «خىزىرخاندىن كەتۇرسە خەبەر،
ۋەيا ئۆلتۇرۇب بىزگە كەلتۇرسە سەر.
ئاڭا كىيدۇرەي نەچچە قات جامەلەر،
تېخى باشىغا زەررىن ئەمامەلەر.
تېخى مىندۇرۇرمەن ئاڭا ياخشى ئات،
فەقىر نامراد بولسا تافسۇن مۇراد».
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاب كى ھاسىل كەلام،
ئانى ئىزدەدى بارچە ئادەم تامام.
تافىب شەھنى ئايدۇڭ دېگەن جايىدىن،
فىيادە قىلىب ئاجراتىب تايىدىن.
ئۆزىنىڭ ئاتىغا سۇۋارە قىلىب،
قىلىب زۇلۇملار دىلنى فارە قىلىب.
ئالىب كىردى ئەھمەد خوجام قاشىغا،
تېخى رەھىم قىلماي كۆزى ياشىغا.
دېدىلەر: «مۇنىڭ تېز ئىشىنى قىلىڭ،
كېسىبان قەفەسكە باشىنى ئىلىڭ».
شەھەرنىڭ تاشىغا چىقارماق ھامان،
قېچىب خىزىرخان يولغا بولدى راۋان.
بۇ ئاتنىڭ يوق ئېردى يۇرەر قۇۋۋەتى،
كى كۆبرۈككە ئاتنىڭ سافىلدى فۇتى.
قازا يەتتى ئاندا تىقىلدى بۇ ئات،
فۇتىنى ئالالماي يىقىلدى بۇ ئات.
ئىمىن، توختى دەرلەر بۇ ئىككى فەلىد،
بۇ شاھزادەنى ئاندا قىلدى شەھىد.
تېخى تارتماغان غۇنچەلەب ئۆزرە خەت،
كى ئون يەتتە ياشقا يېتىشمەي ئەدەد.
قالىب خىزىرخان نەسلىدىن بىردەلىر،
باباق خوجاخان ئاتىدۇر شىرگىر.
يەنە دانىيال بەگنى تافىب چافىب،
جانى يوق بەدەننى قويۇبدۇر ئاسىب.
بەناگاھ بۇ لەشكەر شەھەرگە كېلىب،
كى ئۆلگەن سىپاھلار مالىنى ئالىب.
كى سۇلتاننىڭ ھەم ئورداسىنى بۇلاب،
تامام مال - ئەمۋاللارنى تالاب.
جاھانغا تولۇب ماجرا - غۇلغۇلە،
شەھەرنىڭ ئىچىگە سالىب زىلزىلە.

كى ئەشيائ مۆئمىننى غارەت قىلىب،
ئاداۋەت ئۇرۇغىنى دىلغا تېرىب.
كېتىب ئەدل ئانداغ بۇزۇلدى نىيەت،
نە قىلغاي قىساسۇ، نە ئالغاي دىيەت.
بۇ قىسمىدا بولدى زامانە ئىشى،
جافا زۇلۇم بولدى فەلەك ۋەرزىشى.
بولۇب شەمسىددىن خەلفە چۇن ۋەھمىناك،
كى شەھ ماتەمىدە بولۇب دەردناك.
بۇ ئاخۇن بۇ سۇلتانغا خالە ئېدى،
ئانىڭ ئەقلى ھۇشىغا ۋالە ئېدى.
دەم ئالماي فىغان ئەيلەدى روز - شەب،
كى فوچى ھالاكىغا ئەيلەب سەبەب.
كى چىرلاتتى قۇتلۇق مىرابىنى كۈنى،
يەنە قىچقىرىب يۇز بېگى تۇردىنى.
ئارا ئۆستەڭ دىلاۋەرلەرىنى يىغىب،
شەھەر پۇردىلىنى تافىب يالبارىب.
بۇ خەلفە بۇلارغا قىلىب گىريە - زار،
دېدى: «قىلدى فوچى مەنى تۇرفە خار.
كى باشدا شەھەرنىڭ ئەزىزى ئېدىم،
ئارا ئۆستەڭنىڭ ساھىب تەمىزى ئېدىم.
يۇرۇرمەنمۇ مۇنداغ بولۇب دەردناك،
بۇگۈن - ئەرتە فوچىنى قىلساق ھالاك».
بۇدەم تۇردى يۇز بەگ دېدى: «مەن باراي،
ۋەيا باش بېرەي ياكى باشىن ئالاي».
قىلىب مەسلىھەت بىر كۈنى دەر سەھەر،
ياتار ئېردى مەھمۇد خوجا بىخەبەر.
دەب «ئاللاھۇ ئەكبەر» تامام مۆئمىنان،
بۇ مەھمۇد خوجا سارى بولدى راۋان.
ئېشتتى بۇ مەھمۇد قۇلاقىن سالىب،
قۇلاقىغا «تۇت - تۇت» ئاۋاز كېلىب.
كى تېز ئالدىراب ئورنىدىن ساچرادى،
قاچىب فوچىدىن خەلقلەرى ئاجرادى.
خالايىق قولىغا تاياقلار تۇتۇب،
ئاق ئۆيىنىڭ غارابچە ئوقىن سۇندۇرۇب.
كىرىب فوچىغا تىغ - نەيزە سالىب،
كېسىب باشىنى تۇردى يۇز بەگ ئالىب.
كى نەيزە ئۇچىغا قاداب باشىنى،
بۇلاب ئالدى مال، كۆرفە - فەرراشىنى.
ئوتتۇز ئالتە كۈن فوچى بولدى سىپاھ،
كى ئاخىر بولۇبدۇر بۇ نەۋئى تەباھ.
ئەھمەدخاننى ئۇتماققا خەلق كەلدى تېز،
ئەھمەدخان خوجام تېز قىلدى گۇرىز.
شەھەردە ئاتاسى ئۆيىگە كىرىب،
ئىشىك - تۈڭلۈكنى تامام بەركىتىب.
تۇرۇب ئېردى كەلدى بۇ لەشكەر يېتىب،
تېخى فوچى مەھمۇد باشىنى ئالىب.
دېدى: «ئەر ئېسەڭ، ئەي خوجا، چىق بۇيان،

باشىڭنى ئالۇرمىزكى چىقماي ھامان».
بەناگاھ خوجا ئاتقا بولدى سۇۋار،
ئەزىز پەھلىۋان قىلتەگە ئوت ياقار.
ئىشىكنى ئاچىپ چىقتى ئاتىن چاپىپ،
خالايىق كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قاچىپ.
ئەممەدخان غەزەپناكۇ جەۋلان قىلىپ،
خالايىقنى ھەريان گۇرىزان قىلىپ.
شەھەردىن چىقىپ كەتتى تۇڭگان سارى،
كى تۇڭگانى ياگۇر سۇلتان سارى.
كۆرۈپ خوجانى مەسجىددىن چىقىپ،
كى تۇڭگانىلار بارچە ئىكرام قىلىپ.
ئالىپ كىردى تېز مەدرەسە ئالىيغا،
كى ئىخلاس ئېتىپ خوجانىڭ ئالىغا.
خوجامنى چېرىككە تۇتۇپ بەرمەدى،
خوجا قاشىغا كىمسە كەلتۈرمەدى.
كى سۇلتان ياگۇر تۇتۇپ مۇھتەرەم،
بېرىپ خوجاغا تون، مائاش، دىرەم.
كى خوجا تۇرۇپ مۇندا نەچچەند زامان،
بولۇپ غەلبە پەست بولدى لەشكەر ئامان.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد مەنسۇر ئاخۇن، سەئدۇللا خەتىپ، قاۋاش ھاجى ئاخۇن قاتارلىق يىگىرمە بەش تەن مۆئمىنىن بىلە كۇچارغا بارماق بولۇپ، جىبەك دېگەن يەرگە يەتكەندە قالماقلار بىلە دەرفىستادە بولۇپ، ئون ئۈچ تەن مۆئمىن شەھىد بولۇپ، مۇغلار غالىب كېلىپ شەيخۇلئىسلام مەنسۇر ئاخۇن ئون ئىككى تەن مۆئمىن بىرلە يانىپ كەلگەنى.

بۇ پەيغامنى دېدى بىزگە سۆز ناقىلى،
تەكەللۇم شەبىستانىنىڭ ئاقىلى.
ئوشۇل ۋاقىتتا سۇلتان ئېردى ھايات،
تېخى بولماغان ئېردى ئول شەھ مامات.
بار ئېردى ئوشۇل ۋاقىتتا بىر جەۋان،
ئۆزى شەيخۇلئىسلام شېرىن زەبان.
زەباندارۇ خۇشخۇي ۋە ئاقىل ئېدى،
كى ئىخلاس مەقامىدا كامىل ئېدى.
ئاتا قويغان ئات باشدا مەنسۇر دەپ،
خالايىق قويۇپدۇر چوڭ ئاخۇن لەقەپ.
بەلى چوڭ كىشى ئېردى ئەۋلادى چوڭ،
بۇ ئەرنى چوڭ ئاخۇن دېمەك ئېردى ئوڭ.
قېرىنداشىنى كىچىك ئاخۇن دېگەي،
كى راست ئاتىنى ھېچ كىشى بىلمەگەي.
كۆڭلى چىرلاتىپ شاھ چوڭ ئاخۇننى تېز،
دېدى: «تېز كۇچار شەھرىگە بارساڭىز.
نەچچە ئەلچى باردى قالىپ كەلمەدى،
نە ئىش بولغانىنى كىشى بىلمەدى».
دېدى ئاخۇنۇم: «ئەي شەھا، مەن باراي،
كى بارغان كىشىدىن خەبەر مەن ئالاي».
بۇ سۆزدىن بولۇپ شاد مەسرۇر شاھ،
مۇھەييا ئېتىپ جۈملەئى زادە راھ.
قاۋاش خاتىپ ئاخۇننى چۇن يار ئېتىپ،
كى سەئدۇللا ئاخۇننى دىلدار ئېتىپ.
كى ھەمراھ بولۇپ مىھرىددىن شاڭ بېگى،
يەنە يۈسۈپ ئاخۇن كى مەشرەپ بېگى.
ئابۇلخەيرى مۇئەززىن بىلە ئول ئەزىم،
ئاراپوز بېگىدىن مىدمەت شاھ نەدىم.
كى چونجىدىن ھەمەر باقى بىرلە چورۇق،
يەنە ئۆزگەنىڭ ئىسمى يادىمدا يوق.
مۇھەييا بولۇپ بىستۇ پەنج تەن ھەممە،
كىيىپ بارچەسى جۇببە جەۋشەن ھەممە.
بۇلار قەلئەدىن بارچە قىلدى خۇرۇج،
ئۇزاتماق ئۈچۈن چىقتى خەلق فەۋج - فەۋج.
بۇلار شور غەۋغاسى ھەددىن ئاشىپ،
بەھىللىق تىلەپ، خەيرىباد ئەيلەشىپ.
تامام ياندىلار ئۆتكەرىپ بەھرىدىن،
كى ئەمىن بولۇپ راھزەن قەھرىدىن.
كى تەلقىسە دەريادىن ئۆتمەك ھامان،
چۇ مىس كانى سارىغا بولدى راۋان.
يۈرۈپ كەتتىلەر راھلار تەي ئېتىپ،
تىلىدا مۇدام يادى ھەي ئېتىپ.
گاھى كوھ ئارا ئاردىباللار ئاشىپ،
گاھى تاش بېسىپ، گاھى سۇلار كېچىپ.
گاھى راھەتۇ باغ - بوستان ئارا،
گاھى كۆردى كۇلفەت رېگىستان ئارا.
يولۇقسا تۈشەر ئېردىلەر ياخشى جاي،
كى يەپ شادزى ھەم ئىچىپ ئاندا چاي.
كى بىر يەرگە يەتتى ئاتارلار جىبەك،
تومۇر تەبرەنىپ سالدى ئاندا يۈرەك.
قولاقىغا يېتىپ راھزەنلەر ئۈنى،
نەدۇر راھزەن، ئەھرىمەنلەر ئۈنى.
پەدىد بولدى ئول يەردە ئايماقلار،
نە ئايماق، خۇنخار قالماقلار.
نەچچە يۈز لەئىن تۇردى يولنى توساپ،
تۇرار ئېردى ئادەم قانىغا سۇساپ.
دېدى ئاخۇنۇم: «بۇ كۆرۈنگەن نېمە،
ئانىڭ خەۋپىدىن دىل قىلۇر ۋاھىمە».
دېدى بارچە ئادەم: «بۇ قالماق ئېرۇر،
غەرەز مالى تۇججارنى ئالماق ئېرۇر».
چوڭ ئاخۇن دېدىلەر: «نە قىلماق كېرەك»،
دېدىلەركى: «ئالدىغا بارماق كېرەك».
ئون ئىككى كىشى بىرلە سەئدۇل خەتىپ،
يېتىپ باردى قالماققا ئاتىن چاپىپ.

بارىب مۇغلار بىرلە سۆزلەشتىلەر،
كى شەشپەر ئۇرۇشماقنى كۆزلەشتىلەر.
كى شەشپەر ئالىب مۇغلار ئىلكىگە،
كى مەغرۇر قىلىشىب ئويۇن - كۈلكىگە.
سالىب مۇغ مەمەت شاھ دەلىرگە سىنان،
سەئدۇللا خەتىبنى تۇتۇب شول زامان.
شەھىد قىلدى ئون ئىككى ئادەم بىلە،
بۇلار قاچتى ئەفغانۇ ماتەم بىلەن.
بۇلار سوڭىچە نەچچە يۈز مىڭلار،
كى سۇردى فەلەككە يېتىب تۇغلار.
قۇتۇلدى قاچىب بۇ ئون ئىككى كىشى،
شەھىد بولدى ئول يەردە ئون ئۈچ كىشى.
زەبىدە، ياقۇب، سامساق ئاخۇننى ھەم،
بۇلار تۆرت كىشى ئېردى كۆردى سىتەم.
بۇلار مۇغ ئارا قىلدى تۇججارلىق،
كى مۇغلار قىلىب ئانچىنان خارلىق.
تۇتۇب ئەھلى تۇججارنى نۇرغۇن بەلىد،
بۇ تۆرت تەننى ئول يەردە قىلدى شەھىد.
كۆرۈب ئاخۇنۇملار قىلىب تېز فەرار،
ئاتىن قامچىلاب ئارقاسىغا قارار.
كى بىر كۈندە كۆب راھلار تەي ئېتىب،
كى ئاخىر نەچچە كۈندە كەلدى يېتىب.
ئۇلۇغلارغا ئاخۇن بايان ئەيلەدى،
نە ئىش ئۆتتى ئانى ئايان ئەيلەدى.
بولۇب مۇفتى ئاخۇن بەسى بىقارار،
كى فەرزەند ئۈچۈن يىغلادى زار - زار.
تامام ئەقرەبالار تۇتۇشتى ئازا،
تۇتۇب بارچە ماتەم كىيىشتى قارا.
شەھىدلەر تەننى كەتۈرمەك ئۈچۈن،
كىشى بۇيرۇدى تېز يەتۈرمەك ئۈچۈن.
كى نۇرغۇن چېرىكلەر شەھىدنى ئالىب،
نەچچە كۈندە كەلدى شەھەرگە يېتىب.
ئاتا ئوغلىنىڭ تابۇتىنى كۆرۈب،
ئاتا كەبك يەڭلىغ بولۇب چۆيرۈلۈب.
گىرىبانىنى فارە - فارە قىلىب،
ئانا تىرمالاب يۈزىنى يارە قىلىب.
ئاتاسى ياشىنى قىلىب يەرگە رىز،
ئاناسى قۇچۇب پاي تابۇتنى تېز.
ئاتا ۋە ئانا دەر ئېدى: «ۋاي بالام،
كى شېرىن زەبان، يۈزلەرى ئاي بالام.
ۋۇجۇد باغىنىڭ نەۋ نىھالى بالام،
خىرەد گۈلشەنىنىڭ كامالى بالام.
كى ئەفلاك دىل ئافتابى بالام،
بىغىر كۈنجىنىڭ ماھتابى بالام.
ئاتا بەدەنى ئىچرە جانى بالام،
ئانانىڭكى روھ راۋانى بالام».
بۇ نەۋئى بۇلار تەئزىيەتلەر تۇزۇب،
ئۇلۇغلار كېلىب تەئزىيەت يەتكۈزۈب.
كى ئاخىر بەدەننى سالىب نەئشكە،
سۇۋارە قىلىبان ياغاچ رەخشكە.
ئالىب يۈردى بىر - بىر گۆرىستان سارى،
ئوشۇل خانە ۋەھشەت غەمىستان سارى.
جەسەدنى كى ئۆز مەنزىلىدە قويۇب،
كى تارقاشتىلار خەتم قۇرئان ئوقۇب.
تۇتۇڭ ساقىيا شاد ئولۇب بىزگە مەي،
ئىچىب شاد بولۇبان تەكەللۇم تۇزەي.
بۇ مەيدىن ئاچىلسۇن تەخەييۇل گۈلى،
ناۋا - ساز قىلسۇن زەبان بۇلبۇلى.

ئەلقىسسە ئۇلۇغلار قالماي يۇرت باشسىز قالغاندا، يۇرت خەلقى جەم بولۇب موللا شەۋكەت ئاخۇننى سۇلتان كۆتەرگەنى ۋە كۇچار شەھرىدىن سايىدخان خوجا ۋە دارا خەتىبلەرنىڭ كەلگەنى. سايىدخان خوجاغا «يالاڭاچ خوجام» دەپ ئات قويۇلغانى.

سۆزىكىم بايان قىلدى سۆز ناقىلى،
بۇ قىسمى دەيمىش ناقىلان ئاقىلى.
ئىلە خەلقى ئېردىكى بىسەر قالىب،
يۇرۇر مۇرغدەك بارچە بىفەر قالىب.
كى يۇرت شەۋكەت ئاخۇن قاشىغا كېلىب،
ئانى شەھ كۆتەرمەك سۆزىنى قىلىب.
چىقاردى قىلىبان ئەۋرەڭ ئۆزرە شاھ،
ئادالەت مابۇ رەئىيەت پاناھ.
بۇ ئاخۇن بولۇب شاھ چالىب شادىيان،
ئادالەت قىلىب يۇرتنى ئەيلەب ئامان.
سۇرۇب دەۋرى شەھلىقدا نەچچەند زامان،
كى نەچچەند زامان ئامان ئولدى جاھان.
ئېشىتكىل رەۋايەت كۇچار خانىدىن،
كى دارا خەتىبنىڭ نە بولغانىدىن.
كۇچار خانى بىر كۈن ئېدى تۇرفە شاد،
قوپۇب ناسىر ئاخۇن ئاڭا قىلدى داد.
دېدى: «ئەي خىرەدمەندى شاھى ئەجەم،
خۇدا ئەيلەمىش سىزنى كۆب مۇھتەرەم.
ئانا قىلدى ھەق مۇنچە دەۋلەت ساڭا،
بېرىب كۆب سائادەت ۋە ئىززەت ساڭا.
كى ئەرزىم ئېشىتسەڭ بەرايى خۇداي،
تۇرۇبمىز بۇ شەھرىڭدە تىنك ئالتە ئاي.
نە بولدى ئېكىن ئاندا فەرزەند - زەن،
تېخى شاھدىن كەلتۇرۇبمىز سۇخەن.
ساڭا كەلتۇرۇب شاھدىن نامەنى،
كى تېز بەرمەدىڭ سەن جاۋاب نامەنى».
بۇ سۆزدىن بۇ شەھكە خىجالەت يېتىب،
خىجالەت ئېسىدىن مالالەت يېتىب.

بىرىب بىر دۇرۇدى دەلايىل ئاڭا،
ئوقۇپ ۋىرد قىل دەپ ھەمايىل ئاڭا.
كى دارا خەتىبكە بىرىپ خامەنى،
ئىنايەت قىلىپ مەۋلەۋى جامىنى.
كى ناسىر خەتىبكە دېدى: «سىز تۇرۇڭ،
مەمەت قۇربان ئاخۇن بىلە ئولتۇرۇڭ.
كى مۇندا تۇرار مۇفتى مۇسا تېخى،
يەنە بارسا بارسۇن كى ئەيسا تېخى.
ئىلە سارى دارا خەتىب باش بولۇب،
خوجام نىياز ئاخۇنمۇ يولداش بولۇب.
قارا بىرلە سادىق، رازىزاق تامام،
بولۇب ئەللىك ئالتە تامام خاس ـ ئام.
خوجام نىياز يۈز بەگ، سادىر، سىبتى،
ئىلە سارى بارسۇن قىلىب جۇرئەتى.
سايىدخان باش بولۇبان يەنە،
كى ئوسمان خەلفەم دۇ فەرزەند بىلە.
كى بارسۇن تېخى رەھمەتۇللا جەۋان،
ئىسمائىل، ئەزىز يۈز بېگى پەھلەۋان».
بۇ جۇملە ئىلەسارى بارسۇن، دېدى،
ناسىر خەتىب ئاخۇننى قالسۇن دېدى.
بۇلارغا بىرىب زەررىن ئەمامەلەر،
تېخى ياخشى ئات، زەرنىگار جامەلەر.
بۇلار خوبلاشىب يولغا بولدى راۋان،
كى يول تەي ئېتىب ھەم بولۇب شادمان.
مۇزاتدىن ئۆتۈب قەتئ مەنزىل ئېتىب،
كېلىب ئېردى شاتۇ دېگەنگە يېتىب.
كى مۇغلاردىن بۇلارغا يولۇقتى بىراۋ،
بۇ قالماق كېلۇر تېز ـ تېز رۇبەرو.
ئەزىز يۈز بېگىلەر بۇ مۇغنى تۇتۇب،
كەتۇردى خوجام ئالدىغا قورقۇتۇب.
دېدىكىم: «سوراڭلار مۇنىڭ ئاتى كىم،
كى ئەۋلادى كىم، ئاتى كىم، زاتى كىم.
نەيەردىن كېلۇر بۇ، نە يەرگە بارۇر،
بۇ مۇغ دۇزمۇدۇر ياكى جاسۇسمۇدۇر».
دېدى: «سورسا ئاتىم بولاجى دۇرۇر،
ئەزىز يۈز بېگى بىزگە ناجى دۇرۇر.
كى بار مۇندا بىرمۇنچە قالماق ئۆيى،
كى ھەريەردە يۈرمەك بۇ خەلقنىڭ خويى.
ئۆزۈم نامراد بىر ئوتۇنچى ئېدىم،
كى فەرزەندلەرىم بىرلە تونچى ئېدىم.
بۇ ئاز مۇغلار سىزنى كۆرمەك ھامان،
مېنى ئالدىڭىزلارغا قىلدى راۋان.
دېدى: تېز بارغىل خوجاملار كېلۇر،
خىيالى تامامىڭنى مېھمان قىلۇر.
شوتا ئاغزىدا مىزبانلىق ئېتەر،
دۇئالار ئالىب سىز ئاندىن كېتەر.
ھەممە ياخشى ئىشقا ئىبەردى مېنى،

ماڭا زۇلۇم قىلماققا ئىنساف قېنى».
كى دارا خەتىب ئەيدى: «ئوغرى ئۆزى،
بارى ھىلە ـ يالغان بۇ قىلغان سۆزى.
كى بىزلەرگە قىلدى بۇ تەلبىسلىق،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلماققا ئىبلىسلىق.
باشىغا چاپىپ ئۆلتۇرۇڭلار مۇنى،
كى ئوتقا ياقىب كۆيدۇرۇڭلار مۇنى».
ئەزىز يۈز بېگى ئەيدى: «ئۆلتۇرمەگىل،
مېنىڭ ناچىم ئېردىكى كۆيدۇرمەگىل.
بۇ ناچىم ئېرۇر قىلماغاي كەززاب سۆز،
بۇ قىلغان سۆزىنى بىلىڭلاركى تۈز.
غەلەت سۆزنى قىلماس بۇ قالماق ئۆزى،
گۇمانسىز ئېرۇر ئۇشبۇ قىلغان سۆزى».
دېدى: «ئانداغ ئېرسە چۇ بىزگە بارىڭ،
نەچچە مۇغ بار خەبەرىنى ئالىڭ».
بۇ قالماق بىلە باردىلار تۆرت كىشى،
شوتا ئاغزىغا باردى يوقتۇر كىشى.
ۋەلى بار ئىكەن ئاندا بەش ـ ئونچە ئۆي،
كى ئوتلاب يۇرۇر نەچچە ئات، نەچچە قوي.
دېدى: «ئاز ئىكەندۇك بۇ يەردە ئەدۇۋ،
نېچۇك جەڭ قىلالىغاي بولۇب رۇبەرو».
يانىب خوجالارغا خەبەر بەردىلەر،
شوتا ئاغزىغا تېز يېتىب كەلدىلەر.
خوجا ئالدىغا باردى مۇغ پېشباز،
قويۇب خوجا ئالدىدا نەزىر ـ نىياز.
دېدى مۇغلار: «ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇڭ،
ئوشۇقسە سەھەردە راۋانە بولۇڭ.
كى قوي ئۆلتۇرۇب سىزنى مېھمان قىلاي،
يولۇڭدا تەسەددۇق ئەزىز جان قىلاي».
كى دارا خەتىب ئەيدى: «بۇ ھىلەدۇر،
بۇ يەردە تۇشۇب ياتسا بولغاي خۇتۇر».
تامام مۆئمىنان بولدى يولغا راۋان،
تەكەسنىڭ تۈزىدە كۆرۈندى تۇمان.
كېلىب ھەر تەرەفدىن كۆپ ئايماقلار،
كى مىڭ نەچچە يۈز بولدى قالماقلار.
توسۇب راھنى مۇغلار قىلدى جەڭ،
تەكەس تۈزىگە قان بىلە بەردى رەڭ.
ئوسمان خەلفەمىز ئىككى ئوغلى بىلە،
خوجام نىياز ئاخۇن كى تۆردى بىلە.
كى سادىق، سادىر، سىبتى بارچەسى،
شەھىد بولدى ئول يەردە ئەللىك كىشى.
قارا بىرلە رازىزاق قاچىب ئارقاغا،
خوجام نىياز يۈزبەگ مۆكۈب دالداغا.
سايىدخان خوجام، رەھمەتۇللا دەلىر،
خوجام نىياز يۈز بەگ ئۈچى بولدى بىر.
قاچىب تېز ـ تېز بۇ ئۈچى ئۈچ تەرەف،
كى دارا خەتىب قاچتىلار بىر تەرەف.

كى يالغۇز قاچىپ ئېردى دارا خەتىپ،
قىيازلىغ دېگەن يەرگە كەلدى يېتىپ.
خەتىپ سوڭىدىن سۇردى كۆپ مۇغلار،
ئاتىن چاپقىشىپ چىقارىپ تۇغلار.
كى قۇتلاشتى ئاتى يىقىلدى خەتىپ،
سالىپ مۇغ سىنانىن جاراھەت ئېتىپ.
قىيازلىقدا تۇتتى قولىن باغلابان،
پىيادە قىلىپ بولدى يولغا راۋان.
ئالىپ باردى ھايداپ شوتا سارىغا،
كى باغلاپ قويۇپ ئاق ئۆيىن ئالدىغا،
لاما - زەنگىلەر ئۆي ئارا ئولتۇرۇپ،
بۇ ئاخۇننى تېز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
كى خۇرجۇننى ئالدى ئاچىپ نامەنى،
ئالىپ ئىلكىگە مەۋلەۋى جامىنى.
كۆرۈپ زەر قۇتە بىرلە زەرجامەنى،
كى زەررىن كۈلاھ، زەررىن ئەمامەنى.
يەنە ئالدى ئالتۇن غىلاپلىق قىلىنچ،
تىزىپ لەئلە، زەررىنە ساپلىق قىلىنچ.
دېدى مۇغ: «بۇلار كىمسەنىڭ ئەي قوتان،
دېگىل راستىنى ھەم كېرەك بولسا جان».
دېدى خەتىپ ئاخۇن: «بۇ جۇملە مېنىڭ،
قولۇڭغا تۈشۈپدۇر بولۇپدۇر سېنىڭ.
نېچۈكدىن كىيەرسەن خوجا بولماساڭ،
ۋە يا بىر ھاكىم ياكى شەھ بولماساڭ.
سەيىدزادە بولساڭ ياشۇنمە بۇ كۈن،
ئۆزۈڭ قوۋۋەتىڭگە ئىشەنمە بۇ كۈن».
دېدى: «مەن ئىلە شەھرىدىن خەت ئالىپ،
قىلىپ تەي بۇ يولنى كۈچارغا يېتىپ.
بېرىپ نامە خەتنى كۈچار خانىغا،
دۇئا ئەيلەدىم مەن ئانىڭ جانىغا.
بۇلارنى ئوشۇل خان بېرىپدۇر ماڭا،
بۇلار بىر كۈنى دەپ كېرەكلىك ساڭا.
مېنىڭدە ئامانەت ئېكەن بۇ بۆلەك،
بۇ خالتا بۆلەك ساڭا بولدى كېرەك».
ئېشىتىپ كەتۇردىكى تۆرت مۇغنى،
ساۋۇرغىل دېدى بۇ قوتان تۇغنى.
قوراننىڭ تاشىدا باشىنى كېسىڭ،
قەفەس ئىچرە سالىپ ئېشىككە ئاسىڭ.
ئالىپ يۇردى مۇغلار باشىن كەسكەلى،
قەفەسنىڭ ئىچىگە سالىپ ئاسقالى.
ئالىپ بارىپ ئېردىكى بىرمىڭچە راھ،
كى «ئۆلتۈرمە» دەپ چىقتى ئۆيدىن سادا.
ئۆلۈم ۋەھىمىدىن سۆزگە كەلمەس زەبان،
تېخى ئوت كۆرۈندى كۆزىگە جاھان.
چۇ «ئۆلتۈرمەيىن مۇندا كەلتۈر» دېدى،
ئاق ئۆي ئالدىدا موماغا باغلادى.
لاما - زەنگىلەر ئىچتى تۇندە ئاراق،
بۇئاخۇنغا يۈزلەندى دەردۇ فىراق.
كى يىغلاپ تەۋەككۇل خۇداغا قىلىپ،
شىكەستە يۈزىن قىبلەگاھقا قىلىپ...
دەم ئالماي دېدى: «يا كەرىم، يا كەرىم،
تېخى ئىسمى زاتىڭ رەئۇف ئەررەھىم.
مېنى ساقلا يا ئەھفەز، ئەلھافىزىن،
تەرەھھۇم قىل ئەي ئەرھەم ئەررەھىمىن.
كەرىمىكى بى مىسلى مانەندە سەن،
ھەممە بەندەدۇرمىز، خۇداۋەندە سەن.
بۇ بىرەھمەلەردىن مېنى تۇت ئامان،
بىھەقى نەبى ئالامان، ئالامان».
خىيال ئاتى قاتتى كەيلى قايغۇغا،
كى باغلىق تۇرۇپ كەتتى كۆز ئۇيقۇغا.
دەم ئالماي ياغار ئېردى باران بۇ تۈن،
بولۇپ مەست مۇغلار بولۇپدۇر جۇنۇن.
كى ئويغانسا كۆرمىش ئاناسىنى تۇش،
تېخى ئوڭ ئايامى، ئوڭ قولى بولدى بوش.
بۇ ئاخۇن تەۋەككۇل خۇداغا قىلىپ،
بۇ بەندى گەراندىن ئۆزىن ئاجرىتىپ...
بولۇپ ئېردى ئاندا قاراڭغۇ جاھان،
قاچىپ تېز - تېز يولغا بولدى راۋان.
كى باران ياغار ھەم شەبى داج ئىدى،
بۇ ئاخۇن بەرەھنە يالاڭئاچ ئىدى.
مۇزات سۇيىگە كىردى غەۋۋاس سۈپەت،
شىناۋەرلىك ئەيلەپ بولۇپ قاز سۈپەت.
تەكەسكە ئۆلاندى تۇگەندى بۇ ئاب،
تەكەس بەھرىنى يۈردى تېز ياقالاپ.
يېتىپ ساڭ لەنگەرگە بولدى كېچە،
بۇ ساڭ لەنگەرى ئىچرە قوندى كېچە.
بۇ تۈن ئابدۇقادىر خەلپەم كېلىپ،
بېشارەت بېرىپدۇر تۈشىگە كىرىپ.
دەيمىش: «ئەي بالام تېز قوپقۇپ يولغا ماڭ،
تولا ياتماغايسەن يېقىن بولدى تاڭ».
قوپقۇپ باقسا تۈن شەبى ئەۋۋەل ئېرۇر،
دېدى بۇ سۈپەت تۈشكە بولماي غورۇر.
يەنە ياتتى تېز كەتتى كۆز ئۇيقۇغا،
كىرىپدۇر تۈشىگە ئاتاسى يەنە.
دېدى: «قىلمادىڭ شەيىخ سۆزىگە قىسەند،
بۇ تۈن كەتمەسەڭ جانغا يەتكەي گەزەند».
كى تېز قوپتى ئاخۇن ئاتىپ ئېردى تاڭ،
كۆرەر مۇغ تەرەفدىن پەيدا بولدى چاڭ.
قاچىپ كىردى ئاخۇن كامار ئىچرە تېز،
نەچچە تەن ئەدۋۇلار ياقىن كەلدى ئىز.
بۇ جاڭگالنى ئاقتۇردى ئەيلەپ گۇمان،
كى تېز ئالدىراپ يولغا بولدى راۋان.
بۇ ئاخۇن ئېتىپ خەۋپ كامارىدىن چىقىپ،
ئەدۇۋ بارمۇ دەپ ھەر تەرەفكە باقىپ.

كى تېز ئالدىراپ يولغا بولدى راۋان،
دۇچار ئولدى بىر زەخمدار ناگھان.
شىشىپ ئالەتى چولڭ بىلىنگەدەك بولۇپ،
يۈرۈپدۇر يالاڭئاچ ئېپىنگەدەك بولۇپ.
كۆرەرلەر ئانىڭ پارچە ئەئزاسى قان،
خەتىبدىن قاچىپ بولدى سۇغا راۋان.
خىيالى ئۆزىن تاشلاغاي بەھرىگە،
قۇتۇلغاي چۆكۈپ بەھرىنىڭ قەئرىگە.
بۇ ئاخۇن دېدى: «ھاي نىچۇك جان سەن،
شاياتىن، پەرى ياكى ئىنسان سەن».
دېدى: «نەسلى ئىنسان كۆچارى ئۆزۈم،
ھامان مىڭ بالاغا دۇچارى ئۆزۈم.
ئاتىم ئېردى ئەيسا كۆچار شەھرىدىن،
ئۆتەلمەي يۈرۈپمەن ئوشۇل بەھرىدىن».
بۇئاخۇن ئېشىتىپ بولدى تۇرفە زار،
تونۇشۇپ بولۇشۇپ زار ۋە نىزار.
قاقا يافرافىن سەتر ئەۋرەت قىلىپ،
بىرى بىرسى بىرلەن كۆرۈشتى كېلىپ.
ئۆتۈپ ئېردى ئۈچ كۈن بولۇپ ئاچ - زار،
كى نان يادى بىرلە بولۇپ بىقارار.
ئىكەۋ قول تۇتۇشۇپ ئۆتۈپ بەھرىدىن،
كىرەسىنە يۈرۈپ قان كېتىپ چىھرىدىن.
كى روزانە ئەيلەپ سۇنىڭ لايىنى،
ئىچىپنى سۈرۈپ قويمادى ھالىنى.
يەنە ئالتە كۈن ئاچ - زار كەزدى راھ،
كى دەرمان يۈرەرگە قۇرۇپ چەكتى ئاھ.
بولۇپ ئاچ ئاقاردى ھەر ئىككى كۆزى،
زەبانى قالىپدۇر ئۇقۇلماي سۆزى.
تافاۋەت قىلالماي يىراقۇ يېقىن،
قاراڭغۇ كۆرۈندى بۇ رويى زەمىن.
ئاشىپ ھەددىدىن بۇ كىرەسىنە ئوتى،
كى يولغا يۈزەلمەي ھەر ئىككى قۇتى.
يىقىلدى زەمىنگە چۇ تارتىپ دەراز،
بەدەندىن بۇ جان چىققالى قالدى ئاز.
خەتىپ ئاخۇن ئول دەم زەمىننى سىلاپ،
گىياھ قولغا ئالدىكى ئويدان قاراپ.
قاراپ باقسا ئېرمىش تارىغان بىدە،
بىدەنى كۆزىگە سۈرۈپ ئىلكىدە.
كى «ھەمدان ۋە شۇكران ئىلللەللا» دېدى،
«ياتىشتى بۇ كۈن فەزلىللا» دېدى.
كى ئەيسا دېدى: «سىز بولۇپسىز جۇنۇن،
كىشى جان چىقاردا قىلۇرمۇ ئويۇن.
كىرەسىنە كىشى شۇكرى ئېيتماق نەدۇر،
ئۆلۈم ۋاقتىدا ھەزلە قىلماق نەدۇر».
«ئۆلۈم ۋاقتىدىن بىز ئۆتتۇپمىز» دېدى،
«كى مۆئمىن ئېلىگە يېتىپمىز» دېدى.
«ئېشىتكىل سۆزۈمنى ئايا تۇركى ناس،
كى قالماق ھەرگىز بىدە تارىماس».
قىلىپ گۇفتگۇلار بۇ يەردە ئىكەۋ،
كى ئازان ئوقۇماققا قويپتى بىراۋ.
قاراپ كۆرسە ياتۇر يالاڭ ئىككى دۇز،
بىرى بىرسىگە سۆز قىلۇرلار ھەنۇز.
بەرەھنە ئىكەۋ باش - ئاياغى يالاڭ،
دېدى: «دۇزمۇدۇر، يا پەرى، يا سارالڭ».
ئالىپ تەبەر، مىلتىق بۇ كۆرگەن كىشى،
تاياقلار ئالىشىپ يەنە ئۈچ كىشى.
يىراقتىن دېدى: «ئەي ئىكەۋ جىنمۇسەن،
ۋەيا دۇز - تەررار خۇدبىنمۇ سەن.
يالاڭئاچ ياتىپسەن ئاراقچى سۈپەت،
بولۇپ شامداغايىراق قاراقچى سۈپەت».
خەتىپ ئاخۇن ئەيدى: «مۇسۇلمان ئىكەۋ،
ستەم دىدە بىز ئەھلى ئىمان ئىكەۋ.
ئالىپ نامە بارغان كۆچار شەھرىگە،
بۇ كۈندە تۇشۇپمىز بالا بەھرىگە».
كى دارا خەتىبنىڭ ئۈنىدىن تونۇپ،
كۆرۈشتى كېلىپ بارچە ئۆزرە قويۇپ.
ئاغا كىيدۈرۈپ شەيخۇلئىسلام ئېگىل،
بۇلارغا بېرىبان تائامى يېگىل.
سالىپ ئاستىنغا لەتىف كۆرپەسىن،
بېرىپ ئاز - ئازدىن توخۇ شورپاسىن.
چولڭ ئاخۇن، مۇتەۋەللى ئاخۇن تۇرۇش،
بۇلار يىغلاشىپ قىلدى نالە خۇرۇش.
ئىكەۋگە قىرىچە ۋە دەستار بېرىپ،
ياماتۇ ئېلى ھەم كۆرۈشتى كېلىپ.
ئىككى كۈن تۇرۇپ كەلدىلەر غۇلجاغا،
كۆرۈندىكى شەھكە كىرىپ ئوردىغا.
تامام ۋاقىئاتنى بايان ئەيلەدى،
كى قالماق ئىشىنى ئايان ئەيلەدى.
ئېشىتىپ دىل شەھ بولۇپ پارەلەر،
شەھىدلەر ئۈچۈن قىلدى كۆپ زارەلەر.
يېتىپ كەلدى خوجام نىياز يۈز بېگى،
يەنە رەھمەتۇللا دەلىر سۆز بېگى،
سايىدخان ئىشىنى ئايان قىلدى تېز،
ياماتۇ سىيان دەپ بايان قىلدى تېز.
دېدى: «قايدا باردى ئوشۇل بىناۋا»،
دېدى: «كەتتىلەر سۇيى توققۇز تارا».
بۇ سۇلتان بۇ سۆزنى ئېشىتمەك ھامان،
يۈرەك ئۆرتەنىپ ئۇردى ئاھ - فىغان.
بۇ ئاخۇن قىتىپ خەت بىلە نامەنى،
شىرە بوغاچىغا ئىبەردى ئانى.
شىرە بوغاچىغا ئىبەردى ئانى،
تافىنگلار دېدى سايىدخان خوجانى.
شىرە بوغاچىغا يېتىپ ئېردى خەت،
سىپاھلار يىغىپ لەشكەرى بىئەدەد.

سايىدخاننى ئىزدەپ تامام چىقتىلار،
چۆنان كوھ - سەھرا كېزىپ باقتىلار.
يۇرۇر ئېردى خەلق ھەر تەرەفنى باقىپ،
كۆرۈنسە قارا ئاندا تېز ئات چاپىپ.
بىراۋغا يولۇقتى يالاڭاچ كىشى،
ئۆزى نەۋ جەۋان، قورساقى ئاچ كىشى.
يالاڭاچ يۈرۈيدۇر بولۇبان غەرىپ،
كى تەشنە كىمرەسنە يۈزى سارغارىپ.
تومۇز تابىشىدىن بولۇبان قارا،
قورساق ئاچىدىن كۆپ ئۆرۈپ سەخت ئاھ.
گىياھ يىلدىزىنى قىلىبان غىزا،
كى ئاتقا قىلالماي كى ئاقىۋ قارا.
ئۆلۈمگە يېقىن بولمىش ئول بىناۋا،
كى ھەريان يۈرۈيدۇر ئۆرۈپ سەخت ئاھ.
بۇ ئادەم دېدى: «ئەي غەرىپ بىكەسى،
يالاڭاچ يۈرۈپسىزكى مۇزتەر بەسى».
سورادى دېدى: «كىم ئېرۇر ئاتىڭىز،
نە يەردىن بولۇر شەھرىڭىز، زاتىڭىز».
ئۆرۈپ ئاھ دېدىلەر: «كۆچارى مەنەم،
جاھاندا بالالار دۇچارى مەنەم.
ئاتىم خوجا سايىد دېگەن مەن ئېدىم،
كۆچار شەھرىدىن مۇندا كەلگەن ئېدىم».
دېدى ھەم شەھىدلەرنى قىلدى بايان،

ئۆزىن ئەسلى - نەسلىنى قىلدى ئايان.
بۇ ئادەم ئاقىزىپ كى خۇنى جىگەر،
سىپاھلارغا كەلتۈرۈپ بەردى خەبەر.
كېلىبان سىپاھ ۋە رەئايا ھەمە،
قىلىپ تون مۇھەييا ئەمامە ھەمە.
سايىدخان خوجامغا لىباس كىيدۈرۈپ،
يۆلەپ ئەسپ تازى ئۆزە مىندۈرۈپ.
شىرە بوغاچىغا ئالىپ كەلدىلەر،
«يالاڭاچ خوجام» دەپ لەقەب قويدىلار.
يازىدا دېدى «قورساقى ئاچ خوجام»،
شەھەر خەلقى دەيدۇر «يالاڭاچ خوجام».
يالاڭاچ لەقەب بىرلە شۆھرەت تاپىپ،
راۋان بولدى غۇلجا سىيان يۈزلىنىپ.
كۆرۈشتى كېلىپ شەۋكەت ئاخۇن بىلە،
سەرئەفراز ئېتىپ ئانى ئالتۇن بىلە.
مۇئەييەن ئېتىپ خوجاغا بارگاھ،
بېرىپ نەچچە خەدەمە ھەم خابگاھ.
قىلىپ خەتىپ ئاخۇنغا زور ئىلتىفات،
ئىككى ئون خو بۇغداي بىلە بەردى ئات.
كەتۈر ساقىيا جامى مەي شەۋقىدىن،
كۆڭۈل مەست ئېدى ئۇشبۇ مەي زەۋقىدىن.
كۆڭۈل قانۇنى چۇن سادا ئەيلەسۇن،
زەبان بۇلبۇلى ھەم ناۋا ئەيلەسۇن.

ئەلقىسسە مۇسۇلمانلار بارگاھنى يۆتكەپ سى دەڭ دېگەن يەرگە بەرپا قىلغانى. يەنە كۆرە شەھرىدىن ئۇرغۇن لەشكەرى كۇففار چىقىپ، قاراۋۇلچىلارنىڭ ئۆيىگە ئوت قويغانى ۋە مۆئمىنلەرگە ئاللا تائالا فەتھى نۇسرەت ئاتا قىلغانى.

ئايا ئەندەلىپ نەغمەگى ساز قىل،
خىيال كەبكىنى سەنمۇ باز قىل.
شەمسىددىن خەلفەنى سەرۋەر قىلىپ،
نەدۇر سەرۋەرى، قازى ئەسغەر قىلىپ.
مۇفتى روزى ئاخۇننى تېز كەلتۈرۈپ،
بەيتۇلمال ئىشىنى ئاڭا تاپشۇرۇپ.
كى سەردارلارنى قىلىپ جابەجا،
چۇ سى دەڭدە تۇزۇلمىش يۆلەك بارگاھ.
يېڭى بارگاھقا تامامى كېلىپ،
ھەر ئادەم ئۆزى خابگاھلار قىلىپ.
يېڭى بارگاھ ئىچرە ئارام ئالىپ،
كى مەسرۇر ئولۇپ يۈردى ئىشرەت قىلىپ.
تامام مۆئمىنان تىنچ بولۇپ نەچچە كۈن،
قىلۇر ئېردى دائىمكى خۇشلۇق ئويۇن.
كۈنى ئېردى جاڭجۇن شەھى كافىران،
كىمرەسنە بولۇپ بولدى كۆپ ناتەۋان.
ئېشىتتى لەئىن بۇ سۇفەتلىك خەبەر،
چۇ ئىسلام ئارا قالمادى ياخشى سەر.
توگەنىپ ئېمىش بىر - بىرىن ئۆلتۈرۈپ،
مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا دۈشمەن بولۇپ.

ھېلى ئۇشبۇ ۋاقتىدا بىسەر ئېمىش،
غەرىپ قۇش كەبى جۇملە بىغەر ئېمىش.
كى سۇلتان، ئەمىر جۇملە بولمىش ھالاك،
ھېلى بارچە مۆئمىن ئېمىش دەردناك.
بۇ سۆزنى ئېشىتىپ لەئىن بولدى شاد،
سىپاھلارنى كەلتۈر دېدى مۇندا فات.
كى سەردار كۇففارغا بەردى خەبەر،
يىغىلدى تامام كۇفرى ئەھلى سەقەر.
كۆرۈندىكى جاڭجۇن دارىن كېلىپ،
كى چىڭ لويەلەر ئەھلى خايىن كېلىپ.
دېدى: «ئەي شەھا ساڭا بولدى نە ئىش،
نېچۇك شادلىق ئالدىڭا كەلدى پېش».
دېدى بۇ لەئىن: «بىزگە يۈزلەندى بەخت،
كى ئىسلامنىلار ھالى بولمىشكى سەخت.
چۇ باشسىز قالىبدۇر كى ئىسلاميان،
ئۇلار ئۈستىگە تېز بولۇڭلار راۋان.
ئارادىن كۆتەرگىل تامام خويزەنى،
كى تۇنگانلارغا سالىپ نەيزەنى.
كى ئىسلاملارنىڭ بىرى قالماسۇن،
كى ئەتفالىنى ئولجا دەپ ئالماسۇن.

بارىپ شەھرىنىڭ قەلئەسىنى بۇزۇپ،
تامام خانانى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ.
كى ئالغىل خەزايىنغا ئەمۋالىنى،
كى مايداپ كېلىڭلار تامام مالىنى.
كۆ دارىن دېگەن كۆفرىغا باش بولۇپ،
كى چىڭ لويەلەر ئاڭا يولداش بولۇپ.
ئالىپ يەتتە مىڭ يەتتە يۈز كۆفرىنى،
راۋان بولدى يولغا ئالىپ جۈملەنى.
ئېشىتتى بۇ ئەخبارنى تۇنگانىلار،
مۇسۇلمان ئەمىرىگە بەردى خەبەر.
دېدى شاھ: «ئەگەر كەلسە قىلغۇم جىھاد،
مەگەر كەلمەسە ئول فەھۇلمۇراد».
خىتايلارنى شەھ كۆزىگە ئىلمادى،
ئاڭا بارغالى ھېچ ياراغ قىلمادى.
مەئەلقىسسە تۈندە كېلىپ ئەھلى بۇت،
تۈتۈنلەرنى ئەيلەبكى مىسلى بۇلۇت.
بار ئېردى مۇسۇلمان قاراۋۇللارى،
قاراۋۇل ئارا نەچچە يۈردەللارى.
قاۋاش قازى ئېردى قاراۋۇل بېشى،
خىتاي راھىنى توسماق ئېردى ئىشى.
قاراۋۇلغا كەلدى بۇ نۇرغۇن ئەدۇۋۇ،
قاراۋۇلچىلار ھەم بولۇپ رۇبەرۇ.
كى غالىب كېلىپ لەشكەرى ئەھلى بۇت،
قاراۋۇلچىلار ئۆيىگە قويدى ئوت.
بۇ ئوتنى كۆرۈپ سۇبھىدە غازىلار،
تامام چوڭ - كىچىك بارچە ئاتلاندىلار.
خىتاي لەشكەرى بارگاھقا يېتىپ،
كى تۇنگانىلارغا تۇفەكلەر ئاتىپ.
تۈشەر بارگاھ ئىچرە تىرى خەدەڭ،
بۇ تۇنگان، خىتاي ئارالاپ قىلدى جەڭ.
كى ئوق - دارۇسىدىن تۈتۈنلەر قوپۇپ،
كى ئاۋاز قىقاس جاھانغا تولۇپ.
بۇ قىسمى جەدەلدە بولۇپ چاشگاھ،
ئاجايىپ قىزىغ بولدى بۇ رەزمگاھ.
يانار خەۋق ئېتىپ مۆئمىنان ئارقاغا،
تامام كۆز تۇتۇپ قاچقالى دالداغا.
مۇنى كۆردى تۇنگان دىلاۋەرلەرى،
يالاڭاچ بولۇپ كىردى يۈردەللارى.
كى ئانداغ ئۆزىن ئۇردىلار كۆفرىغا،
خىتاينىڭ ئۆلۈكىنى قىلدى دۆبە.
خىتاي لەشكەرى كەلتۈرەلمەي كى تاب،
يەنە قاچتى كۆففار كۆزەگە قاراپ.
سوڭىدىن قاۋۇپ بارچە ئىسلامىلار،
قىلىنچ يۈرۈتۈپ جۈملە تۇنگانىلار.
ھالاك ئەيلەدى يەتتە يۈز كۆفرىنى،
راۋان بولدى دوزەخ سارىغا جانى.
كۆ دارىن بىلە نەچچە چوڭ لويەلەر،
كى دالويەلەر بىلەن چىڭ لويەلەر.
كى جاڭجۇن قاشىغا كىرىپ يىغلادى،
دېدى: «لات زىيزا مەدەد قىلمادى.
كى ئىسلامى بىزنى ھالاك ئەيلەدى،
تامام لويەنى دەردناك ئەيلەدى.
ئۆلۈم رەھتىگە بەربەدىڭ دەپ كى باج،
ساناپ يەتتە يۈز كۆفرىغا ئۇردى كاج.
چىدالماي بۇ كاجىغا كەلدۇق قاچىپ،
ئۆلۈم خەۋفىدىن تامبالىمىغا چىچىپ».
كى جاڭجۇن تەختىدىن ئۆزىن تاشلادى،
چىدالماي كۆتىن، باشىنى قاشلادى.
يايىلدى جاھانغا فەرۇ كەتتى سۆز،
سەرەتان كىرىپ بولدى قاتتىغ تەمۇز.
كىرىپ قەلئەسىگە قابالدى خىتاي،
كى گىرداپ ئاپەتدە قالدى خىتاي.
كۆرەر ئېردى ھەركۈن قەرىن ئاچىنى،
داۋامەت يېدى غۇسسەنىڭ كاجىنى.
خىرەد جامىدىن مەي تۇتۇڭ مۇغبەچە،
تەكەللۇم تۈزەي مەي ئىچىپ بىر نەچچە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غوجائەخمەت يۈنۇس

## ئاپتورلار دىققىتىگە

«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى ھەرخىل تېمىدىكى ماقالىلەرنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت يەنە شىنجاڭدىكى مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار، سەيلى - ساياھەت نۇقتىلىرى، ئاسار ئەتىقە، قەدىمكى كېيىم - كېچەك نۇسخىلىرى، مەشھۇر شەخسلەرگە دائىر تارىخىي ۋە بەدىئىي سۈرەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن سۈرەتلەرنىڭ قىممىتىگە قاراپ مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ. ئەۋەتىلگەن سۈرەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى

قۇمۇل ۋىلايىتى ئون يىلدىن بۇيان تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېقىندا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تارىخ - تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئون يىللىقىنى خۇلاسىلەش - تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان بەش ئىلغار كوللېكتىپ، 21 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

قۇمۇل ۋىلايىتى ئون يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تارىخ - تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتى ۋە تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇپ، مەخسۇس خادىم ۋە خىراجەت ئاجراتتى. نەتىجىدە بۇ ۋىلايەت ۋاقىت قىس، ئادەم ۋە مالىيە كۈچى كەمچىل، ماتېرىيال مەنبەسى يېتەرسىز بولۇشتەك ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئون يىلدا جايلار تەزكىرىسىدىن 75 خىل (14 مىليون خەت) نى يېزىپ چىقىپ، يېزىش پىلانىنىڭ 93.25 پىرسەنتىنى ئورۇندىدى. يېزىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن كىتابلاردىن ناھىيە تەزكىرىسى، جايلار تەزكىرىسى بولۇپ جەمئىي 50 نەچچە كىتاب - ماتېرىيالنى نەشىردىن چىــقاردى. جايلار تەزكىرىسىدىن بەشى ھازىر جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ. تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار يەنە 4 مىليون خەتلىك ماتېرىيال توپلاپ، ۋىلايەت تەزكىرىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇردى.

پۈتۈپ نەشىردىن چىققان تەزكىرىلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتى ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل ناھىيىسى تەزكىرىسى» مەملىكەت بويىچە 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» بىلەن «ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭى» ناملىق كىتاب ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىچىدە 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ماۋزېمىن ۋە قۇمۇل مالىيەسى» قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قۇمۇل تارىخىدىن تەرمىلەر»، «نومنى ئېچىش ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانما» ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە يېزىش تارماقلىرى كۆپلىگەن تەزكىرىلەرنى يېزىپلا قالماستىن، يەنە 1 مىليون 490 مىڭ خەتلىك «ئاراتۈرۈكنى قوغداش جېڭى»، «جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈنىلىش تارمىقى قۇمۇلدا»، «قۇمۇل ۋاڭلىرى تارىخى» قاتارلىق ئون نەچچە ماقالە، بىر تارىخىي كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇلار قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشىدا مۇھىم دەرسلىك بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىدىكى سىياسىي دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

يۇنۇس سادىق

# غازات دەۋر مۈلكى چىن


مولللا بىلال بىننى مولللا يۈسۈپ

(بېشى ئۆتكەن ساندا) ...

...قالماق نائىمەسى جەمئى بولۇپ، توققۇزتارادىكى بىرىنىڭ بەش يۈز ئۆيلۈك مۇسۇلمانىنىڭ قىسمىدە ئاتالغانى. ئەر، ... زەمىندە ... نارەسىدە ئوغۇل - قىزلار قاچىپ دەرىيادىن ئۆتەرمىز دەپ دەريا بويىغا جەمئى بولغانى. قالماقلار بۇلارنىڭ مال ... ئاللارنى غارەت قىلىپ، ئۆيلەرىگە ئوت قويۇپ، دەريا بويىغا قوغلاشىپ كەلگەنى. مۇسۇلمانلار ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، يەتتە يۈز سەكسەن نەچچە مۇسۇلمان دەريادا شەھىد بولغانىنىڭ بايانى.

قىلدىم خەمدە باشىنى ئەيلەپ قارا،
... يۈزىگە ساچىپدۇر سىيا.
... بولبۇلى قىلدى ئانداغ قىغان،
... قىلدى بۇ سۆزنى بايان.
... مۇغلار چوڭى كۆكىشۇن ئامبال دىگەن،
... سۇلاما ئاغزى تاسيال دىگەن.
ئۆپىنچى لەئىن ئاتى مۇڭكو تۆمۈر،
... نىساقىغا ياقىشالىق كۆمۈر.
... مۇغلارنى ئالىپ ئۈچ لەئىن،
... تۈشتى توققۇز تاراغا يىقىن.
... بۇ خەۋەرنى سەردارلار،
كى سۇلتانىغا تېز ئىبەردى خەبەر.
... ئىبەردى قىسىپ تۈرت قاتار نامەنى،
... شىدۇكەت ئانىزۇنغا ھەنگامەنى.
... شىدۇكەت ئاخۇن بۇ خەتنى ئوقۇپ،
... لەشكەر ئىبەرمەس ئىدى سۇست تۇتۇپ.
... بەگ، ئاشۇر باقى بەگ مىلىك بېگى،
... ئىدى ئۇشبۇ كەنتلەر بېگى.
دىدى: «يۇرتىمىزنىڭ يولى كۆپ يىراق،
... بىزنى يارغۇچە يۇرت كۆزدەرلەر قىراق.
... نىڭ تولاسى تامام مۇندادۇر،
كى مۇغ كەلسە ئول كەنتدە كىم جەڭ قىلۇر.
... ئىككى يۈز لەشكەرىم مۇندادۇر،
... كۆچ يۈز كىشى، مالىمىز ئاندادۇر.
... لەشكەرىم بىرلە رۇخسەت بېرىلىڭ،
... كەنتىمىز ئۆھدەسىنى ئالىڭ:
كۆڭۈل مۈلكىگە تۈرفە ۋەھشەت تۈشەر،
... غەم بىرلە مىھنەت تۈشەر».
دىدى ئاخۇن: «لەشكەرىڭنى ئالىپ،
... كۈن ئەرتەگە قالدامىل بار يىتىپ».

بۇ بەگلەرگە رۇخسەتنى بەرمەك ھامان،
ئالىپ لەشكەرىن بولدى يولغا راۋان.
ئەلا خان بىلە ئوختى ئاخۇن ھامان،
ئالىپ يۈردىلەر لەشكەرى بىكەران.
ئالىپ نەچچە ئاق ئۆي، ئالا بارگاھ،
راۋان بولدى تېز سۇيى توققۇزتارا.
بۇ نۇرغۇن چېرىك يەتتى قاش كەنتىگە،
خەبەر كەلدى تېز غازىلار ئالدىغا.
تامام مۇغلار بەش سالاردىن ئۆتۈپ،
يۈرۈپدۇركى نىلقا سايان يۈزلەنىپ.
مۇنى ئاڭلادى بولدى قايتىپ راۋان،
بۇ نۇرغۇن چېرىك بىرلە نىلقا سايان.
نەچچە كۈن يۈرۈپ نىلقا ئۆزرە يېتىپ،
دۆرۈنجىن دىگەن يەرگە تۈشتى كېلىپ.
كۆرەر مۇغلاردىن كى يوقتۇر خەبەر،
نەدۇركىم خەبەر يوق خەبەردىن ئىدىر.
تاغ ئۆزرە بار ئېردى قاراۋۇلچىلار،
كېلىپ بەردى سەردارلارغا خەبەر.
دىدى: «مۇغلار بەش سالاردىن ئۆتۈپ،
كى لىڭكو دىگەن يەرگە ئوتلار قويۇپ.
كى توققۇز تارا خەلقىنى قىلدى خۇن،
شەرارە ئۇرۇپ ئوت چىقارلار تۇتۇن».
مۇنى ئاڭلادى سەرۋەرى مۆئمىنان،
تامام لەشكەر ئولدى سوقۇشقا راۋان.
بۇلار يەتكۇچە مۇغلار قىلدى جەڭ،



كى توققۇزتارا خەلقىنى قىلدى تەلەف.
تامام قاچتىلار ئاھ - فىغان چېكىپ،
چاقار ئېردى مۆئمىننى مۇغلار يېتىپ.
ياماتۇغا كەلدى تامام مۆئمىنان،
يېتىپ كەلدى مۇغ لەشكەرى ناگىھان.
تامام مال - ئەمۋالىنى غارەت قىلىپ،
نەچچە دۇختەرى نازەنىننى ئالىپ.
يانىپ سوڭغا كەتتى بىرمۇنچەسى،
كى قالغان بۇ مۇغلار كېلىپ جۇملەسى.
يېتىپ كەلدى مۆئمىن ئۆزە ناگىھان،
كى دەريا سارى بولدى مۆئمىن راۋان.
بۇ دەرياغا كىردى كۆزىنى يۇمۇپ،
تامام ئاقتى دەريا يۈزىنى تۇتۇپ.
ئاشۇرباقى سەردار ئېردى باشى،
تامام يەتتە يۈز سەكسەن ئالتە كىشى.
شەھىد بولدى بارچە بولۇپ سۇدا غەرق،
بۇلارغا يېتىپ ئېردى تەقدىرى ھەق.
شەھىد بولدى تۆڭگانلاردىن ھامان،
كى شۇلا بىلە لەسى بولدى نىھان.
شەھىد بولدى ئۇنىڭ بىلە ئەرتۇرلار،
يەنە نەچچە تۈگەن شەھىد بولدىلار.
ئاڭاغىچە يەتتى بۇ نۇرغۇن چېرىك،
بولۇپ نەچچە ئايماق بۇلارغا شېرىك.
ئاتىپ زەنبۇرەكلەرنى قالماق سايان،
ئوشۇل مۇغلارنى قاچۇردى ئاران.
نەچچە كۈن شەھىدلەرنى ئىزدەپ تاپىپ،
كى دەريا بويىدا لەھەدلەر قازىپ.
كى مۆئمىن ئېلى ياشىنى خۇنە قىلىپ،
نامازىن ئوقۇپ ئاندا مەدفۇن قىلىپ.
تامام ئەقرەبا غۇلجاغا ياندىلار،
ئۆمەرخان خوجام مۇغ سايان باردىلار.
كى ئۆز لەشكەرى بىرلە قىلدى جىھاد،
تولا مۇغنى قىلدى بۇ يەردە مامات.
كى مەغلۇب بولۇبان خوجام ياندىلار،
بۇ مۇغ تاغ سارىغا يۈزلەندىلەر.
يېتىپ شاھى پاشاھ مازارى ئۆزە،
بۇ مۇغ شەيخلەرگە سالىپ زىلزىلە.
شىجائەت قىلىپ ئاندا شەيخ ئاخۇنۇم،
كى مۇغ سارىغا ئاتتى تىرى ئۆلۈم.
كى يالغۇز ياغاچ خەلقى بولدى زەلىل،
چۇ ھىممەت قىلىپ ئېركە بەگ شىردىل.
ئالىپ تىخىنى موللا ئاقيول ئىمام،
كى موللا نۇرۇش بىرلە كۆپ خاس - ئام.
بۇ بارچەسىگە ئېركە بەگ باش بولۇپ،
چۇ موللا غەنىلەرمۇ يولداش بولۇپ.
كى قالماق يولىن توستى ئاتتى خەدەڭ،
خۇسۇس ئېركەبەگ مۇغ بىلە قىلدى جەڭ.

كى موللا سىپتى، روزى باقى ئىمام،
بۇ يالغۇز ياغاچ خەلقىدىن خاس - ئام.
بۇ قالماقلار بىرلە قىلدى جىھاد،
چۇ مۇغلار بۇ كېيىندىن ئۆتتۈپ كەتتى فات.
قوغۇنچى ۋە قاينۇق، جاغۇستاي ئېلى،
بۇ كەنتلەر ئىچىدىن بەھادىرلارى.
بولۇپ باش بۇڭا موللا روزى ئىمام،
ئەلىمشاھ شۇخۇل بەگ بىلە خاس - ئام.
توسۇپ مۇغلار ئالدىنى جۇملەسى،
كى جەڭ - جىھادلار قىلىبان بەسى.
كى ھەر كەنتتە ئۆلدى نەچچە يۈز لەئىن،
كى ھەركەنت كەنتتە ئەيلەپ كەمىن.
شىبىرخەلقى مۇغلارغا كۆپ يار ئولۇپ،
كۆرە سارى ئۆتكۈزدى دىلدار ئولۇپ.
بۇ مۇغلار كۆرە شەھرى ئۆزرە يېتىپ،
كى دەريايى خۇنخاردىن تېز ئۆتۈپ.
كۆرۈندى كىرىپ كۇفرىلار شاھىغا،
نەدۇر شاھ گويايى گۇمراھىغا.
كى جاڭجۇن بۇلارغا قىلىپ ئىلتىفات،
سارىغ فوتە بىرلە بېرىپ ياخشى ئات.
دېدى: «نە تەرىقە بىلەن كەلدىڭىز،
كى توققۇز تارادىن نېچۈك ئۆتتىڭىز.
بۇ يولدا مۇسۇلمان كىشى كۆپ ئىدى،
نېچۈك ئۆتتىڭىزلەر بۇلاردىن» دېدى.
دېدى مۇغ: «ئۆتتۇبىز شىجائەت قىلىپ،
كى شىردەك بولۇپ تۈرفە قۇۋۋەت قىلىپ.
جىھادلار قىلىپ سەفلەرىنى يارىپ،
كى ئىسلاملارنىڭ سازاسىن بېرىپ.
كى مانجۇ سۇفەت بىزنى قىلماڭ خىيال،
چۇ ئالدىمدا مانجۇ ئېرۇر خەستە ھال.
جاھان ئىچرە يوق بىز سۇفەتلىك دەلىر،
كى ئەندىشەسىز يوق ئەگەر كەلسە شىر.
شەھەرگە سولانىپ بولۇپ سىز نەھىق،
كى بارمۇ بۇ مانجۇ سۇفەتلىك زەئىق.
قايان كەتتى، ئەي شەھ، سىپىنىڭ جۇرئەتىڭ،
بۇ ئىنسافمۇدۇر قايدادۇر قۇۋۋەتىڭ.
كى ئالتە قوتانغا كۈچۈڭ يەتمەدى،
بۇ تەئنە باشىڭدىن مۇدام كەتمەدى.
كى خان دەۋلەتىنى كۆرۈپ ھەر بىرىڭ،
قېنى ئەر بولۇپ جان فىدا قىلغانىڭ.
سولانىپ يېتىبسىز مۈشۈكدەك بولۇپ،
ئورۇقلاپ كۆزۈڭلار يۈشۈكدەك بولۇپ».
كى جاڭجۇن دېدى: «مۇغنىيا ئۇزما لاف،
ئېرەنلەرنى كۆرمەي ئۇرۇپ لاف قاف.
كېلىبسىزكى ئازراق قوتاندىن ئۆتۈپ،
كى بەزىڭ ئۆلۈپ، بەزى يەردە ئۆكۈپ.
بىلىپ ھەددىڭىزلارنى لاف ئۇرماغىن،

كى شىر چاڭگالىدىن بولۇبسىز ئەمىن.
بۇگۇن ـ ئەرتە باشىڭغا كەلسە ئەدۇۋ،
قىلۇرسىز كۆرۈب ئىت كەبى ھوۋى ـ ھۇۋ.
بۇگۇن ـ ئەرتە شىرلار كېلۇرلەر باسىب،
يۇرتۇلەب ئالۇر بۇرنىڭىزدىن تېشىب».
بۇ سۆزدە ئىدى كىردى بىر لويە تېز،
كى يىغلاب ياشىنى قىلىب يەرگە رىز.
دېدى: «كەلدى شەھرىڭگە كۆب ئوغرىلار،
كۆفۇكلەر ساچىب ئاغزىدىن بوغرىلار.
يىغىلىب كى ئىسلام ھەددىن فۇزۇن،
كى تۇنگانىلار ھەم ئەدەددىن بۇرۇن.
يەنە ياركەندى، خوتەن، كاشقەرى،
يەنە ئەندىجان، مىرغىنان، بەربەرى.
بولۇب لەشكەرى مۆئمىنان فەۋج ـ فەۋج،
كى تۇنگانى ھەم بەھرىدەك مەۋج ـ مەۋج.
كېلىبدۇر تامام باشىمىز ئالغالى،
چۇ ئورنۇڭغا جاڭجۇن خان بولغالى».
ئېشىتتى لەئىن بولدى مەجنۇن سۇفەت،
بۇ غەمدىن بولۇب قامەتى نۇن سۇفەت.
كى جاڭجۇن ياقاسىن قىلىب چاك ـ چاك،
قىلىب گىريە ـ زار بولدى كۆب ۋەھمىناك.
لامالار دېدى: «ئەي شەھى كافىران،
كى بىزلەر تۇرۇب نەقىلۇرسەن فىغان.
كى بىزلەر كېلىبمىز قوتانلارغا زور،
چۇ توققۇز تارانى قىلىب بى ھوزۇر.
قوتانلار ئارالاب كېلىبمىز بۇيان،
كى بىزلەرگە تاب كەلگۇدەك ئەر قايان.
بىرىمىزگە تەڭ كەلمەگەي بەش قوتان،
كى قورقادۇرسەن قوتاندىن يامان».
كى جاڭجۇن بۇ دەمدە تۇرۇب ئاھى سەرد،
دېدى: «ئەي لامالار، جۇنۇن بىخىرەد.
قوتانلارنى بىل ھەر بىرى بىر بالا،
كى تۇنگانىلارنى بىلىڭ ئەژدەھا.
تۇرۇرسەن قاتىمدا تۇمەن لاف ئۇرۇب،
تاۋۇشقان بولۇرسەن ئۇلارنى كۆرۈب.
قوتانلار تامام پەھلەۋان نامدار،
قوتانغا بارابەر كىشى قايدا بار.
بىرىگە بارابەر ئەمەس يۈز لاما،
تېخى لاف ئۇرارسەن ئايا بىھايا».
لامالار بۇ سۆزدىن بولۇب دەرغەزەب،
مىنىب ئاتىنى چاقغالى قىلدى دەب.
قىزىب سىنەسى كۆب ئاراقلار ئىچىب،
كۆرەدىن چىقىب ئانچە كۆرەڭلەشىب.
لاما لومشاشىب چۇن قوفارىب غەرو،
بولۇب ئېردى ئىسلامىغا رۇبەرو.
بۇ نۇرغۇن چېرىك ئورنىدىن قوزغالىب،
شامالدەك لامالارغا تەگدى كېلىب.

شافا ـ شاف خەنجەر، چاكا ـ چاك تىغ،
ئەجەل سەۋداسى مۇندا بولدى قىزىغ.
چۇنان ياغدۇرۇب تىرى مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۇشتى بولغاي نەيستانغا ئوت.
ۋەيا بىر سۇرۇك يىلقىغا تەگدى شىر،
ۋەيا شىر بىرلە تۇتۇشتى دەلىر.
چاراقىا ـ چۇرۇققا قىلىنچلار ئۇنى،
لامالار باشىغا سالىب غۇلدىنى.
بۇ قۇملۇقدا بولدى ئەجەب سەختى جەڭ،
ئاقىب قانلارى بەردى قۇملۇققا رەڭ.
مەمەت قادىر ئېردى خۇدايار يۈزى،
نەچچە مۇغنى ئۆلتۇردى يالغۇز ئۆزى.
شەھىد بولدى نەچچەند دىلاۋەر بىلە،
دەلىرى زامان زور ئاۋەر بىلە.
بۇ قىسمى يېتىب يەر ئۆزە كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بىر سەران.
ئۆلۇب ئول كۇنى ئىككى يۈز بەش لاما،
كۆرە سارى قاچتى تامام روي سىياھ.
كى جاڭجۇن قاشىغا كىرىب قويدى باش،
قىلىب گىريە كۆزدىن تۆكۈب ئېردى ياش.
كى جاڭجۇن دېدى: «نەئۇچۇن قاچتىڭىز،
نەدىن يىغلابان يەرگە ياش ساچتىڭىز.
كى ئىسلام چېرىكى نېچۇك ئەر ئىكەن،
نېچۇك فىلتەن شىرەئى نەر ئىكەن.
كى ئۇرغان بۇ قاشىمدا لافىڭ قېنى،
كى بىز ئەر دېگەن لاف قافىڭ قېنى.
نەدىن قىلمادىڭلار ئېرەنلىك ئاڭا،
نەدىن بولدى ھالىڭ بۇ قىسمى تەباھ».
خىجىللىقتا قالماق باشىنى سالىب،
بولۇب شەرمسار تۇردى يەرگە باقىب.
كى جاڭجۇن تۆكۈردى يۈزىگە باقىب،
لامالار يۈزىدىن ئاراقلار ئاقىب.
تامام لاما ـ زەنگى بولۇب كۆب خىجىل،
يانىب يۇرتىغا بولدى كۆب مۇنفەئىل.
كى بەل لەشكەرى تۇش ـ تۇشدىن قاباب،
لاما ـ زەنگىلەرنى قىلىب كۆب خاراب.
تولا مۇغلارنى ھالاك ئەيلەدى،
لامالارنى كۆب دەردناك ئەيلەدى.
كى ئون ھەسسەدىن بىرسى قاچىب مۆكۈب،
نە يەر جاڭگال ئولسا شۇ يەرگە چۆكۈب.
ھەزاران سىتەملەر چېكىب يۇرتىغا،
يېتىب بارغانى باش قويۇب بۇتىغا.
تامام مۇغلارغا بايان ئەيلەدى،
ھالاكىنى بىر ـ بىر ئايان ئەيلەدى.
ئېشىتىب مۇنى گىريە ئەيلەب تامام،
بۇ مۇغ خەلقى غەمدە قالىب سۇبھى ـ شام.
تامام قورقۇشۇب قاچتىلار تاغ سارى،

كى ئۆز جايىدا قالمادى ھېچ بىرى.
شىبىر خەلقى ئول كۈن فائالىن بۇزۇپ،
كى ئىسلامغا دۈشمەنلىگىن كۆرگۈزۈپ.
بۇ قالماقلارغا شىبىر يار ئولۇپ،
كى يۇرتىغا باشلاپ كى دىلدار ئولۇپ.
كىشى كۆرمەگەن يول بىلە مۇغنى،
كى ئۆز يۇرتى سارى ئىبەردى ئانى.
تۇتۇڭ ئەمدى ساقى مەي دەفئە غەم،
نە غەمدۇركى مەي بىزگە بولسا بەھەم.
كى ئانداغ ئىچىپ مەينى مەن مەست بولاي،
گاھى مىسلى ئەفلاك، گاھى فەست بولاي.
گاھى دىلدا مەشۇق خىيالى كېتەر،
خىيالى كېتىبان ۋىسالى يېتەر.
نەچچە بەرسە مەينى ئالىپ نۇش ئېتەي،
بولۇپ شاد مەسرۇر جاھاندىن كېتەي.

شىبىر خەلقى فائالىنى بۇزۇپ، قالماقلارغا يار بولۇپ، خالى يوللار بىرلە قالماقلارنى ئۆز يۇرتىغا ئىبەرگەننى مۇسۇلمانلار ئېشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، تاكى شىبىرلارنى ئارادىن كۆتەرمەسەك بىزلەرگە ئارام بولماس ئىكەن دەپ سەيىد ئۆمەرخان خوجام، ئابدۇللا خەزانە بەگ، ئابدۇراھمان خەزانەچى بەگ، ئابدۇلۋاھىد خەزانەچى بەگلەر ۋە سىپتىلدى بەگلەر ۋە ئەلاخان دىلاۋەرلەر بازار چېرىكى بىلە ۋە يەنە بەلىنىڭ لەشكەرى بىرلە دەريادىن ئۆتۈپ شىبىرلار بىرلە قاتىغ جەڭ قىلىپ، شىبىر خەلقىنى مۇتىئ قىلغانى.

سۇخەن ناقىلى سۆز سارى قىلدى ئەزم،
سەھايىق گۈلستانىدا قىلدى بەزم.
ۋە بەزمىدە ئانداغ ئاچىلدى بۇ سۆز،
جاھان سەفھەسىگە ساچىلدى بۇ سۆز.
ۋەلى يوق ئىدى سەفھەگە سىزغۇچى،
بۇ سۆز گەۋھەرىن رىشتەگە تىزغۇچى.
كېلىپ نەچچە تەن سەفھەگە سىز دېدى،
ئېسە رىشتە ھازىر ئاگا تىز دېدى.
قەلەمنى ئالىپ قولغا سىزدىم بۇ كۈن،
تامامنى رىشتەگە تىزدىم بۇ كۈن.
مەئەلقىسسە بىر كۈن تامام مۇئمىنان،
شىبىرنى يوق ئەتمەك بولۇپ بىگۇمان.
جاھانغا سالىپ مۇئمىنان غۇلغۇلە،
كېلىپ شەۋكەت ئاخۇن قاشىغا ھەممە.
دېدىلەر: «ھەممەمىزگە رۇخسەت بېرىڭ،
شىبىرگە ئىبەرىپ ئۆزىڭىز قالىڭ».
دېدى شەۋكەت ئاخۇن: «بارىڭلار بۇگۈن،
شىبىرلار يۇرەكىن يارىڭلار بۇگۈن».
كى ئاتلاندى تېز تۇن ئۆمەرخان خوجام،
كى ئالاتى جەڭنى ئالىپ خاس ـ ئام.
خوجام بىرلە ئاتلاندى چەندان سىپاھ،
شىبىر ئايماقىنى قىلۇرغا تەباھ.
كى ئابدۇللا ھاجى خەزايىنچى بەگ،
يەنە ئابدۇراھمان دەفايىنچى بەگ.
ئالىپ جۇملە سەردار چەندان چېرىك،
سىپتىلدى دەلىرنى قىلىبان شېرىك.
ئىمام نىياز ئالدى تەبىل ـ ناغرانى،
يارىپ كۇفرىلارنىڭ يۇرەك ـ باغرىنى.
خۇدا شۇكرىلەر بىرلە سادىق دەلىر،
نىياز باقى بىرلە خەلىل شىرگىر.
بۇلار بىرلە يۇردى نەچچە ناغراچى،
نەدۇر ناغراچى، چۇن يۇرەك يارغۇچى.
ئۆتۈپ بەھرىدىن جۇملە ئىسلاملار،
بۇلار سوگىدىن ئۆتتى تۇنگانىلار.
ئالەمھايى چۇن شىر پەيكەر ئالىپ،
قوغۇنچى دىيارىغا باردى يېتىپ.
چىقىپ موللا روزى ئىمام پېشباز،
ئەلىمشاھ دەلىر، ئېركە بەگ كەلدى باز.
ئەلاخان دىلاۋەر فەرىدۇن شەكۋەھ،
تۈزۈپ سەف ئەدۇۋغا بولۇپ رۇبەرو.
شىبىر بىرلە ئەيلەپ كى جەڭ غۇلغۇلە،
شىبىرلار ئىچىگە سالىپ زىلزىلە.
شىبىر بىرلە ئەيلەپ كى ئانداغ جىھاد،
نەچچە سەرۋەرىنى قىلىبان مامات.
چىدالماي شىبىرلار تامام قاچتى تېز،
سۇمۇنغا سولاندى ھەممە بى تەمىز.
بۇ قەلئەنى لەشكەر ئىھاتە قىلىپ،
شىبە قوپارىپ زەنبۇرەكلەر ئاتىپ.
كى ئىسلامى ئول كۈن قىلىپ سەختى جەڭ،
شىبىرلارنى ئانداغ قىلىپ ئېردى تەڭ.
يالاڭاچ خوجام كەلدى تېز تۇن يېتىپ،
ئۆزىگە تەئەللۇق چېرىكىن ئالىپ.
ئەدۇۋ يىغلاشىپ ياشىن ئەيلەپ كى سەل،
ئۇكۇرداسى بىرلە شىبىز بولدى ئەل.
خوجامغا ئۇكۇردا بېرىپ ياخشى ئات،
تامام نامۇرادلار تاپىشىپ مۇراد.
يەنە بەردى ئىسلامغا ئالاتى جەڭ،
تۇفەك، زەنبۇرەك بىرلە تىرى خەدەڭ.
بولۇپ شاد ئۆمەرخان خوجام شىرگىر،
ئەلاخان دىلاۋەرنى قىلدى ئەمىر.
يانىپ كەلدى لەشكەر تامام شاد ئولۇپ،
ھەممە قايغۇ ـ غەملەردىن ئازاد بولۇپ.
كۆرۈندى ئەمىر شەۋكەت ئاخۇنغا تېز،
ئالىپ ئاتتى ئول دەم ئەمىرلىكنى تېز.
ئەمىرنىڭ باشىغا يىقىلدى سەما،
كى نامۇس قىلىپ بولدى قاتىغ خاپا.

ئاداۋەتلەرى بولدى دىلدا پەيدا،
ئەلاخان بولۇب ياندىلار نائۇمىد.
بۇ ئەسرىدە بولدى كى كۆب شورەشى،
بۇ قىسمى ئىكەندۇك بەشەرنىڭ ئىشى.

سۇرۇر جامىدىن ساقىيا تۇت قەدەھ،
دەم ئالماي يۇتاي يارنىڭ ئىشقىدە.
بۇ مەيدە كۆرەي يارنىڭ ئەكسىنى،
مېنى قىلغۇچى زارنىڭ ئەكسىنى.

جاڭجۇن كۇرە شەھرى قەھەتلىك بولغان جەھەتدىن سۇيدۇڭ قەلئەسىدىن ئاشلىق تىلەب نامە ئىبەرگەنى، سۇيدۇڭنىڭ خەلقى نەچچە يۈز ئارابەدە لەشكەرى كۇففاردىن ئاشلىق ئىبەرگەنى. لەشكەرى ئىسلام يولنى توسۇب، سوقۇشۇب، بۇ ئاشلىقلارنى ئاجراتىب ئالغانى. كۇرە شەھرىنىڭ خەلقى قەھەتلىككە چىدالماي، زەن ـ فەرزەندلارنىڭ گۆشىنى خورەك قىلغانى.

مۇئەييەن قىلىب روزگارى سۇخەن،
تىزىب رىشتەگە چۇن كى دۇررى سەمەن.
چۇ ناقىل بۇ نەۋئى سۆزنى تەھرىر ئېتەر،
خىرەد خەيلى سەمئىگە تەقرىر ئېتەر.
قىلىب ناقىلانلار بۇ قىسسىدا سۆز،
شەجەر بەرگى سارغاردى ھەم بولدى كۈز.
خىتاي لەشكەرى نەچچە ۋاقىت قالدى ئاچ،
قېرىن ئاچى دەمدەم ئۇرار ئېردى كاج.
چىدالماي كى جاڭجۇن قىتىب نامەنى،
كى سۇيدۇڭ ئىبەردى يازىب خامەنى.
ئوقۇب كۆردى نامەنى سۇيدۇڭ ئېلى،
ئېشىتكەن خىتاينىڭ سىنىبدۇر بېلى.
كى دەبدۇر ئىبەرگىل ماڭا كۆب مەئاش،
كى ھېچ قالمادىلار تۇگەب ساڭدا ئاش.
تۇگەدىتى ئايالمەندى ئايالىنى يەب،
بۇ غەمنىڭ نىجاتىغا قىلغىل سەبەب.
تېخى يەب ياتار خەلقىمىز كۇنجۇرە،
مەئاش يوقىدىن بولدى ھالى تەباھ.
ئېشىتكەن خىتايلار چېكىب سەختى ئاھ،
مۇھەييا قىلىب جۇملەئى زادى راھ.
ئىبەردى بۇلار يۈز ئارابە مەئاش،
يەنە يۈز ئارابە قوناق بىرلە ماش.
بۇلارنى ئالىب يۈردى كۆب كافىران،
كۇرە سارىغا تۇندە بولدى راۋان.
مۇنى لەشكەرى مۇئمىنلەر ئۇقۇب،
كى ئالدىنى كۇففارىلارنىڭ توسۇب.
كى ھەيبەت قىلىب مۇئمىنان ئۇردى باڭ،
خىتاي قورقۇشۇب بارچە بولدى ساراڭ.
بولۇب لائىلاج كۇفرىلار قىلدى جۇش،
كى سۇيدۇڭ بۇ ياندا قىلدى سوقۇش.
كى جەڭلەر قىلىب قەلئەگە يەتكۇچە،
خىتايلار ئۆلۈكىنى قىلدى دۆبە.
كۇرەگە يېتۇرمەي كى قىلدى تامام،
ئالىب ئولجىسىنى، نەقرەھا خاس ـ ئام.
گۇرۇنج بىرلە ئۇن، نان، كەندۇم مەئاش،
قوناقۇ، تېرىقۇ، سىماق بىرلە ماش.
يەنە تۇشتى مۆئمىنگە ئالاتى جەڭ،
تۈمەن فۇ ۋە نەيفۇ ۋە تىرى خىدەڭ.

زەرۇ سىم بىرلە زەر بەفت تاۋار،
چاقان بىرلە خورجۇنۇ، قافۇ، تاغار.
ئالىب مۇنچە مال غەنىمەتنى كۆب،
ئاتا قىلدى مۆئمىنگە نۇسرەتنى كۆب.
بۇ ئىشلار بارىسى ئاتايى كەرىم،
خۇدا بەندەسىگە رەئوفو رەھىم.
ئەگەر بەندەگە بولماسا فەزلى ھەق،
بولۇر ئېردىمۇ مۇنچە ئەمۋالغا غەرق.
كى شۇكرى خۇداغا ھەزاران ھەزار،
ھەمە بەندەنى قىلماغىل شەرمىسار.
خىتايغا بۇ ئىشلار بولۇب سەختى دەرد،
دېدى: قىلمادى بىزگە لات ھېچ مەدەد.
كى جاڭجۇن قاشىغا كېلىب كۇفرىلار،
باشىنى چالىب كۆب فىغان قىلدىلار.
دېدىلەركى: «بىز، ئەي شەھى كافىران،
بولۇرمىز بۇ تۇن قەلئە سۇيدۇڭ راۋان.
كى ئاچلىقتا ھېچ قالمادى ھالىمىز،
خاراب بولدى بىسيار بۇ ئەھۋالىمىز.
كى ئاچلىقدا ھەر كۇندە مىڭ ئۆلگۇچە،
ئۆلۈم ياخشى مۇنداغ تىرىك يۈرگۇچە».
بۇ جاڭجۇن بۇ كۇفرىغا رۇخسەت بېرىپ،
قۇتۇلدىكى سۇيدۇڭ سارى ئىبەرىب.
ئېشىتتى كېچەلەب چىقار كۇفرى دەب،
كى ئالدىنى توستى بېرۇرگە ئەدەب.
تامامى شەھەرنىڭ دىلاۋەرلەرى،
كى سەھرايىلار زور ئاۋەرلەرى.
كى يولنى توسۇب ھەر تەرەفكە چىقىب،
ئالىب تىغلار يول ئاشىدا ياتىب.
كى بەگزات مىراب بەگ تۇراردى توساب،
خىتايلار قانىغا ئاجايىب سۇساب.
خۇدايار يۈزىدىن كۇچۇك ئون بېشى،
كۇچۇك ئون بېشى بىرلە پۇردىل ئەلى.
بۇ ئىكەۋگە بەگلەر بېرىب سىم ـ زەر،
بەنەزدەك سۇلتان ئىبەردى خەبەر.
بۇ ئىككى كىرىب شەھكە بەردى سالام،
ئىبەردى دېدى سىزگە بەگ قىيام.
كۇرەدىن چىقىبدۇر تولا كافىران،
كى سۇيدۇڭ سايانىغا بولمىش راۋان.

خەبەرگە ئېبەردى ئىكەۋمىزنى تېز،
كى لەشكەر بىرلىك تېز ئىكەۋمىزگە سىز.
كى ئاخۇن بۇ سۆزنى ئېشىتمەك هامان،
نەچچە يۈز دەلىرنى يىغىپ بىگۇمان.
كى ياقۇپ مىراب بەگنى سەردار ئېتىپ،
سېپىتىلدى دىلاۋەرنى هەم يار ئېتىپ.
بۇ جۈملە دىلاۋەرنى قىلدى راۋان،
كى بەگلەر بىلە سۈيى كۇففارىيان.
بۇ كۇففار چىقىپ قەلئە دەرۋازەدىن،
كى ئىسلام چېرىكىگە كەلدى يېقىن.
خىتاي سوڭىغا كىردى لەشكەر تامام،
قولىغا سىنانلار ئالىپ خاس - ئام.
دەپ «ئاللاهۇ ئەكبەر» يۈگۈرتۈپ ئاتىن،
چۇ تىغ بىرلە يارىپ خىتاينىڭ باشىن.
خازان يافراغىدەك تۆزۈلدى باشى،
تۆزۈلگەن باشى بولدى سايىنىڭ تاشى.
كى لەشكەر سالۇر تىغ خىتاي باشىغا،
يارىپ باشىنى يەتكۈزۈپ قاشىغا.
كى بەزى ئالىبان سىنانۇ دەراز،
نەدۇركىم سىنان، مەرگى دۈشمەن گۇداز.
سىنان بىرلە ئەئدا يۈرەكىن يارىپ،
كى تىغ فوستىنى يۈزمىڭ تىلىپ.
خىتايلار قاچار ئېردى سۈيدۈڭ سارى،
چىقىپ ئاغزىدىن بىر غېرىچ تىللارى.
تامام شىردىللار فىيادە بولۇپ،
قىلىنچلار ئالىپ فەشلەرىن قىستۇرۇپ.
كى تۈنگان ئىچىدىن كى لوسەن دەلىر،
بولۇپ ئول كۈنى ئارسلان ياكى شىر.
مۇنىڭ ئولڭ ياندا يۈرۈبان ئەلى،
هالاك ئەيلەدى تىغ ئىلە كۇفرىنى.
شەهەردىن يەنە روزى ئاخۇن دەلىر،
سالىپ تىغ كۇفرىغا هەم ئاتتى تىر.
كى سۈيدۈڭگە يەتكۈنچە قىلدى جىهاد،
ئاچىلدى كى ئىسلامغا بابى مۇراد.
بولۇپ شاد ئىسلامى ياندى هەممە،
تۈشۈپ كۇفرىلار ئىچرە كۆپ زىلزىلە.
سولاندىكى سۈيدۈڭگە قاچقان خىتاي،
تۇرۇپ قالدى سۈيدۈڭدە بىرنەچچە ئاي.
تۈتۈڭ ساقىيا جام هوش بادىنى،
ئىچىبان قىلايىن نىگار يادىنى.
كى بۇلبۇل سۈفەتلىك فىغان ئەيلەيىن،
كى يادىدا باغرىمنى قان ئەيلەيىن.
كى هىجرى يېقىندۇر، جامالى يىراق،
فىراقى يېقىندۇر، ۋىسالى يىراق.
مېنى قىلدى مەجنۇن كى لەيلا بولۇپ،
كۆزۈمدىن ئۆچۈپدۇر كى ئەنقا بولۇپ.
ئانىڭ يادى بىرلە بولۇپمەن زەبۇن،
زەبۇنلۇقدا مەي تۇت بولۇپ رەهنەمۇن.
مەيى كى بۇ بەۋئى غەمنى دەفئە ئېتەر،
مۇهەببەت يېتەر جۈملە مىهنەت كېتەر.

كۆرە شەهرىنىڭ شىمال تەرەفىنى، شەهەرنىڭ تاشىنى ساندۇڭ جاڭزا دېگەن هەم شەهەر سۈفەتلىك ئېردى. ساڭدۇڭ جاڭزانىڭ ئىچىدە نەچچە چەنفەنلەر كۆرە شەهرىنىڭ ئەهدەسىنى ئالىپ، لەشكەرى ئىسلام كەلسە، ئۇلار بىرلە سوقۇشۇزمىز دەپ مۇهەييا بولۇپ تۇرغان كافىرلار بىرلە لەشكەرى ئىسلام بارىپ، شول ساندۇڭ جاڭزاداكى كۇففارلار بىرلە جىهاد قىلغانى.

چۇ سۆز ناقىلى ئۇشبۇ قىسسى دېمىش،
تۈگەنىپ خازان فەسلى، هەم بولدى قىش.
تامامى دىلاۋەر سۆزىن قىلدى بىر،
ئەلاخان دىلاۋەرنى قىلدى ئەمىر.
تامامى ئۇلۇغلار مۇبارەك ئوقۇپ،
شەهىدلەر ئۈچۈن هەم تابارەك ئوقۇپ.
تامام چوڭ - كىچىكلەر قىلىپ مەسلەهەت،
قىلىپ شەۋكەت ئاخۇن بىلە مەشۇرەت.
ساندۇڭ جاڭزا جەڭگە بولدى راۋان،
ئىدى شەۋكەت ئاخۇن بۇ ۋاقتىدا خان.
بۇ خان سەيىد جالال ئاخۇنۇم بىرلە تېز،
يەنە قازى ئەسغەرمۇ ئاتلاندى تېز.
ئەلاخان دىلاۋەر ئەمىرى زامان،
كى رەخشىگە مىندى جاهان پەهلەۋان.
كى مۇفتى زامان روزى ئاخۇن بىلە،
مەقسۇد ئاخۇنۇم مەسئۇد ئاخۇن بىلە.
ئىمىن ئاخۇنۇم ناسىر ئاخۇن بىلە،
خەلىل ئاخۇنۇم هەسەن ئاخۇن بىلە.
كى چوڭ ئاخۇنۇم، كىچىك ئاخۇنۇم هەممە،
جىهادقا بۇلار ئەيلەدى دەغدەغە.
ئەلى هاجىمۇ هاجى ئاخۇن ئەلى،
ئەلى هاجى خەلفەت گۈلىستان گۈلى.
هاجى سەئىدۋاققاس، قاۋاش هاجىلار؛
ئەيىدباقى هاجىم، تاهىر هاجىلار.
ئۆمەر خەلفەتىم، ئابۇلئەتا خەتىپ،
ئەزىز خەتىپ ئاخۇن كى شەهكە قەرىب.
ئابامۇسلىم ئاخۇن كى نېكۇ هىسال،
قاسىم ئاشىر ئاخۇن فەسەندە فائال.
بۇلار شىر پەيكەر ئەلەملەر ئالىپ،
ساندۇڭ جاڭزا ئۈستىگە تۇشتى كېلىپ.
بۇلار سوڭىدىن ئاتلانىپ كۆپ سىپاه،
ئەلەملەر ئالىپ چۈن قىلىپ قەتئى راه.
چۈنان هاجى تاهىر خەزايىنچى بەگ،
كى ئابدۇللا هاجى دەفايىنچى بەگ.

بۇ ئىكەۋ بەگ ئىبردى نەخۇش دىلپەزىر،
ئىبرۇر لايىقى تەخت تاجى ئەمىر.
يەنە ئابدۇرەھمان خەزايىن بىگى،
ئىبرۇر زور ئاۋەر ۋافايىن بىگى.
يەنە ئابدۇۋاھىد خەزانەچى بەگ،
دىلى خۇش كى چۇنكى مۇغانەچى بەگ.
مەغفىر شاڭ بىگى ئاقىلۇ باخىرەد،
زەباندار پۇردىل ۋە ھەم ياخشى مەرد.
ھەسەن غەزەنەچى بەگ گۇلستان گۇلى،
ھۇسەيىن بەگ ئىدى ئۇشبۇ گۇلى بۇلبۇلى.
ئەزىم بەگ بىلە مىھرىدىن شاڭ بىگى،
سىتىملىدى دىلاۋەر، غەنى شاڭ بىگى.
كى بەگزات مىراب بىرلە بەھرام خوجام،
بۇلار بىرلە ئاتلاندى كۆب خاس - ئام.
يەنە قاسىم ئاخۇن ئىدى ئەل بىگى،
سۇنىڭ ئول يۇزىدىن تامام بەل بىگى.
ئەمىر شاھ ياساۋۇل كى جاباش مىراب،
يۇسۇف بەگ، خۇدابەردى بەگ مىرى ئاب.
مەمەت ئەلى بەگ، ئەلى بەگ مىڭ بىگى،
راۋان بولدىلار ئاتلانىب جۇملەكى.
يەنە فالتۇبەگ نەۋ جەۋان باتەمىز،
نۇرئاخۇن قىرىنداشى ئىبردى ئەزىز.
بۇلار باردى كۇففار بىلە قىلدى جەڭ،
بۇ ئىسلامىلار قىلدى كۇفرىنى تەڭ.
بازار لەشكەرى يۇردىلەر قوزغالىب،
راۋان بولدىلەر ئاق ئەلەمنى ئالىب.
شەھەرنىڭ ئىچىدىن تامام بايلار،
مىنىب ھەر بىرى يامبۇلۇق تايلار.
بىرى بۇشرى بەگ ئىبردى بايى كالان،
كى باش ئىبردى بايلارغا ئول نەۋجەۋان.
ئەلا ئاقساقال ئىككى مۇسا، غەنى،
بىرىدۇر ئەلى بەگ، بىرىدۇر ۋەلى:
بىرى سابىرئاخۇن كى مىرسالىھ ھەم،
ئەلى خەتىب. ئاخۇن بۇ ھەم مۇھتەرەم.
يەنە ئىسھاق ھاجى بولۇبدۇر غەنى،
كى بار ساقى ئاخۇنىنىڭ ئازراق جانى.
تىخى شەھمە ئاخۇن ئىبرۇر كوھنە باي،

يەنە نەقشى ئاخۇن ئىبرۇر زەھنە باي.
كى گايىد بازار بىگى ھەم ياخشىدۇر،
بۇلاردىن بۆلەك بارچە رەڭ نەقشىدۇر.
بۇلار بىرلە يۇردىكى نەچچەند فەقىر،
خىجالاتى يوقتۇر ئەمەسدۇر ھەقىر.
سىتەكلەر، فىتەكلەر، خودەك، مەمەلەك،
ھەمەكلەر، روزەكلەر، تۆلەندى، تۆلەك.
يۇسۇف باي، قىرغىزباي سەۋداگەرى،
فولادباي، ۋەلى باي ھەم كاشقەرى.
كى .سۇلتان ياگۇركى تۇنگان بىلە،
يۇرۇب فەۋج - فەۋج ئەھلى ئىمان بىلە.
ساندۇڭ جاڭزاغا بارچە ئاتلاندىلار،
تۇمەن - تۇمەنلەب يىتىب باردىلار.
ساندۇڭ جاڭزاغا ئاتتىلار زەنبۇرەك،
جەھەننەمگە كەتتى تولا بەدرەك.
بۇ چەنفەنمۇ ھەم تاملارىنى تېشىب،
مۇسۇلمان سارىغا تۇفەكلەر ئاتىب.
سىفىل باشىدىن ھەم تامام كافىران،
تۇمەن فو مۇسۇلمانىغا قىلدى راۋان.
ئۆمەرخان خوجام تىز قوپاردى شىبە،
سالىب ئەھلى كۇففار ئارا زىلزىلە.
ھەر ئىككى تەرەفدىن قىلىب سەختى جەڭ،
مۇسۇلمان خىتاينى قىلىب ئىبردى تەڭ.
بەناگاھ ھەسەن غەزەنەچى نەۋ جەۋان،
شەھىد بولدى جەننەتكە بولدى راۋان.
نەخۇش نەۋجەۋان ئىبردى ھەم ماھ روي،
كى بىكۇ خىرەد، نىك، خوي، نىك روي.
زەخامەت ئارا چۇن ئىبدى كوھكەن،
لەتافەت ئارا ئىبردى سەرۋى - سەمەن.
خىرەد چىمەننىڭ ئول ئىبردى گۇلى،
ئانىڭ ۋەسفىنى دەر زەبان بۇلبۇلى.
قىرىنداشى ئاڭلاب ئۇرۇب سەختى ئاھ،
كى خويىش - ئەقرەبا بىرلە كىيدى قارا.
ھۇسەيىن بەگ قىلىب كۆزياشىن مىسلى سەل،
ئانىڭ شەنىدە قىلدى ئىنشا غەزەل.
فەلەكدىن شىكايەت قىلىب دەمبەدەم،
تىلىدا بۇ ئەبيات گىريانى نەم.

هۇسەيىن بەگنىڭ گىريەسىنى موللا بىلال شائىر غەزەل قىلغانى.

رەفىقا، يىغلاماي نەيلەي قىرىنداشىمدىن ئايرىلدىم،
گۇمان ئەتمە تىرىك دەب تەن قالىب باشىمدىن ئايرىلدىم.
نىچۇك ئەتكۇم، قايان كەتكۇم، نىچۇك مەقسەد سارى
يەتكۇم،
كۆيۇمچان، مىھرىبانىم بىرگە يولداشىمدىن ئايرىلدىم.
نەدىن مەن ئۇرمايىن كىم ئوتلۇغ ئاھلار بىناۋادۇرمەن،

كىم يىغلاب، كىمە ئىبتايكى مۇڭداشىمدىن ئايرىلدىم.
قاناتسىز قۇش كەبى بولدۇم نىچۇك پەرۋاز ئىتەلگەيمەن،
ئەنىسىم، مۇنىسىم قۇرداش - سىرداشىمدىن ئايرىلدىم.
كى بى دەرد، بى تەمىز، بى فەھىم ئادەملەر ماڭا
كۇلگەي،
كىرەسنە تەشنەلەبدۇرمەن ئىچەر ئاشىمدىن ئايرىلدىم.

هۇسەيىن بەگنىڭ قىغانىنى بىلالى نەزمىگە ئالدى،
قېرىندىم قەبىد - ئەشئار بىرلە چۈن ياشىمدىن ئايرىلدىم.

هۇسەيىن بەگ بۇ نەۋئى كى قىغانلار چېكىپ،
بەدەننى ئالىپ نەئىش ئۈزرە سالىپ.
نامازىن ئوقۇپ غازىلار سەرۋەرى،
كى نەئىشنى ئەلتىپ گۆرستان سارى.
لەھەد باشىدا چۈن تاپارەك ئوقۇپ،
تامام ياندىلار جايىغا تاپشۇرۇپ.
ئىمىن سوفى بىرلە ئوسمان يۈز بېشى،

يەنە ئۇستا ئوسمان بىلە ئۈچ كىشى.
شەھىد بولدى ئول يەردە ئەيلەپ جىھاد،
بۇلار روھىنى تەڭرى قىلسۇنكى شاد.
كۆرۈڭ بۇشرى بەگكە ھەرىپ كۇفرى يوق،
بۇ كۈن بۇشرى بەگ پايىغا تەگدى ئوق.
يېنىپ چىقتى جەڭدىن بولۇپ زەخمدار،
ئوشۇل زەخمىدىن دەمبەدەم قان ئاقار.
ئالىپ چىقتى بۇ بەگنى زەخمىن تاڭىپ،
خالايىق تامام چىقتى جەڭدىن يانىپ.

كۈرە شەھرىدىن چىقىپ سۈيدۈڭدە سولانىپ قالغان خىتايلار دەلۋ فەسلىدە قورغاسقا بارماق بولۇپ يولغا چىققانىنى لەشكەرى ئىسلام ئاڭلاپ يولىنى توساپ قاتىغ ساۋۇقدا جەڭ قىلىپ بارچەسىنى ھالاك قىلغانى.

بۇ دەم بارچە سەردارغا يەتتى خەبەر،
نەدۇركىم خەبەر، بەلكى نۇسرەت ئەسەر.
دېدى: «شەھرى سۈيدۈڭدە قالغان خىتاي،
يەنە ئاندا چەندان سولانغان خىتاي.
نەچچە مىڭ خىتاي سۈيى قورغاس سايان،
بۇ تۈن شەبى ئەۋۋەلدە بولمىش راۋان».
دېدى شاھلار: «بارمۇدۇر ياخشى ئەر»،
دېدى: «زامانى شىر دىل، شىرى نەر.
بارىپ كۇفرىلارنى ھالاك ئەيلەسۇن،
خىتايلارنى كۆپ دەردناك ئەيلەسۇن».
بۇ سۆز كەلمەيىن بارچە مۆئمىنگە خۇش،
چاراكى ساۋۇق شىددەتى قىلدى بوش.
كامالى ساۋۇق ئېردى بۇ ۋاقتىدا،
ياتالماس كى شەھلەر ئېگىز تەختىدە.
كى بەرداش قىلالماي ساۋۇقتا بارى،
كى لەشكەر بولالماي كى ئوتدىن نەرى.
ئىسرائىل دىلاۋەر مازارلىغ بىلە،
ئەزىز پەھلەۋانلار بازارلىغ بىلە.
قاۋاش شىرى مەرد ئاق توفالىق بىلە،
جىھادقا بارۇرغا قىلۇر دەغدەغە.
تۇرفان يۈزلىكى ھەم مەمەت توختى بەگ،
بارتوقاي ئېلىدىن خۇدا بەردى بەگ.
خۇدايار يۈزىدىن خۇدا بەردىلەر،
كىگىزچى ئەلى بىرلە تېز يۈردىلەر.
بۇلار جۇملەسى كۇفرى راھىن توسۇپ،
مىسالىكى ئۆردەكنى لاچىن توسۇپ.
بۇ تۈن ئەۋۋەل ئاخشامدا ئىككى گۇرۇھ،

بىرى بىرسى بىرلە بولۇپ رۇبەرو.
تامام كۇفرىلار باشىدىن كەتتى ھۇش،
ئوشۇل تۈندە قىلدىكى ئانداغ سوقۇش.
چاراقتا - چۇرۇقتا قىلىنچلار ئۈنى،
تاراقتا - تۇرۇقتا سالدى غۇلدىنى.
شەبى تارىك ئولدى تۇمان بىرلە داج،
كى مۆئمىن ئىشى مۇندا تاپتى راۋاج.
كى ياغدۇردىلار تىر مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۇشتى بولغاي نەيستانغا ئوت.
يېتىپ يەر ئۈزرە بۇ سۈپەت كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بى سەران.
ئوشۇل تۈندە بولدى ئەجەب سەختى جەڭ،
خىتاي قانى بىرلە بېرىپ يەرگە رەڭ.
كى بامدادقا تەكرو تۈگەندى ئەدۇۋ،
ئاچىپ باب نۇسرەت مۇسۇلمانغا ھۇۋ.
يېنىپ بارچە خەلق ئولجالارنى ئالىپ،
كى سەردارلارغا كۆرۈندى كېلىپ.
دەلىرلەرگە شەھ ئەيلەدى ئىلتىفات،
بېرىپ باش - ئاياغ سەرفا قات - قات.
كەتۇر ساقىيا مەيگە مەن تەشنەلەپ،
ئىچىپ سۆز ئاتىغا بېرەي تېز دەپ.
يۈگۈرسۇنكى سۆزنىڭ تەكاۋۇرلارى،
چاپىپ تېز تەكەللۇم ئەكابىرلارى.
زەبان شاھى قىلسۇنكى سۆز سارى ئەزم،
گۈلستان سەفھەدە قىلسۇنكى بەزم.
ئاچىلسۇنكى دەمىدەم تەكەللۇم گۈلى،
ناۋا ساز قىلسۇن لىسان بۇلبۇلى.

كۆرەنىڭ تاشى سانىدۇڭ جاڭزانىڭ فەتىھ بولغانى.

تامام غازى بىركۈن خۇرۇش ئەيلەدى،
قازان قايناغاندەك كى جۇش ئەيلەدى.
تامام مۆئمىن ئەھلى بولۇپ دەرغەزەپ،

سۇۋارە بولۇپ بەردى ئاتلارغا دەپ.
بولۇپ بەزى ئاتلىق ۋە بەزى يایاق،
ئالىپ ئىلكىگە غۇلدى بىرلە تاياق.

بىرىنچى ئاينىڭ كى ئون ئىككىسى،
قىيادە بولۇپ مۆئمىنان جۇملەسى.
كى دەرۋازە مەشرىققەرىپىز قويدى ئوت،
تۈتۈنلەر ھاۋا ئۆزرە بولدى بۇلۇت.
كى تۈنگانىلار بىرلە كۆپ مۆئمىنان،
ساندۇڭ جاڭزا سارىغا بولدى راۋان.
شەھەر لەشكەرى قىبلە دەربەندەنى،
بۇزۇپ كىردى ئۆلتۈردى كۆپ لەندىنى.
دەلىرلەر دۇكانلارغا ئوتلار ياقىپ،
خىتايلار كۆزىگە تۈتۈننى تىقىپ.
ئۇ كۈن كەچكىچە كۆپ خىتاينى قىرىپ،
خىتاي باشىنى غولدى بىرلە يارىپ.
ئالىپ ئىلكىگە خەنجەرى ئابدار،
ئەدۇۋ خەيلىنى ئانچىنان قىلدى خار.
قاچار ئىردى كۇففار تاۋۇشقان بولۇپ،
بۇ نەۋئى گۇربە قاشىدا ساچقان بولۇپ.
دەلىرلەر بولۇپ شىرى نەر سۈفەت،
قاچار ئىردى ئەئدا بولۇپ خەر سۈفەت.
سالىپ شىرى مەردلەر خىتايغا سىنان،
كۆپ ئەئدانى قىلدى سەقەرگە راۋان.
كى بەزى ئەدۇۋنى تۇفەكدە ئاتىپ،
كى دوزەخدەكى ئاتاسىغا قاتىپ.
كى بەزى خىتايلارغا شەشپەر ئۇرار،
ئەدۇۋلار سەقەر سارىغا فەر ئۇرار.
كى بەزى سىنان سالدىلار، بەزى تىغ،
كى ئەئدا باشىنى ئۈزۈپ بى دەرىغ.
كى بەزى غەزەب بىرلە سالدى تەبەر،
ئۈزۈلسە باشى تەن ئىرۇر بىخەبەر.
سۈرۈپ كۇفرىلارنى دىبان چاق - چاق،
كى تىغلار خىتايغا سالىپ شاق - شاق.
چاراقلا - چۇرۇقلا قىلىنچلار ئۈنى،
تاراقلا - تۇرۇقلا سالىپ غولدىنى.
چۇنان ياغدۇرۇپ تىر مەرگى بۇلۇت،
تۇتاشقان سۈفەتلىك نەيستانغا ئوت.
ۋەيا بىر سۈرۈك يىلقىغا تەگدى شىر،
ۋەيا شىر بىرلە تۈتۈشتى دەلىر.
چۇنان كۇفرىلارنىڭ ئۈزۈلدى باشى،
كى ئاتلار ئاياغىدا سايىلىڭ تاشى.
يەر ئۈزرە يىتىپ بۇ سۈفەت كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بى سەران.
بۇ كۈن قانقۇچە، كىچە تاڭ ئانقۇچە،
دەم ئالماي قىلىپ جەڭنى تا يانقۇچە.
قاچىپ بولدى كۇففار شەھەرگە راۋان،
كى يۈز نەچچە كافىر قۇتۇلدى ئاران.
كى مۆئمىن قويۇشتى قەدەم ئولجاغا،
كى يانماقنى كۆزلەپ تامام غولجاغا.
كى غارەت قىلىپ بارچە ئەمۋالنى،

كى ئات باش چايۇ خىتاي مالىنى.
تالاشىپ قاراچاي، كۆك چاينى،
ئالىشىپ تىۋە، ئات، كالا، تايىنى.
لىكەن بىرلە دارۇيى جانان چىنە،
مەگەز قالمادى ئوسما بىرلە خىنە.
ئالىپ بەزىلەر دۇختەرى نازەنىن،
كى مۇرچەمىيان غۇنچەلەپ مەھجەبىن.
كى ئالتۇن، كۈمۈش بىرلە دۇردۇن - تاۋار،
شىكەر بىرلە كىشمىش، نابات، قەند، ئانار.
تامام بى ھىزائەت بولۇبان غەنى،
گادايلار كۆتەرىپ زەرۇ نەقرەنى.
بىھكىم خۇداۋەندە نەئەممۇننەسىر،
كى فەرزەند - زەننى قىلىبان ئەسىر.
كۈرە شەھرىدە مىڭچە مۆئمىن قالىپ،
يانىپ غولجاغا ئولجالارنى ئالىپ.
ھەر ئۆيلۈك ئۆيى سارى بولدى راۋان.
غەنى بولدى ئول كۈن ھەممە مۆئمىنان.
كى شەھلەر تەبلى شادىيانە چالىپ،
كۆرۈڭ ئەھلى ھافىزە ناۋالار قىلىپ.
قىلىپ لەئلە جۇبىبە دەلىر تۈرفە ساز،
شاھ ئارۇق قىلىپ كەبكىدەك ئانچە باز.
يەنە مەسۇم ئاخۇن ناۋالار قىلىپ،
كى سادىق دۇتارى سادالار قىلىپ.
كى نەققاش ھەسەن چالدى ئاندا نەفىر،
قىلىپ ئاندا قاسىم جىگەردەك سەدىر.
تامام مۆئمىنان شاد مەسرۇر ئولۇپ،
يۈرۈر ھەر بىرى شاھى فەغفۇر ئولۇپ.
خۇدا ئىزنى بىرلە بولۇبدۇر بۇ ئىش،
زىكىر يوقسە بەندە قىلالغاي نە ئىش.
بۇدۇر بەندەسى ئۆزرە فەزلى ئاللا،
بىز ئاجىز نەھىفلەرگە بۇدۇر ئاتا.
كۆرۈڭ قۇدرەتى رەببىمەلقەدىم،
خىتاينى نەدىم ئەتتى بىزگە كەرىم.
كى شۈكرى خۇداغا ھەزاران ھەزار،
خىتاي ئالدىدا قىلمادى بىزنى خار.
دىمە كۇفرىلار بىرلە جەڭ ئەيلەدۇك،
خىتاينى جىھاد ئىچرە تەڭ ئەيلەدۇك.
ھەر ئىش ئۆتسە ئولدۇر خۇدا خاھىشى،
ئەمەسدۇر ئول ئىش بەندەلەرنىڭ ئىشى.
ۋەلى بەندەگە جۇزۋەنى ئىختىيار،
ئاتا ئەيلەدى ئىختىيار بىرۇبار.
تىغى كۆرسەتىپ بەندەگە ئىككى يول،
ساۋاب مۇندادۇر دەپ خاتا دەپ كى بول.
بۇ يول دەپ كى كىرسە جەننەت تاپار،
بۇ يولغا كىرۇر نار مىھنەت تاپار.
خۇدايا كەرەم ئەيلە جەننەت يولىن،
راۋا كۆرمە مۆئمىنگە مىھنەت يولىن.

مۇھەببەت مەيدىن تۇتۇلۇڭ ساقىيا،
غېرىپ نازىمىدىن قىلىپ ئىبتىدا.
بىلال بى سائادەت كېيىن قالماسۇن،
چۇ مەيسىز قەدەھ ئىلكىگە ئالماسۇن.

كىشىكىم مۇھەببەت مەيدىن ئىچەر،
كى ھەرىس ـ ھاۋالار دىلىدىن كېتەر.
شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى ئۆمرى ئەزىز،
كى ئەفسۇس يېمەسسەن ئايا بى تەمىز.

ئەلقىسسە، قەلئەئى كۇففار، يەنى كۇرە شەھرىنىڭ فەتىھ بولغانى ۋە ئاندا بولغان ۋاقىئەلەرنىڭ بايانى ۋە نەچچەند كۇففارلارنىڭ سەردارلارىنىڭ مۇتىئ بولغانى. قېرى جاڭجۇن مۇتىئ بولۇپ، يېڭى جاڭجۇن ئۆزىگە ئوت قويۇپ ئۆلگەنى.

بۇ قىسمى دېدى ناقىلانى سۇخەن،
نەدۇر ناقىلان، ئاقىلانى سۇخەن.
سىپاھلارىنە ئەيلەدى مەسلىھەت،
ئۆلۈم ئەھلى بىرلە قىلىپ مەشۇرەت.
دېدى: «ئەمدى بۇزساق كۇرە شەھرىنى،
خىتايدىن ئالىپ سەلتەنەت تەختىنى.
مۇسۇلمان ئېلى ئەيلەسەك شاھلىغ،
رەئايانىڭ ھالىدىن ئاگاھلىغ».
بۇ سۆز بىرلە ئىسلامى ئاتلاندىلار،
كۇرە شەھرى ئۆزرە يېتىپ باردىلار.
قوپارىپ يەنە ئىككى يەرگە شىبە،
سالىپ كۇفرى ئەھلى ئارا زىلزىلە.
تولا نامدار شىبە ئۆزرە چىقىپ،
كۆرۈنگەن خىتاينى تۇفەكدە ئاتىپ.
ئاتىپ كۇفرىغا زەنبۇرەكلەر ئوقىن،
بۇ قەلئەنى بۇزماققا بولدى يېقىن.
خىتايلار ئارا تۇشتى كۆپ زىلزىلە،
كى ئۈمىد ئۈزۈپ جانلارىدىن ھەممە.
تولا ئەھلى كۇففار بولۇشتى ھالاك،
كى فەرزەند ـ زەن بولدى كۆپ دەردناك.
كىرىپ جۇملە جاڭجۇنغا زار يىغلاشىپ،
باشىن ئۇرۇپ يەر جاھان تىغلاشىپ.
كېلىپ داد ئېتىپ كۇفرى سەردارىغا،
نە سەردار بولسۇنكى، مۇردارىغا.
دېدى: «بارچەمىز ھالى بولدى زەبۇن،
بىرى بىرنى يەپ بارچە بولدۇق جۇنۇن.
خورەك ئەيلەدۇك بارچە ئادەم گۆشى،
بۇ قىسمى بولۇپ بارچەمىزنىڭ ئىشى.
جىھاد ئەيلەمەككە ماجال قالمادى،
تېخى ماڭغالى بىزدە ھال قالمادى.
يۈرەرمىزكى بىر ـ بىرسىمىزدىن قېچىپ،
تۈگەندۇك ئۆلۈپ ئابى ئەفيۇن ئىچىپ».
مۇنى ئاڭلادى شاھى كۇففارىيان،
يۈزىن تىرمالاپ قىلدى ئاھ ـ فىغان.
دېدى: «بارچە دارىن يىغىلسۇن» دېدى،
«بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلسۇن» دېدى.
يىغىلدى غالادايى، دالويەلەر،
قىيادە كېلىشتى ئۇرۇپ فويەلەر.
كى جاڭجۇن يانىغا كىرىپ قويدى باش،

ھەممە يىغلاشىپ كۆزىدىن تۆكتى ياش.
ئاچىپ ئول كۇنى بارچە ئەنبارىنى،
يارىم تويدۇرۇپ خەلقىنىڭ بارىنى.
كى ياندۇردى خەلقىن نەسىھەت بىلە،
گىرىفتار ئولۇپ دەرد ـ كۇلفەت بىلە.
يۈرۈر ئېردى كۇففار جانىدىن كېچىپ،
ئۆلۈر ئېردى ئەفيون سۇيىنى ئىچىپ.
تۇتۇپ بىر ـ بىرىنى گۆشىنى يېدى،
كى تاتلىغ ئېكەن دەپ تۆشىنى يېدى.
گۇزەرگە چىقىپ ئۇچراغاننى تۇتۇپ،
خاتۇن ـ بالالارنىڭ قانىنى يۇتۇپ.
كى ئادەم گۆشىنى تالاشىپ يېدى،
ئۆزىن قوقىنى قارنى ئاچىپ يېدى.
كى ئىسلاملار ھەم مۇنى چاغلادى،
تېخى ئىككى يەرگە شىبە باغلادى.
شىبە ئۈستىدىن زەنبۇرەكلەر ئاتىپ،
كى لاتۇ ـ مانات ئەھلىنى قورقىتىپ.
تولا كۇفرىلارنى ھالاك ئەيلەدى،
خىتايلارنى كۆپ دەردناك ئەيلەدى.
كى جاڭجۇن قىلىپ ئەلچى چىلىڭ لويەنى،
قوشۇپ مۇڭا بىرنەچچە دالويەنى.
بۇلارنى چىقاردى سېغىل باشىغا.
چىقاردى يەنە شەھرىنىڭ تاشىغا.
بۇلار قىچقىرىپ دېدى: «ئەي ئەھلى دىن،
نەچچە تۇڭچى بەگ بىزگە كەلسۇن يېقىن.
بولۇپ رۇبەرو سۆز قىلالىن» دېدى،
«خىيالىڭ نەدۇر بىز بىلالىن» دېدى.
بۇلار قاشىغا باردى جابباش مىراب،
خۇدا بەردى بەگ ھەم ئەمىرشاھ مىراب.
دېدى: «نە سۆزۈڭ بولسا قىلغىل بايان،
نېچۈك خاھىشىڭ بولسا قىلغىل ئايان»
دېدى: «شاھىمىز چۇن ئىتائەت قىلىپ،
گۇنامىزدىن ئۆتسە ئىنايەت قىلىپ».
دېدى: «چوڭ ـ كىچىك بارچە بولدۇق مۇتىئ،
خۇدا قىلدى بىزلەرگە سىزنى رەفىئ.
يەنە بەرسە بىزلەرگە ئۈچ كۇن ئامان،
كى ئاندىن سۆزىمىزنى قىلساق ئايان».
بۇ سۆزلەرنى چىلىڭ لويە قىلدى بايان،
بۇلار ھەم ئەمىر سارى بولدى راۋان.

ئەمىر بىرلە سۇلتانغا بىر ـ بىر دېدى،
بۇلارغا ئەمىر ئىلتىفات ئەيلەدى.
مۇنى ئاڭلادى بارچە بەگ بولدى شاد،
كى سۇلتان، ئەمىرگە بۇ ئېردى مۇراد.
دېدى: «تېز چىلاڭ لويە سارى بارىلىڭ،
كى چىلاڭ لويەگە تېز بۇ سۆزنى قىلىڭ.
كى جاڭجۈندىن ئۆزگە ئۆلۈغلارنى تېز،
چىقارىب كى بىزلەرگە تېز بەرسەڭىز.
كى جاڭجۈنغا ئىلتاق قىلىب قەلئەسىن،
تامامىن قىلۇرمەن ئۆلۈمدىن ئەمىن».
بارىب تۇڭچىلار دېدى چىلاڭ لويەگە،
كى ئاڭلاب كى ياندى بۇ ھەم سوڭىگە.
كىرىب كۇفرىلارغا بايان ئەيلەدى،
ئۆلۈغلار سۆزنى ئايان ئەيلەدى.
دېدى: «خويزەلەردىن كىرىب ئىككى تەن،
كى ھەر سۆزنى قىلسا ئېشىتسەم كى مەن».
مۇنى دەب چىقاردىكى چىلاڭ لويەنى،
كى سۇلتان، ئەمىرگە دېدىلەر مۇنى.
ئەمىرلەر قاۋاش قازىنى باش ئېتىب،
كى بەگزات مىراب بەگنى يولداش ئېتىب.
بولۇب ئىككى تەن كۇفرى سارى راۋان،
خىتاي شاھى قاتىغا يەتتى ھامان.
كۆرۈندى كىرىب رەسىم ـ ئەدەب بىلە،
تەكەللۇم قىلىشىب كى ھەر باب بىلە.
چىقارماقچى بولدى سىپاھلارنى تېز،
ئاچىب بەرمەك ئولدى قابۇغلارنى تېز.

بەس، يېڭى جاڭجۈننىڭ ھۆكمى بىرلە كوھنەجاڭجۈننى، يەنە چاڭ جاڭجۈننى باش قىلىب، نەچچەند مەنسەبدارلار بىرلە چىقارىب بەرمەك بولدى. قاۋاش بەگ، بەگزات بەگلەر جاڭجۈننىڭ قاتىدىن چىقىب سۇلتان شەۋكەت ئاخۇنغا، ئەمىر ئەلاخانغا بىر ـ بىر بايان قىلدى. مۇسۇلمانلار تۇرفە شاد ـ خۇررەم بولدى. ئەرتەسى كۇففارلار دەرۋازەئى شىمالنىڭ قىبلە تەرەفىنى تېشىب تۆشۈك ئاچىب، لەشكەرى كۇففارنىڭ سەردارلارىدىن، مەسەلەن: چاڭ جاڭجۈن، تۇدارىن، يى دارىن، كوھنە جاڭجۈن، سا دارىن، خاغالاداي، جا غالاداي، با غالاداي، ئە غالادايلارنى خاتۇن ـ فەرزەند، مال ـ مانالارى بىرلە چىقارىب مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇب بەردى. سىپاھلار بۇ سەردارلارنى غۇلجا شەھرىگە ئېبەردى. يەنە كۇففارلار قەلئە دەرۋازەسىنى بەركىتىب ئالىب ئاچمادى. مۇسۇلمانلار ئۈچ كۈن سەبىر قىلدى، كافىرلار دەرۋازەسىنى ئاچمادى. يەنە سەردارلار جافاش بەگ، قاۋاش بەگ، يۇسۇف بەگ، ئەمىر شاھ بەگ، بەگزات بەگ، سامساق تۇڭچىلارنى ئېبەردى. بۇلار قەلئەئى كۇففارنىڭ قاتىغا كېلىب، بالڭ ئۇردى ۋە ئەيدىلەركىم: «ئەي ناكەسلەر، نېمەگە ھىلە قىلىب دەرۋازەنى ئاچماسسىزلەر ۋە ئەھدەگە نە ئۈچۈن ۋافا قىلماسسىزلەر» دېدى. چىلاڭ دالويە چىقتى ۋە ئەيدىكىم: «ئەي بەھادىر يىگىتلەر، جاڭجۈن سىزلەردىن يامان قورقادۇر ۋە ئەيتادۇركى، يەنە نەچچە كۈن سەبىر قىلسالار، ئاندىن دەرۋازەنى ئاچىب بەرسەك، دەيدۇ» دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاب بەگلەر خاھلادىلەركى يانغايلار، چىلاڭ دالويەنى بىرگە ئالىب بارغاي. شول زامان سىفىل باشىدىن سىلتىنىق ئاتتى. سامساق تۇڭچىغا تەگدى، شەھىد بولدى. بارغان بەگلەر چىلاڭ دالويەنى ئۆلتۈرۈب، باشىنى خەندەكنىڭ كۆبرۈكىنىڭ يانىغا ئاستى. يەنە جەڭ قىلىشتى. ئۆلۈغلار سادىرغا ئەيدىلەر: «ئەي سادىر، يەنە بىر لەقىم كورلاساڭ، سىفىلنىڭ ئاستىغا دارۇ قويۇب، بايانداينىڭ سىفىلىنى بۇزغاندەك بۇزغىل» دېدى. سادىر «خۇش بولغاي» دەب يەنە لەقىم كورلاغانى.

نەزم
مۇنى ئاڭلادى تېز ئۇن نەچچە ناس،
سىفىلغا يۇگۈردىكى قىلماي ھەراس.
سىفىلنى بۇلار بۇزغالى باشلادى،
بۇزۇب قەلئەنى تۇزگەلى باشلادى.
سىفىل باشىدىن كۇفرى ئوت تاشلادى،
كى ئوت ھەم قىزىغ يافىنى زۇد تاشلادى.
بۇ ئۇن نەچچە مۆئمىننى قىلدى شەھىد،
جانى ھەشت جەننەتكە قىلدى فەرىد.
كى سادىر لەقىم كورلاماققا تۇتۇب،
تۆشۈك بىرلە خەندەك تېگىدىن ئۆتۈب.
سىفىل ئاستىنى دارۇغا تولدۇرۇب،
قويۇب فىلتەنى فىلتەگە ئوت قويۇب.
سىفىلنى قىلىب راھدەك چولڭ شورا،
ئەدۇۋ ئەھلىنى ئەيلەمەككە تەباھ.
قىلىب بارچە ئىسلامى غەۋغايى ئام،
خىيالى خىتايلارنى قىلماق تامام،
بۇ كۈنلەردە بولدى ئەجەب سەختى جەڭ،
خىتاي قانى غەبرانى چۇنان بەردى رەڭ.
كى بىر نەچچە تەن قەلئەگە قويدى ئوت،
تۇتۇن چىقتى ئاسمانغا بولدى بۇلۇت.
خىتاي قالدى ھەيرەتتە ھەريان باقىب،
ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى ئوت ياقىب.
تۇتۇن بىرلە ئوتلار شەھەرگە تولۇب،
كى كۆزدىن شەھەر بەلكى غايىب بولۇب.
كىرىب غازى ئەرلەر شەھەرنى باسىب،
خىتايلارنى تۇتقان ھامانا ئاسىب.
ھالاك ئەيلەدى تېرەسىنى سويۇب،
كېسىب باشىنى، كۆزلەرىنى ئويۇب.
خىتاي ئۇچراسا تېز ئەيلەب ھالاك،
كى فەرزەند ـ زەننى قىلىب دەردناك.
كىرىب بىر تەرەفدىن ئەمىرى زامان،
يەنە توختى ئاخۇن جاھان پەھلەۋان.
ئەدۇۋ خەيلى بىرلە قىلىب سەختى جەڭ،

ئەدۇۋ قانى بىرلە بېرىب يەرگە رەڭ.
سېتىلدى دىلاۋەر بىلە بۇشرى بەگ،
يەنە قاسىم ئاخۇن ئىبدى ئۇشرى بەگ.
شەھەر لەشكەرىنى بۇلار باشلابان،
قىلىب جەڭ بولۇب ئارسلانى زامان.
خىتايىنى چاقىب باشلارىنى ئۈزۈب،
يۈرۈب ھەر بىرى مەردلىك كۆرگۈزۈب.
بۇ ياندىن كىرىب توقەنەك بەگ ھەممە،
كى بەل لەشكەرى مۇسىيار بەگ ھەممە.
ئەزىم شاھ، ئەلىم شاھ، ئەمىرشاھ ھەممە،
مەمەت شاھ، خوجا شاھ، تۆمۈرشاھ ھەممە.
سۈرۈب كۇفرىلارنى بولۇب بۆرىدەك،
خىتاي سىنەسىنى نەيزەدە قىلدى چەك.
كى بىر كوچىدىن غۇلجا پەھلەۋانلارى،
ئارا ئۆستەڭ دەلىرى جاۋانانلارى.
تاش ئۆستەڭ دەلىرانى بىر ياندىن،
ئارا بوز چېرىكى تېگىب ئارقادىن.
چۇلۇقاي، بۆلۈكەي، مازارلىغ تامام،
يەنە بارتوقايدىن تامام خاس - ئام.
كى نىلخا، ئۇلاستاي بىلە چونجىلىك،
بورا بوغاسۇنلۇق بىلە كۆب چېرىك.
يەنە قاش، سۇفتاي بەھادىرلارى،
كى قورغاس ئېلىنىڭ كى پۇر زورلارى.
كى تۇنگانى ئاخۇن چېرىكى تامام،
كى يالغۇز ياغاچ، كاندىن خاس - ئام.
شەھەرباغ، قوغۇنچى ۋە قاينۇق ھەممە،
جاغۇستاي، دولاتۇ، خوناخاي يەنە.
ئىككى بوغرالىق بىرلە غالجات ئېلى،
ئاچانوقۇ، شۇڭقار، كەتمەن بېلى.
كى داردامتۇ بىرلە ئۇدۇتۇ تېخى،
دوبۇن لەشكەرى كەلدىكى ئەنبۇھ تېخى.
كى ھەركوچا باشىدا ئاتلار چاقىب،
خىتاي باشىغا تىغى بۇرران سالىب.
كى نەئرە جىگەربەند چېكىب ھاي - ھۇي،
نىچۈك تەڭ بولۇر ئەژدەھا بىرلە ئۇي.
بۇ نۇرغۇن چېرىكدىن ئالالا چىقىب،
يۈرەك يارغۇدەك شور - غەۋغا چىقىب.
كى قانغا بويالىب، بولۇب لالە رەڭ،
كى بىر كېچە - كۈندۈز قىلىب سەختى جەڭ.
بولۇب ھەر بىر ئىسلامى مەست تېۋەدەك،
لەئىنلەر بولۇب ئەھرەمەن دېۋەدەك.
گەھى بۇ چېرىكلەر خىتايىنى سۈرۈب،
گەھى بۇ چېرىكنى خىتاي ياندۇرۇب.
تاڭ ئاتقۇنچە ئەيلەبكى غەۋغايى ئام،
سەھەرلىكدە بولدى خىتايلار تامام.
تۇتۇب كوھنە جاڭجۇننى ئەيلەب ئەسىر،
كى فەرزەند - زەننى قىلىبان يەسىر.
يەنە نەچچە يۈز ئەر مەزلۇم خىتاي،
كى جاڭجۇن ئۆيىگە كىرىب تۇتتى جاي.
سولانىب كى ئۈچ كۈنگەچە بارچەسى،
بۇلار بۇ لەئىنىنىڭ ئىدى قالچىسى.
يېڭى جاڭجۇن ئېردىكى ياش نەۋ جەۋان،
مۇسۇلمانغا قىلماب ئىدى ھېچ زىيان.
دېدىكىم: «مۇسۇلمانغا مەن ئەل بولاي،
نىمە كەلسە باشىمغا ئانى كۆرەي».
كى چەنفەن يىغىلدى دېدى: «ئەي ئۇلۇغ،
كى بىزلەرگە لايىق بولۇبدۇر تامۇغ.
كى سەن قىلما مۇنداغ يامان ئىشنى ھېچ،
سېنى چىققالى قويماغايمىزكى ھېچ».
بۇ سۆزنى ئېشىتتى بۇجاڭجۇن خىتاي،
ئىلاج تاپمايىن يىغلادى ھاي - ھاي.
بۇ جاڭجۇن ئۆزىگە ئۆزى قويدى ئوت،
قاچىب چىقتى ئاخىر تامام ئەھلى بۇت.
بۇ قاچقان لەئىننى ھالاك ئەيلەدى،
تامام ئەسلى - نەسلىنى پاك ئەيلەدى.
ئۇلۇغلارغا تۇشتى خەزايىنلارى،
چېرىكلەرگە تۇشتى دەفايىنلارى.
ئالىب ئولجىھا دۇختەرى ماھ روي،
كى مۇرچەمىيان نۇقرە تەن مۇشكىبوي.
مۇسۇلمانغا تۇشتى تولا نۇقرەتەن،
قەددى مىسلى ئەرئەر، يۈزى ياسمەن.
كۆرۈڭ قۇدرەتى قادىرۇ زۇلجالال،
كى خاقان چىن بەختى تاپتى زاۋال.
تامام مۇرچەنى شىرغا غالىب قىلىب،
بىرۇر فەششەگە شىرنى مەغلۇب قىلىب.
ئەگەر خاھلاسا ئان خۇدايى كەرىم،
كى ئەنقانى قىلغاي جەبىنگە نەدىم.
ھەر ئىشنى كى قىلسا خۇداۋەندە قىلۇر،
كى يوقسە نەھىق بەندەدىن نە كېلۇر.
كى شۇكرى خۇدانىڭ بۇ ئىنئامىغا،
كى نۇسرەت تاما جەۋد ئېھسانىغا.
ئايا ساقىيا، تۇت فەررۇھ جامىدىن،
بولاي مەست ئىچىب جام گۇلفامىدىن.
بۇ مەستلىكدە ئەيلەي كى يارىمنى ياد،
كى مەقسەدكە يەتسەم كى تاپقۇم مۇراد.
كى مەقسەد ھەممە كەئبەتۇللا ئېرۇر،
مۇراد كەئبەتۇللا ئاللا ئېرۇر.

يەنى ئان خۇدايى ئالەمىيانىنىڭ فەزل كەرەمى بىرلە قەلئەئى كۇففار فەتھ بولدى. بارچە سەردارلار ئۆز لەشكەرىنى ئالىب يانىب غۇلجا شەھرىدە قارار تۇتتىلار. بارچە لەشكەرى ئىسلام نەچچەند زامان تىنچ بولۇب، راھەت ۋە فاراغەت قىلدىلار.

ئەلقىسسە سۇلتان شەۋكەت ئاخۇن بىرلە ئەمىر ئەلاخاننىڭ جەدەل غەلبەسىنىڭ بايانى. بۇ ئانداغ ۋاقىئەدۇركىم، سۇلتان موللا شەۋكەت ئاخۇن ئەمىر ئەلاخانغا گۇناھ قويۇب ئەمىرلىك مەنسەبىنى ئالدى، بارچە لەشكەرى ئىسلام بۇ ئىشقا دىل تەڭ بولدى. چاراكى تولاراق خالايىق ئەمىر ئەلاخاننى دوست تۇتار ئېردى. چاراكى ئەلاخان تۇفەك زەنلىكتە بى نەزىر ئېردى ۋە ھەم تولا جەڭ قىلغان ياش نەۋجەۋان يۈرەدىل ئېردى. بۇ جەھەتدىن بارچە مەنسەپدارلار سۇلتان شەۋكەت ئاخۇندىن ئەلا خاننىڭ گۇناھىنى تىلەدىلەر. شەۋكەت ئاخۇنغا ماقۇل بولمادى. ھەتتاكى تۇنگانىلارنىڭ ئۇلۇغى ياگۇر سۇلتان، جۇسىن، بايەنشەي، لوجۇر يەنشەي، لايەنشەيلەر كېلىب ئاخۇنلۇقدىن ئەلاخاننىڭ گۇناھىنى تىلەدى، ئۇنامادى. ئاخىر خۇدايار ئەنتىدىن موللا سالىش ئىمام، تۆلەندى يۈز بېشى، موللا مەشھۇر ئىماملار كىرىب ئاخۇنلۇقغا نەسىھەت ئامىز سۆزلەر قىلدى، چاراكى موللا سالىش ئىمام سەننەسالەلىك خىرەدمەند كىشى ئېردى ۋە ھەم ئەھلى دەۋلەت ئاغىنىيا كىشى ئېردى. سۆز ئاغاز قىلدى ۋە ئەيدىكىم: «ئەي ئاخۇنۇم، بۇ دۇنيا فانىدۇر، ئانىڭ دەۋلەت ۋە ئابرويى ھەم فانىدۇر. نەچچەند ئۇلۇغ دەۋلەتمەندلەر يەر يۈزىنى سوراب ئاخىرىدا زىر - زەمىندە خاك ئالۇدە بولۇب يېتىبدۇر. مەسەلەن: شاھ جەمشىد ۋە فەرىدۇن، فەررۇخ ۋە مانۇچەھىر ۋە زوھخاك ۋە كەيكاۋۇس ۋە كەيخىسراۋ ۋەزالى زەر ۋە رۇستەم ۋە گۇزار ئىبىن گۇشۋاد ۋە ئانۇشىرۋان. بەس، پادشاھلارغا ھىممەتلىك ئېرەنلەر ۋە ئاقىل ۋەزىرلەر لازىمدۇر. چاراكى ۋەزىر قابىل ۋە ئاقىل بولسا، پادشاھ ئاسايىشدا بولۇر، ئەلبەتتە. ئەلاخاننىڭ مەنسەبىنى ئىنايەت قىلسۇنلار. مەگەر ئانداغ قىلماسالار يۈرت قولدى كېتەر، ئىشنىڭ ئاخىرى فەسادقا تارتار. ئول ۋاقىتدا فۇشايمان فايدا قىلماس. دەۋلەت قولدىن كەتسە، يانىب كەلمەس. ھەر كىشى تاۋانالىغ ۋاقىتدا دارۇيى كار ئىچىب، ئادەت قىلسا، ئەلبەتتە، كېسەللەردىن ئامانراق بولۇر. مۇبادا ئاغرىب ياتقاندىن كېيىن دارۇيى كار ئىچكەن بىرلە فات نەفئە يەتكۈرالماس. مەسەلەن: تىرياق دارۇسىنى زەھەر ئىچمەسدىن ئىلگەرى راست قىلىب قويسا ياخشى بولۇر. مۇبادا زەھەر ئىچكەندىن سوڭ تىرياق دارۇسىنى راسلاب ئىچكۇنچە يۈرەك - باغرى ئېزىلۇر، ئول ۋاقىتدا ئىچكەن بىرلە سۇد قىلماس، ئەلبەتتە ھالاك بولۇر. ئەي ئاخۇنۇم، مۇندىن ئۆزگەسىنى ئۆزلەرى بىلسۇنلار» دېدى. سۇلتان شەۋكەت ئاخۇن ئەيدى: «ئەي ئىمام ئاخۇن، راست ئەيتادۇرسىز. ئەمما ئەلاخانغا مەنسەب بەرمەسمەن» دېدى. موللا سالىش ئىمام ئاخۇن ۋە تۇنگانىلار سورادىلاركىم، «ئەمىر ئەلاخاندا نېمە گۇناھ بار ئېردىكىم، ئاڭا مۇنچە غەزەب قىلادۇرلار» دەب ئېردى، ئاخۇنلۇق ئەيدى: «ئانىڭ گۇناھىنى ئۆزۈم بىلەدۇرمەن» دېدى. بۇلار ئەيدى: «مۇنداغ غەزەب ئۆزگە زىيان قىلۇر» دەب نائىلاج بولۇب يانىب چىقتى. بارچە ئۇلۇغ - كىچىكنىڭ كۆڭلى شەۋكەت ئاخۇندىن قالدى. مولللا سالىش ئاخۇن ئۆز كەنتىگە يانىب چىقتى، يۈرت خەلقى يىغىلىب كەلدى. سوردىلاركىم «نېچۈك بولدى» دەب، ئاخۇن بولغان ۋاقىئاتنى بۇلارغا بايان قىلدى. بارچە لەشكەرنىڭ ئاچچىغى كەلدى. نۇرغۇن لەشكەر قاش بويىغا باردى. ئەمىر ئەلاخانغا كۆرۈندى. خالايىقلار ئەلاخانغا ئەيدىلەركىم، «سىزنى ئۆزىمىزگە سۇلتان قىلدۇق، شەۋكەت ئاخۇننى ئەزلە مەنسەب قىلدۇق» دېدى. ئەلاخان ئەيدى: «بىرنەچچە كۈن سەبىر قىلىڭلار، تاكى ئاخۇنلۇغنىڭ ئاچچىغى فەست بولسۇن» دېدى. خالايىقلار ئۇنۇماي، ئەمىر ئەلاخاننى سۇلتان كۆتەردى. ھەر تەرەفدىن لەشكەرى ئىسلام چوق - چوق يىغىلىب كېلىب، ئەلاخاننى مۇبارەكبادلىغ قىلدى. بارچە سىپاھ ۋە رەئايا شەۋكەت ئاخۇندىن يۈز ئۆيۈردى. بارچەسى ئەلاخانغا مۇلازىمەت قىلدى. ھەتتاكى سېتىلدى فانساد ھەم شەھەرنى تاشلاب سەھراغا چىقىب كەتتى. بەگزات بەگ، خوجام نىياز، ئەلى فوچىلارنى ئالىب زەنبۇرەكچىلەرنى باشلاب، ئەلاخاننىڭ خىزمەتىدە بولدى. سۇلتان ئەلاخان ئەھمەدخان خوجامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈب، «ئەمدى سىز، ئەي خوجام، خالايىقلارغا دۇئا قىلىب بېرىب، ئۆيىڭىزدە تىنچ ياتىڭ» دەب سەھرادىكى ئۆيىگە ئىبەردى. ئەھمەدخان خوجامنىڭ ئىنىسى توختى ئاخۇننى ئەمىر لەشكەرى ئىسلام قىلدى. مولللا روزى ئاخۇننى يەنە مۇفتى قىلدى. تاھىر بەگ، ئابدۇللابەگ، ئابدۇرەھمان بەگ، ئابدۇلۋاھىد بەگلەرنى غەزنەچى قىلدى. مەغفىر بەگنى داد خاھ بەگ قىلدى. مېھرىددىن بەگ، ئەزىم بەگ، سېتىلدى بەگلەرنى شاڭ بېگى قىلدى. ھەر قايسى سىپاھلارنى بىرەر مەنسەبكە مۇقەررەر قىلدى. ئاندىن سوڭ سۇلتان ئەلاخان لەشكەر ئەنبۇھ بىرلە شەھەر تەرەفىگە يۈزلەندى. بۇ خەبەرنى مولللا سالىش ئىمام ئاخۇن ئېشىتىب، تۆلەندى يۈز بېگى، مولللا مەشھۇر ئىمام، ئەھمەد، ئەلىلەرنى ئالىب، نۇرغۇن خەلق بىرلە سۇلتان ئەلاخاننىڭ ئالدىغا پېشباز چىقتىلار.

نەزم

كى سۇلتان كى بولدى شەھەرگە راۋان،
ئالىب بىلەن لەشكەرى مۆئمىنان،
چىقىب پېشباز مولللا سالىش ئىمام،
كۆرۈشمەك رۇسۇمىنى قىلدى تامام.
كۆرۈندىكى خانغا بۇ شېرىن زەبان،
قىلىب پەند ئامىز بولۇب نۇكتەدان.
دېدى: «ئەي شەھا، ئۆمرۈڭ ئولسۇن ئۇزۇن،
تېخى دەۋلەتىڭ ھەم ئەدەددىن فۇزۇن.
بەناگاھ شەھەر ئىچرە كىرسە كىشى،
كى ھېچ قىلماسۇنلار يامانلىق ئىشى.
شەھەرنىڭ ئىچىدە كۆپ ئەھلى ئەدەب،
ئۇلارغا بىراۋ قىلماسۇنلار تەئەب.
بۇ لەشكەر شەھەرگە زىيان قىلماسۇن،
بىراۋنىڭ تاخۇسىنى ئۆلتۈرمەسۇن.
ئەگەر ئۇچراسا ئىت ئانى قىلما قان،
شەھەر ئىچرە قان تۆكسە، بولغاي يامان.
بىراۋنىڭ فۇلىنى تالان قىلماسۇن،
بۇ لەشكەر شەھەرنى بۇلان قىلماسۇن.
شەھەردىن بىراۋ بىزگە گەر ئاتسا ئوق،
ئاڭا سەبرى ئەيلەڭ كى ھېچ باكى يوق.
ئاداۋەت قىلىب قىلمافايسىز قىساس،

ئۇلۇغلۇق قىلىپ قىلماغايسىز ئىساس».
بۇ قىسمى نەسىھەت ئايان ئەيلەدى،
كى سۇلتانغا پەندىن بايان ئەيلەدى.
كى ئاندىن بولۇبان شەھەرگە راۋان،
شەھەرگە كىرىپ لەشكەرى بىكاران.
دېدى: «چىقماسۇن ئاخۇنۇم ئۆيىدىن،
خامۇش ئەيلەبان تۇشمەسۇن تۆرىدىن».
ئالىپ ئاخۇنۇمدىن كى نەققارەنى،
نەفىر بىرلە كارناي، دۇبۇل بارىنى.
جالالىددىن خەلفەمنى قازى كالان،
قىلىپ مەقسۇد ئاخۇننى مۇفتى زامان.
كى سۇلتان كى چىقتى ئېگىز تەختىگە،
بېرىپ زېب ـ زىنەت جاھان رەختىگە.
سەرئەنجام ئەيلەب كى قالماي گۇمان،
خۇدايا بۇ نازىمنى تۇتقىل ئامان.
بۇ قىسمى ئىكەندۇك فەلەكنىڭ ئىشى،
جافا ـ زۇلۇم ئېرمىش فەلەك ۋەرزىشى.
ئەزىزنى قىلۇر خار خۇداي جاھان،
گەدانى قىلۇر پادىشاھى زامان.
قىلىپ مۇرغى زەررىننى قاق ئىچرە بەند،
يەنە تازقارانى قىلىپ سەر بەلەند.
ئەجەبدۇر، ئەجەبدۇر زامانە ئىشى،
غەرىبدۇر، غەرىبدۇر فەلەك ۋەرزىشى.

گەدادەك بولۇبدۇر نە خۇش بايلار،
گەدالار مىنەر تېزرەۋ تايلار.
ئىچەلمەي گەدا بادىيان چايىنى،
تاپالماي ئاشىغا زىغىر مايىنى.
ئىچەرلەر بۇ كۈنلەردە ئات باشى چاي،
ئېشەك مىنمەگەنلەر مىنەر بولدى تاي.
بولۇب فەقىرى بايلار بالاسى تولا،
گەدانىڭ بۇكۈندە كالاسى تولا.
گەدالار ئىچىپ سۈتنى قايماق يېدى،
ئەزىزلەر مۇدام نانى قاق يېدى.
دەرىغا، دەرىغا سافا قالمادى،
قېرىنداش ئىچىندە ۋاپا قالمادى.
يىگىتلەر خاتۇندەك كىيەر باسمانى،
ئۇلۇغلار بېلىگە تاقار تاسمانى.
كى بەد ئەسلى، بەد زات بولدى ئەزىز،
چۆكۈب ھەم مۆكۈب يۈردى ئەھلى تەمىز.
ئايا نازىمى، سۆزنى قىلما دەراز،
يېقىندۇر خازان فەسلى، تېز كەتتى ياز.
قىلىپ بارچەنى تەرك دىلائىل ئوقۇڭ،
خۇدا رەھمەتىدىن مۇدام كۆز تۇتۇڭ.
خۇداۋەندە ئالەم كەرەم ئەيلەگەي،
دۇ ئالەم ئارا مۇھتەرەم ئەيلەگەي.

قورغاس جىھادىنىڭ بايانى

يەنە نازىمى قىسسە قىلدى بايان،
كى فۇشىدە سۆزنى قىلۇرلار ئايان.
قىلىپ شاھلار بىر كۈنى مەشۇرەت،
نەدۇر مەشۇرەت، بىل قىلىپ مەسلەھەت.
ئالىپ شاھلار لەشكەرى بىكاران،
كى قورغاس دىيارىغا بولدى راۋان.
كى مەنزىل مەراھىلنى كۆپ تەي قىلىپ،
كى تېز ياردىلار كەرسۇمۇنغا يېتىپ.
تىكىپ بارگاھلارنى كەر غولىغا،
قويۇپ ئەھلى بىدئەتنى جان ھۇلىغا.
كى چىڭفەنزە تاشىنى غارەت قىلىپ،
خىتاي باشىنى غۇلدى بىرلە يارىپ.
كى مۆئمىن چېرىكى ئالىپ ئولجىھا،
كى ئولجا دېمە، زەر بىلە نۇقرەھا.
قىلىپ ئەھلى بەددىن بىلە سەختى جەڭ،
خىتاي مەرگى بولدى زەمىن بىرلە تەڭ.
بۇ قىسمى ئىكەن رەسمەئى روزگار،
ئەزىز پەھلەۋان بولدىلار زەخمدار.
كى تېز غۇلجاغا يەتكۈرۈبان ئانى،
بىر ھەفتە ئاقىپ فىرقە سەردىن قانى.
كى ئاندىن بولۇب بىستەر ئۆززە شەھىد،

مۇنى زەخمى ئۆرغان ئىدى بىر پەلىد.
تۆمۈرچى ئىدى ئۇستا قۇتلۇق نىياز،
كى «سويتاق» لەقەبنى قويۇب ئاغا باز.
بۇ قورغاسدا سويتاقنى قىلدى شەھىد،
كى جەننەت سايانىغا قىلدى فەرىد.
كىگىز بارات ئوغلى بىلە ئول بوساق،
ئەلى بىرلە ئەقبىنى قىلدى ۋىساق.
قىلىپ كۇفرى ئەھلىنى زەمىندىنمۇ فەست،
شەھەرنى بۇزۇب بەردى ئانداغ شىكەست.
مۇتىئ بولدى چىرغان، چەجى تېخى،
كى سامۇل ۋە تۇرگۇن ۋە تاجى تېخى.
بۇ نەۋئى قەلئەلەرنى مۇسەخخەر قىلىپ،
غەنى بولدى مۆئمىن زەر سۇرخ ئالىپ.
ئەمىر بىرلە سۇلتان تامام مۆئمىنان،
بارى غۇلجا شەھرىگە بولدى راۋان.
چىقىپ پېشباز مۇفتى ۋە قازىلار،
ھەر ئۆيلۈك ئۆيىگە تۇشۇب غازىلار.
كى بىرنەچچە كۈن لەشكەرى مۆئمىنان،
كى ئۆز شەھرىدە بولدىلار تىنچ ـ ئامان.
كەتۈر ساقىيا مەي بىلە جامى ھۇش،
ئانى زەۋق ئەھمەددا ئەيلەب كى نۇش.

ئىبەرگۈم كى ئەھمەدكە چەندا دۇرۇد،
بۇ ئىپتقان دۇرۇد فى سەبىلى ۋۇدۇد.

ئەمىر توختى ئاخۇن، كوكۇسۇن، كىچىك يۇلتۇز، چوڭ يۇلتۇز دېگەن يەرگە بارىپ، مۇغلار بىرلە جەڭ قىلغانى. ئەمىر توختى ئاخۇن، ئەزىم شاڭ بېگى، ئەمىر شاھ بەگ، ئابدۇلباقى مىڭ بېگى، ئېركە مىڭ بېگى، تاھىر يۈز بېگى، توقان يۈز بېگى، ئابدۇللا يۈز بېگى، بەختىيار يۈز بېگى، ئەلى بايلار شەھەردىن ئالتە يۈز لەشكەر ئالىب ۋە سەھرادىن ھەم لەشكەر ئالىب راۋان بولغانى ۋە فەتىھ - نۇسرەت بىلە يانغانى.

ئايا ئەندەلىب، سايرا گۈل ۋاقتىدا،
مەقاسىدقا شايەد يەتۇرگەي خۇدا.
تىلىڭ باردا ۋەسفى گۈل ئەيلەگىل،
ئىبادەت قىلىب ئۆزنى قۇل ئەيلەگىل.
مۇبادا يېتىشسە بۇ بادى خازان،
قىزىل گۈل يۈزى ھەم بولۇر زەئفەران.
كى ئول دەمدە فەرياد سۇد ئەيلەمەس،
قۇل ئۆلگەندە ئازاد سۇد ئەيلەمەس.
نەسىھەتنى قوي نازىمى، باشلا سۆز،
ھەر ئىشنى كۆرۈر ئادەمى بولسا كۆز.
مەئەلقىسسە بولدىكى فەسلى خازان،
كى مۇغدىن بىراۋ كەلدى تېز ناگھان.
بۇ مۇغ پادىشاھلارغا بەردى خەبەر،
خەبەر قىلدى شەھلەرگە چەندان ئەسەر.
«كۆلى زوخۇ جايىدىكى مۇغلار،
شىرە بوغاجىغا كېلۇر بولدىلار.
خىيالى قوتاننى ھالاك ئەيلەمەك،
بۇلاب ماللارىن دەردناك ئەيلەمەك.
بۇ نەۋئى مۇغلارنىڭ خىيالى يامان،
خىيالىنى بىلدىم كى كەلدىم بۇيان».
ئېشىتتى مۇنى چوڭ - كىچىك غازىلار،
بۇ قالماققا كۆب نۇقرە - زەر بەردىلەر.
كى سۇلتان دېدى: «بولسا بىر ياخشى ئەر،
كۆلى زونغۇغا بارسا ئول شىرى نەر.
بارىب ئاندا قالماق بىلە قىلسا جەڭ،
كى ئالتۇن بېرۇرمەن بويى بىرلە تەڭ.
شېرىك ئەيلەبان يارتا خانلىغ بېرەي،
كى ئاتۇ، كالا، مىگچە جانلىغ بېرەي.
قوپۇب توختى ئاخۇن ئەمىرى زامان،
دېدى: «ھۆكمى شەھ بولسا بولغۇم راۋان».
كى سۇلتان ئەمىرگە دۇئا ئەيلەدى،
تەلەپ قىلغاننى راۋا ئەيلەدى.
قوشۇلدى ئەمىرگە يەنە ئېركە بەگ،
كى مۇغلار باشىغا بولۇب مەرگى بەگ.
ئەزىم شاڭ بېگى ھەم توقان يۈز بېگى،
كى قاش كەنتىدىن بەختىيار يۈز بېگى.
ئابدۇلباقى مېڭ بەگ قوشۇلدى تېخى،
خۇدايار يۈزىدىن يەھادىر ئەلى.
ئەلىدۇركى ئىبنى مۇھەممەد ئەزىز،
ئەزىز ئىبنى ئىسلام ساھىب تەمىز.

بۇ ئىسلام تېخى ئىبنى دەۋلەت ھامان،
بۇ دەۋلەت كى شەيخ ھەفتە مۇھەممەدان.
بۇلار ئەسلى يۇرتىكى ياركەند ئىدى،
ئىلە شەھرىگە كۆچدە كەلگەن ئىدى.
بۇلار نەسلىدىن قالغان ئېردى ئەلى،
ئۇشۇل ئەلنى خەتكە فىتدىم ھېلى.
تاھىر يۈز بېگى ھەم قوشۇلدى كېلىب،
شەھەردىن يەنە ئالتە يۈز ئەر ئالىب.
بۇلارغا بولۇب باش ئەمىرى زامان،
كۆلى زوخۇ سارىغا بولدى راۋان.
رەجەبنىڭكى ئون تۆرتى يولغا چىقىب،
مازارى مەمەت خان خوجامغا يېتىب.
تۇرۇب ئاندا ئۈچ كۈن يىغىب كۆب چېرىك،
بۇلار ھەر بىرى ئېردى شىرغا شېرىك.
رەجەب ئايىنىڭ ئېردى ئون سەككىزى،
راۋان بولدى يولغا تولۇب ئات ئىزى.
كى ئون توققۇزىدا تەمەنكو بېرىب،
كۆلى زوخۇغا كەلدى لەشكەر يېتىب.
چېرىكلەر بۇ تۈن مۇندا ئارام ئالىب،
يىگىرمەسىدە غول ئىچىگە كىرىب.
بارۇر ئېردى لەشكەر گۇرۇھ دەر گۇرۇھ،
بۇ غولدا نەچە مۇغ بولۇب رۇبەرو.
بۇ مۇغلار بىلە قىلدىلار سەختى جەڭ،
بېرىب كوھ سەنگىگە قان بىرلە رەڭ.
بىرىسىنى قويماي ھالاك ئەيلەدى،
كى مۇغدىن بۇ يەرلەرنى پاك ئەيلەدى.
كى ئەمۋال مۇغلارنى غارەت قىلىب،
كى لەشكەر تېۋە ۋە كالا، قوي ئالىب.
يىگىرمە بىرىدە كىرىب راھىغا،
يېتىب باردىلار كاشقەرى باغىغا.
قويۇب ئاندا مالى غەنىمەت بۇلار،
ئانى ساقلابان نەچچە تەن قالدىلار.
كى تۈن يارىمىدا بارچە قوزغالدىلار،
غۇربۇن، جىرغىلانغا يېتىب باردىلار.
كىچىك يۇلتۇزى ئۆزرە ئۈچ تەن لەئىن،
بۇ قالماقلاردىن يۈرۈرلەر يېقىن.
بۇ ئۈچ تەن لەئىننى تۇتۇب كەلدىلەر،
«نە ئىشدا يۈرۈرسەن» دېبان سوردىلار.
بۇ ئۈچ تەن قىلىب زار كۆزىن قىلدى ئاب،
ئۇلۇغلارغا بەردى بۇ قىسمى جاۋاب.

«ئاغا ۋە ئىنى بىز ئوتتۇنچى ئىدۇك،
زەبانلارنى بىلمەككە تۇتقۇچى ئىدۇك».
دېدى: «قايدادۇر بەيلى، بەيسى دېگەن»،
دېدى: «ئۇشبۇ تاغ تۆفەسىدە ئىكەن.
چىقىپ ئالدى مۇغلار بۇ تاغ ئۆزرە كۆپ،
كى قورقۇپ قوتاندىن يۈرۈرلەر مۆكۈپ».
بۇ ئۈچىنىڭ بىرىنى ئوشۇل تاغ سايان،
كى بولسۇن مۇتىئ دەپ ئىبەردى راۋان.
بۇ قالماق كېتىبان يانىپ كەلمەدى،
لاماسۇن بۇتىدىن تېنىپ كەلمەدى.
يىگىرمە ئۈچىنچى كېچەسى ئىدى،
ئوشۇل ئېركە بەگنى ئەمىر بۇيرۇدى.
دېدى: «سىز چىقىپ مۇغ بىلە جەڭ قىلىڭ،
جاھاننى كۆزىگە ھامان تەڭ قىلىڭ».
دېدى ئېركە بەگ: «ئەزبارايى خۇدا،
خۇدانىڭ يولىغا تۈمەن جان فىدا».
قوشۇپ ئېركە بەگكە چۇ يۈز پەھلەۋان،
يەنە يۈز كىشى ئالدى قولغا سىنان.
كى ئەللىك كىشى ئېردى شەمشىر زەن،
تامام ئىككى يۈز ئەللىك ئېردى بۇ تەن.
كېلىپ بارچەسى ئېركە بەگ قاشىغا،
راۋان بولدىلار ئۇشبۇ تاغ باشىغا.
يارىم كېچەدىن تاكى بامداد يۈرۈپ،
قىلىپ تېز جەڭ مۇغلارنى كۆرۈپ.
كى چاش ۋاقتىغا تەكرو جەڭ ئەيلەدى،
ئۆلۈكنى بۇ تاغ بىرلە تەڭ ئەيلەدى.
چىدالماي بۇ مۇغ قاچتى ئارقا بېرىپ،
قاۋۇپ سوڭىدىن ئېركە بەگ ئات سالىپ.
سۈرۈپ تېز - تېز توختى ئاخۇن خوجام،
يېقىن ئەيلەدى ئەيلەمەككە تامام.
ئەمىر شاھ مىراب بەگ چاقىپ مۇغنى،
فەلەككە چىقاردى بۇ مۇغ تۇغنى.
ئابدۇلباقى مىڭ بەگ، توقان يۈز بېشى،
يەنە تاھىرى پەھلەۋانلار باشى.
چوڭ يۇلتۇزغا يەتكۈنچە مۇغنى سۈرۈپ،
ھەزاران بۇ مۇغ خەيلىنى ئۆلتۈرۈپ.
تامام مۇغنىڭ ئات، كالاسىن ئالىپ،
چىرايلىغ كۆرۈنگەن بالاسىن ئالىپ.
باراتەت ئايىغا ئىدى بىستى چار،
يانىپ ئۆز ۋىساقىغا تاپتى قارار.
يىگىرمە بەشى كۆلى زوخۇغا كېلىپ،
تېخى ئالتەسى باغى كاشقەر يېتىپ.
شەئبان ئايىغا بىستى ھەفتە ئىدى،
مازارى مەمەت خانغا كەلگەن ئىدى.
تۇرۇپ ئىككى كۈن ئاندا شادلىغ قىلىپ،
شەئبان ئاخىرىدا شەھەرگە كېلىپ.
كۆرۈندى كىرىپ شاھ سۇلتانىغا،
ھەممە فېشكەشىنى بېرىپ خانغا.
تامام ۋاقىئاتلارنى قىلدى بايان،
تېخى فەتىھ - نۇسرەتنى قىلدى ئايان.
بۇلارغا بېرىپ مەجلىس شاھى جەم،
كى ئېھسان قىلىپ ئەيلەدى مۇھتەرەم.
كەتۇر ساقىيا مەي بىلە جامى شاد،
كۆڭۈل جامى شاد بىرلە تاپغاي مۇراد.
بۇ مەيدىن ئاچىلىپ مۇرادىم گۈلى،
ناۋا ساز قىلغاي زەبان بۇلبۇلى.
ناۋاسىن ئېشىتمەككە ئاشىق كېلۇر،
ناۋا بى رىيا بولسا مەشۇق كېلۇر.

ئەمدى سۆزنى ئاغاياسنىڭ قالماقلاردىن ئېشىتمەك كېرەك. قاچانكىم، ئەمىر توختى ئاخۇن كىچىك يۇلتۇزنىڭ قالماقلارنى چاقىپ، مال - مەناللارنى غارەت قىلىپ ياندى. بۇ ۋاقىئەلەرنى تامام يىراق - يېقىننىڭ قالماقلار ئېشىتىپ، يۈرەك - باغرىغا ئوت تۇتاشتى. ئېيتۇر ئېردىكى، «دەرىغ، ھەزار دەرىغ، كى قوتانلار ئەژدەھادەك بولدى. ئەمدى دەم تارتىپ بىزلەرنى ھالاكەتكە يەتكۈرۈر. يۈرەك - باغرىمىزغا قاتتىغ داغلار قويدى. نە تەرىقە ۋە نە ھىكمەت بىرلە بىز ئۇلاردىن قىساسىمىزنى ئالۇرمىز» دەر ئېردى. ئاغاياسنىڭ بىرمۇنچە بىباك ھارامى قالماقلارى ئەيدىكىم «ھېلى قوتانلارنىڭ لەشكەرى غۇلجادا سۇلتان ئەلاخاننىڭ قاتىدا ھازىردۇر. كەنتلەرنىڭ ئىچىدە خاتۇن - بالالار، بى قاراۋ قېرىلار قالغاندۇر. خۇسۇسەن كەتمەن، ئاچانوقۇ، غالجات دېگەن كەنتلەرىدە لەشكەر ئازدۇر، مال - مەنال كۆپدۇر. ئول كەنتلەرگە تۇيۇقسىز بارىپ ئېرەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مال - ئەمۋاللارىنى غارەت قىلىپ، زەن - فەرزەندلەرىنى ئەسىر قىلىپ ئالىپ كەلسەك، ئۇلارغا داغ مۇندىن ئارتۇق بولۇرمۇ» دېدى. بارچە قالماقلار بۇ سۆز ماقۇل بولدى. تېز نەچچە يۈز قالماقلار ئاتلانىپ تەكەس بىرلە كەتمەنگە يۈزلەندى.

نەزم

تەكەس بىرلە كەلدى بۇ قالماقلار،
قوشۇلدى مۇڭا نەچچە ئايماقلار.
يوق ئېردى بۇ قالماقلاردىن ئەسەر،
چۇ كەتمەن ئېلى ئېردىلار بى خەبەر.
كى بىر كۈن ئىدى ۋاقىت ھامىمام بۇغ،
تەكەس سارىدىن چىقتى چاڭ بىرلە تۇغ.
بۇ كەتمەن ئېلى قىلدى تۇغقا نەزەر،
يېتىپ كەلدى بەدكار قالماقلار.
مۇھەممەد نىياز يۈز بېگلەر كۆرۈپ،
ئالىپ مىلتىغىن فىلتەگە ئوت قويۇپ.
بۇ مۇغ بىرلە قىلدى تۇفەك بىرلە جەڭ،
بۇ بەدكارلار قىلدى مۆئمىننى تەڭ.
كېلۇر ئېردى غول بىرلە ئىككى خاتۇن،

شەھىد ئەيلەدى ئىككىسىن تۆكدى خۇن.
كى دىشۋار بولدى بۇ كەتمەن ئىشى،
كىرىب خالى ئۆيگە قېچىب بەش كىشى.
ئاتىب مىلتىغى بىرلە تامنى تېشىب؛
كى ئۆلتۇردى قالماقنى ھەددىن ئاشىب.
بەناگاھ تۇيۇب ئانى قالماقلار،
تۇتۇب بەش كىشىنى شەھىد قىلدىلار.
مەمەت نىياز پەھلەۋان نە خۇش نەۋ جەۋان؛
شەھىد بولدى جەننەتكە بولدى راۋان.
كى ئاندىن ئېشىتتى بولۇس توقەلەك،
كېلىب مۇغ - قالماقنى قىلدى ھەلەك.
كى قۇربان نىياز بەگ قىلىب جۇرئەتى،
شىجائەت قىلىب مۇسىيار مىلىك بېگى.
بۇلار ئەيلەدى كۇفرىنى خوردى خام،
تولا مۇغلار بولدى دوزەخكە رام.
بۇ قالماققا تۇشتى ئەجەب رەستەخىز،
كى غالجات سارى مۇغلار قاچتى تېز.
كى غالجاتدا مۇغ سوقۇش ئەيلەدى،
بۇ غالجات ئېلى تەركى ھوش ئەيلەدى.
كى ئەر بىرلە خاتۇن كى نەچچەند تەنان،
شەھىد بولدى بۇ كەنت ئارا بەردى جان.
بۇ غالجاتنىڭ مالى - مەنالىن ئالىب،
ئافاياسقا كەتتى بۇ مۇغلار يانىب.
سوڭىدىن قاۋۇب تېز ئاق قوزى بەگ،
نە ئاق قوزى بەگدۇر، بۇراق قوزى بەگ.
ئالىب لەشكەرىن توفەلەك شاڭ بېگى،
سۇرۇب مۇغنى مۇسىيار مىلىك بېگى.
قۇربان نىياز بەگ بىرلە ئوسمان دەلىر،
بۇ ئوسمان ئىدى يۇز بېگى شىرگىر.
سولاب تاغقا قالماقنى قىلدى سوقۇش،
خۇسۇس ئاق قوزى بەگ قىلىب كۆب تۇرۇش.
كۆرۈڭ ئاق قوزى بەگكە يەتتى قازا،
ئافاسىغا ئوسمان قىلىب جان فىدا.
بۇ ئىكەۋ بۇ تاغ ئىچرە بولدى شەھىد،
خالايىق كۆزىدىن بولۇب نا پەدىد.
توقدلەك كېلۇر ئېردى ئاتىن چاپىب،
كى ئاجراب ئاتىدىن بۇ ھەم يىقىلىب.
بۇ بەگكە ئاتۇرلار تۇفەك كەينە - كەيىن،
مۇنى ئاتقا مىندۇردى بىر چارەكىن.
قېچىب چىقتى بۇ بەگ بۇ قالماقدىن،
قۇتۇلدى قېچىب بۇ قازادىن ئەمىن.
قاچىب ياندى ئارقاغا قالماقلار،
كى قاللاش، ئەۋباش قالتاقلار.
توقەلەك كېلىب تېز غالجاتغا،
كى ھېچ بىر ئىشى كەلمەيىن يادىغا.
قۇربان نىياز بەگ، مۇسىيار بەگ يەنە،
دەبىرىگە بولدى كېلىب ئىلتىجا.
دەبىرى يازىب بۇ سۇفەت نامەنى،
كى جارى قىلىب نامەگە خامەنى.
تامام سەرگوزەشتەنى ئەيلەب باياب،
كى سۇلتان جانابىغا قىلدى راۋان.
مەراھىل قىلىب تەي ئېتىب جۇرئەتى،
كى سۇلتانغا يەتتى قىلىب سۇرئەتى.
تۇتۇب بەردى سۇلتانغا بۇ نامەنى،
ئوقۇب كۆردى بۇ تۇرفە ھەنگامەنى.
دەرىغلار يېدى دەست بازانۇ سوقۇب،
قىزىل قان ياشىنى كۆزىدىن تۆكۇب.
ئوقۇب چوڭ - كىچىك بارچەسى يىغلادى،
قىلۇر - قىلماسىنى تېخى بىلمەدى.
مۇنى ئاڭلابان نازىمى قىلدى زار،
بۇ دەفتەرگە ئالدى بولۇب بىقارار.
كەتۇر ساقىيا بادە شەۋق جامىدىن،
ئىچىب مەست بولۇب بادە گۇلفامىدىن.
بولۇب ئەندەلىب گۇلنى ياد ئەيلەيىن،
بۇ گۇل يادىدا دىلنى شاد ئەيلەيىن.
كى ئېردى بۇ خۇشلۇق مۇدام دەفئە غەم،
بۇ خۇشلۇقنى تافغان بولۇر مۇھتەرەم.

سۇلتان ئەلاخان تېز مېھماندارلىق ئەسبابىنى راست قىلدى. بارچە ئۇلۇغ - ئۇششاق سەردارلارنى چىرلاب كەلتۇرمەككە كىشى چاپدۇردى. مەسەلەن: ئەمىر توختى ئاخۇن، قازى كالان مۇفتى روزى ئاخۇن، مۇفتى مەقسۇد ئاخۇن، قازى ئەسغەر شەيىخ مەنسۇر ئاخۇن، كىچىك ئاخۇن، ھاجى ناسىر ئاخۇن، موللا ئىمىن ئاخۇن، مۇتاۋەللى مەسئۇد ئاخۇن، ھاجى قاۋاش ئاخۇن، فەخرىددىن ئاخۇن، قاسىم ئاشىر ئاخۇن، بارچە چوڭ - كىچىك ئاخۇنلارنى جەم قىلدى ۋە يەنە ھاجى تاھىر غەزەنەچى بەگ، ھاجى ئابدۇللا غەزەنەچى بەگ، ئابدۇرەھمان غەزەنەچى بەگ، ئابدۇلۋاھىد غەزەنەچى بەگ، مەغفىر شاڭ بېگى، ئەزىم شاڭ بېگى، غەنى شاڭ بېگى، سىتىلدى شاڭ بېگى، مېھرىددىن شاڭ بېگى، بۇشرى بەگ، ئەمىرشاھ مىراب، جاباش مىراب، خۇدا بەردى مىراب، بەگزات بەگ، بەھرام بەگ، قاۋاش قازى، قاۋاش ئەل بېگى، قاۋاش مىڭ بېگى، قاۋاش يۇز بېگى، فالتومىڭ بېگى، ساقى مىراب، ھۇسەيىن بەگ، مەمەت ئەلى مىراب، گايىد بازار بېگى، ئەلى بازار بېگى ۋە يەنە قولى ئىشقا تەككەن ئاخۇنلارنى ۋە بەگلەرنى يىغدى. بۇلار كېلىب جابەجا ئولتۇردى. بەئداز مۇھازىر سۇلتان ئەلاخان سۆز ئاغاز قىلدى ۋە ئەيدى: «ئەي ئاخۇنلارىم ۋە ئەي بەگلەرىم، نېچۇك قىلماق كېرەك؟ خىتاينى بىر تەرەف قىلساق، مانجۇ - چەنفەنلەر ھۇجۇم قىلدى. بۇلارنى بىر تەرەف قىلساق، سۇلان - شىبىرلار تەبرەب ئىدى. ئۇلارنى بىر تەرەف قىلساق، نەچچە ئايماق چاقار قالماقلار قەسدىمىزدە بولدى. ئۇلارنى بىر تەرەف قىلساق، ئەمدى تورغۇت بەيلى، بەيسلار قوزغالدى. يەنە بىر تەرەفدىن زورغان سۇمۇن، ئارغۇن سۇمۇننىڭ قالماقلارى

خورۇج قىلدى. ئۇلارنى دەفئى قىلىشاق، ئەمدىگىنە بىرنەچچە كۈن تىنچ - ئامان بولۇرمىكىن دەپ ئىدىم، مانا ئاغىياسىنىڭ قالماقلارى بۇ قىسمى جاپالارنى قىلىپدۇر. ئاق قوزى بەگ، ئۇسمان يۈز باشىنى، مۇھەممەد نىياز يۈز باشىلارنى شەھىد قىلىپدۇر» دەپ مەزكۇرنامەنى ئوقۇدى ۋە كۆپ يىغلادى. بارچە ئەھلى مەجلىسلەر يىغلاشتىلار. ئاخىرى ئەيدىلەركىم: «شاھ، غەم يېمەسۇنلەركىم، بىزلەر جىھادنى فىئ سەبىلىللا قىلغاندۇرمىز. شايەد ئاللا تائالا ئەنە ئول كافىرلارغا غالىب قىلسە، ئاللا تائالانىڭ قۇدرەتىگە چۇنۇ چارا يوقتۇر. ئەگەر ئاللا تائالانىڭ بىزلەرگە فەزلى-ئىنايىتى بولماسا، مۇنچە ئەنبۇھ كافىرلارنى نېچۈك قىلار ئېردۇك، بۇ خاقان چىن بىرلە نېچۈك دەرفاتادە بولۇر ئىدۇك» دەپ تەسەللى خاتىر بەردى. سۇلتان ئەلاخان ئەيدى: «پەرۋەردىگارا، ئۆزۈڭ بىلۇرسەن، قادىر تەۋەنادۇرسەن، ئۆزۈڭ بىز ئاجىز بەندەلەرىڭگە هادى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قۇۋۋەتلىك قىلىپ، مۇئمىنلەر ئۈزرە فەتھ - نۇسرەت ئاتا قىلىپ، شەرىئەت بەيزاغا ئۆزۈڭ راۋاج بەرگەيسەن» دېدى. بارچە سەردارلارنىڭ مەسلەھەتى بىرلە مېھرىددىن شاڭ بېگى بىرلە بەگزات بەگنى نەچچەند سىپاھلار بىرلە لەشكەرى بىكاران بىرلە ئاغىياسقا ئىبەردىلەر. مېھرىددىن بەگ بۇ نۇرغۇن لەشكەر بىرلە بەگزات بەگلەر بىرلە دەريادىن ئۆتۈپ، ئاغىياس تاغىغا راۋان بولدىلار.

نەزم

مېھرىددىن دىلاۋەر ئالىپ كۆپ چېرىك،
نەدۇركىم چېرىك، كۆچىدە شىرغا شېرىك.
كى نەچچەند مەراھىلنى قەتئى قىلىپ،
كى ئەئدا شۇرۇرىنى دەفئى قىلىپ.
بۇ يوللاردا ئۇچراپ كۆپ ئايماقىغا،
يېتىپ ئاغىياسىنىڭ قالماقىغا.
بۇلارنى كۆرۈپ لامالار لۈمشادى،
تامام زەنگىلەر باشىنى ئوڭشادى.
بۇ مۇغنى كۆرۈپ بارچە ئىسلامىيان،
دەلىرلەر شامالدەك بولۇشتى راۋان.
ئارالاپ بۇ مۇغقا قىلىپ سەختى جەڭ،
بۇ تاغ تاشىغا قان بىلە بەردى رەڭ.
بۇ مۇغنى قىلىپ ئانچە خار ۋە زەلىل،
بۇ تاغنى قىلىپ لالەدەك قىبقىزىل.
بولۇپ بارچە قالماق چۇ ئىتدىن بەتەر،
كېسىلدى باشى مىسلى خىيارى تەر.
بۇ قىسىم يېتىپ تاغ ئارا كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بى سەران.
تەندىن قوپاردى تەلى تەسقىلان،
كى ساينىڭ ئارىقى سۇفەت ئاقتى قان.
كى مۇئمىن ئالىپ ئانچە مالۇ مەنال،
خالايىقنىڭ ئەقلى بولۇپ مالغا لال.
كى ئولجا تالاشىپ قىلىپ هاي - هۇي،
قولىغا تۇشۇپ ئات، كالا بىرلە قوي.
تۇگەتىپ بۇ قالماقنى نۇسرەت بىلە،
يانىپ يولغا كىردى شارافەت بىلە.
قىلىپ يولدا كۆپ ئەۋگە مەغرۇرلۇق،
كىچىك - چوڭ بولۇپ تۇرفە مەسرۇرلۇق.
يېتىپ كەلدىلەر شادلىغ ئەيلەشىپ،
بۇ شادلىقلارى تۇرفە هەددىن ئاشىپ.
كى سۇلتانغا بەگلەر كۆرۈندى كىرىپ،
هەممە ۋاقىئاتلارنى تەقرىر ئەيتىپ.
بۇلارغا بېرىپ شەھ مۇزەييەن لىباس،
تاپىپ هەر بىرى ئىلتىفات بىقىياس.
نەچچە كۈن يەنە بولدى مۇئمىن ئامان،
قىلىپ فەزلى رەھمەت خۇداي جاھان.
ئاتا قىلسا بەندەگە نۇسرەتنى هەق،
بۇ خاقان ئەئزەمگە بەرگەي سەبەق.
ئىجابەت نىشانىغا تەگسە خەدەڭ،
بولۇر شىرغا غالىب زەئىف مۇرلەڭ.
چىبىن قىلغۇسى هەررىلەرنى شىكار،
قىلاۋىرگە خىزمەت قىلۇر كەركىھار.
تۇتۇڭ ساقىيا نازىمغا قەدەھ،
ئىچىپ مەينى بولغايكى ئانداغ فەرەھ.
ئىلە گۈلىستانىدا گۇ - گۇ دېگەي،
هېكايەت غارايىبنى نەۋ - نەۋ دېگەي.

ۋە يەنە لەشكەرى ئىسلام ئۇلاستايدا قالماقلار بىرلە جەڭ قىلغانى.

يەنە نەۋئى هېكايەتنى نەزم ئەيلەيىن،
گۇلىستان نەزمىدە بەزم ئەيلەيىن.
كۈنى كەلدى سۇلتانغا ناخۇش خەبەر،
خەبەر نە دېمەكدۇركى غەمدىن ئەسەر.
كى ئىلىغا ۋە قاشنىڭ كى سەردارلارى،
دەلىر بەختىيار نېكى كىردارلارى.
كى خالى تۆرەلەر بىلە نەچچە ئەر،
كى سۇلتان، ئەمىرلەرگە بەردى خەبەر.
«ئېشىتكەيكى شەھ، نەچچە ئايماقلار،
يىغىلمىش نەچچە زەڭگى قالماقلار.
كى سەردار مۇغ كۆكشۇن ئامبال ئىمىش،
‹قوتانلار بىلە جەڭ قىلۇرمىز›، دېمىش.
مۇنچا يار ئىمىشلاركى مۆڭكۈ تۈمۈر،
يەنە دالاما، سۇلاما بەھۇزۇر.
كى تورغۇتتىن ئالمىش نەچچە يۈز چېرىك،
بۇلارنىڭ سۆزىدۇر تىكەندىن مىرىك.
يىغىلمىش بۇ قالماق نەچچەند هەزار،
فەلەكنىڭ يۈزىنى قىلىبان غۇبار.

كېلۈرمىش بۇ قالماق قاش باشىدىن،
ئۆتۈپ تاغلارنىڭ ئۇلۇغ تاشىدىن.
ئايا شاھ، سالغىل بۇ سۆزلەرگە سەمىڭ،
تۆمۈرلۈك دېگەن يەردە بولمىش كى جەمىڭ».
ئېشىتىپ بۇ سۆزلەرنى شاھى زامان،
يىقىلدى باشىغا بۇ ھەفت ئاسمان.
كى سۇلتان ئاجايىپ فەرىشان بولۇپ،
ئەمىرتوختى ئاخۇننى تېز كەلتۈرۈپ.
دېدى: «نەقىلۇرمىز مۇنى، يا ئەمىر،
ماڭا كۆرسەتىڭ يول، ئايا شىرگىر».
ئەمىر ئەيدى: «لەشكەرنى يىغماق كېرەك،
بۇ دۇشمەن سارى تېز بارماق كېرەك.
بارىپ ئاندا ئىسلام سەفىنى تۈزۈپ،
ئۇلارغا بۇ دىن ئۈۋۋەتىن كۆرسۈتۈپ.
يارىپ كۆكشۈن ئامبالنىڭ باشىنى،
بېرىپ لامالارغا ئەجەل ئاشىنى.
كى مۆڭكۈ تۆمۈرنىڭ باشىنى ئۈزۈپ،
كېلۈرمىز ئېرەنلەر ئىشىن كۆرگۈزۈپ».
بۇ سۆزلەرنى قىلدى ئەمىرى زامان،
كى سۇلتان ئېشىتىپ بولدى شادمان.
تامامى دەلىر غازىلار جەمئى ئولۇپ،
شەھەرنى خەزايىنچىغا تافشۇرۇپ.
ئالىپ شاھلار لەشكەرى بىكاران،
تۆمۈرلۈك سارى تېز بولدى راۋان.
يۈرۈپ راھ مەنازىلنى تەي قىلدىلار،
ئۇلاستايغا تېز تۈن يېتىپ باردىلار.
بولۇپ قازى ئەسغەر بۇ لەشكەرگە باش،
كى يولداش بولۇپ ھاجى ئاخۇن قاۋاش.
ئولاستاي غولىغا تىكىپ بارگاھ،
كى سۇلتان، ئەمىر تۈشتىلەر جابەجا.
ئوشۇل دەم كېلىپ مۇغىدىن نامە،
فىتىپ نامەگە تۇرفە ھەنگامە.
ئوقۇپ كۆردى سۇلتان نامە ئاچىپ،
تۆبەن قىلدى باشىن بويۇننى قاشىپ.
ئۇلۇغلار سورادى نېچۈك دەپ سۆزى،
بارۇرمىزمۇ ئاندا، كېلۇرمۇ ئۆزى.
بۇ نامە سۆزىن قىلدى شەھ ئاشكار،
خالايىق دىلى ئاندا بولدى غۇبار.
دېمىش نامەدە: «ئەي ئەمىرى قوتان،
مېنىڭ لەشكەرىمدۇر ياماندىن يامان.
ئىبەرسەم چېرىكىم قوتان سارىغا،
تامامى قوتانلار قاچار غارىغا.
سىزلەر بىرلە قىلغاي بۇ نەۋئى ئاملە،
يارۇر قارىنىنى بولسا زەن ھامىلە.
تاماملىنى مۇغلار قىلۇر دەردناك،
كى فەرزەند - زەننى قىلۇرلار ھالاك.
كى ئالدىمغا تېزرەك كېلىپ يالبارىڭ،
كى ئالتۇن، كۈمۈش، ياخشى قىزلار بېرىڭ».
بۇ سۆزنى ئېشىتتى تامام مۆئمىنان،
غەزەب بىرلە قالماقتا بولدى راۋان.
بارىپ چافتى قالماقنى ئەۋۋەل ئەمىر،
سوڭىدىن چافىپ شاھ ساھىب سەرىر.
بارىپ بارچە مۆئمىن خۇرۇش ئەيلەدى،
قازان قايناغاندەك كى جۇش ئەيلەدى.
ئالىپ بەزى قولغا سىنانۇ دەراز،
سىنان بىرلە قالماقنى قىلدى گۇداز.
چافىپ بەزى مۆئمىن كى شەمشەر زەن،
بۇ شەمشەر بىلە فارە ئەيلەپ بەدەن.
كى بەزى ئەدۇۋلارغا شەشپەر سالىپ،
كى بەزى باشى ئۆززە خەنجەر سالىپ.
كى بەزى تۈفەكدە ئاتىپ مۇغنى،
فەلەككە چىقاردى بۇ مۇغ تۇغىنى.
مىسالى بىر سۈرۈك يىلقىغا تەگدى شىر،
تۈتۈشقان سۈفەت شىربىرلە دەلىر.
كى ياغدۇردىمۇ تىرى مەرگى بۇلۇت،
ۋەيا تۈشتى بولغاي نەيىستانغا ئوت.
ۋەيا بۆرىلەر كىردىمۇ قوي ئارا،
ۋە يا زال زەر قىلدىمۇ ماجرا.
ۋە يا ئوت ساچىپ يەتتىمۇ ئەژدەرى،
كى تافۇن ۋە يا كىردىمۇ مۇغ سارى.
بۇ قىسمى ياتىپ يەر ئۆزە كافىران،
سەرى بى تەنانۇ، تەنى بى سەران.
چۇنان مۆئمىنان قىلدىلار سەختى جەڭ،
بۇ مۇغ قانىدىن بولدى يەر لالەرەڭ.
كى باران سۈيىدەك بولۇپ ئاقتى قان،
كى بىرنەچچە قالماق قۇتۇلدى ئاران.
كى مۆئمىن ئالىپ ئەسبىھابى شۇمار،
كى مۇغلار كۆزىگە جاھان بولدى تار.
كى بىر كېچە - كۈندۈز سۈرۈپ كۇفرىنى،
ساۋۇردى فەلەككە بۇ مۇغ تۇغىنى.
كى مۆئمىن ھەممە ياندىلار شاد ئولۇپ،
تامام قايغۇ - غەملەردىن ئازاد ئولۇپ.
كېلىپ تۈشتى سۇلتان فەررۇخ نەجاد،
تەبىل شادىيانە چالىپ بولدى شاد.
كەرەم ئەيلەبان قادىرۇ زۇلجالال،
كى شەرئى نەبى تافتى ئانداغ كامال.
يۈرۈپ موللا ئوسمان، تۇردۇش رەئىس،
قىلىپ پاك گۆزەرلەرنى قويماي خەبىس.
تۈشىپ كۈن بۇ كۈندە زەنان باشىغا،
چىقالماي ئۆيىدىن ئىشىك تاشىغا.
فەررۇخ جامىدىن ساقى ئىنئام قىل،
ئۇنۇتماي بۇ نازىمغا ئېھسان قىل.
بۇ مەي نەشئەسىدىن بولۇپ شادمان،
بۇ دۇنىنىڭ غەمىدىن بولايىن ئامان.

موللا شەۋكەت ئاخۇن بىرلە ئەھمەدخان خوجامىلارنىڭ جېدەلى باياندا.

كۈنى يىل باشى كەلدى نەۋرۇز ئولۇب،
سەمەن زارلىق ئالەم ئەفرۇز ئولۇب.
چىمەن غۇنچەسى ئاچىلۇر چاقىلادى،
زەبان بۇلبۇلى سايراماق خاھلادى.
دەھان باغى ئىچرە زەبان بۇلبۇلى،
كى شەككەر فىشانلىق قىلىبان بەسى.
دەۋات چەشمەگە سىر سوقۇبان قەلەم،
سەھايىف يۈزىگە چېكىبان رەقەم.
پەدىد ئەتتى بىر قىسسەئى جان سۆز،
بۇ قىسسەنى ئاڭلاب تۆكەر ئاب كۆز.
كۆرۈڭ بىر كۈنى ئول ئەمىرى زامان،
ئۇشۇل توختى ئاخۇن جاھان پەھلەۋان.
كۆرۈنمەك ئۈچۈن كەلدى سۇلتانىغا،
كېلىب تۈشتى تېز خانە مېھمانىغا.
قىلىب ئېردى سۇلتان ئات مايى ئاش،
سالىب زەنجىبىل ئات گۆشىدە مەئاش.
ئەمىر ئالدىدا قويدى بۇ ئاشنى،
يېدى كۆب كۆتەرمەي ئەمىر باشىنى.
بۇ ئاشنىڭ مىزاجى ئىدى كۆب ئىسسىغ،
ئەمىر تويغۇچە يەب كېكەردى ساسىغ.
ئەمىر بولدى ئول دەم ئۆيىگە راۋان،
شۇ كەم ئاغرىدى بولدى باشى گەران.
بۇ ئاغرىق چىرايىن سامان ئەيلەدى،
«زەھەر بەردى شەھ» دەب گۇمان ئەيلەدى.
ئەھمەدخان خوجامدۇر ئەمىرگە تاغا،
ئەمىرگە ھەقىقەتدە ئېردى ئاتا.
ئەمىرنىڭ دىلىغا تۈشۈب كۆب ھەراس،
ئەھمەدخان خوجامغا قىلىب نامە راست.
بۇ نامەنى بەردى ئەلى تۆرەگە،
ئەلى ۋەھمە بىرلە ئالىب قولىغا.
دېدى: «ئاندا بارسام ئالىب نامەنى،
كىشى كۆرسە تارتىب ئالۇر خامەنى.
مېنى تىلچىدۇر دەب ھالاك ئەيلەگەي،
جاھاندىن ۋۇجۇدىمنى پاك ئەيلەگەي».
بۇ ئەندىشەدە ئېردىلار بۇ ئەلى،
«نېچۈك ئىش بىلە يەتكۈرەي نامەنى».
يۇسۇف ئاخۇن ئول ۋاقتىدا دېدى پەند،
«كى ئات قۇيرۇقىغا قىلىڭ ئانى بەند».
ئەلى نامەنى بۇ سۇفەت بەند قىلىب،
ئەھمەدخان خوجام سارى باردى يېتىب.
خوجامغا تۇتۇب بەردى بۇ نامەنى،
يۈز ئەندىشە بىرلە بۇ ھەنگامەنى.
ئوقۇب نامەنى خەلققە قىلدى خەبەر،
دېدى: «شاھ ئەمىرگە بېرىبدۇر زەھەر».
دېدىلەر: «يىغىلسۇنكى خەددامەلەر،
كى مەكتەب يۈزىن كۆرمەگەن ئامەلەر».
ئارا ئۆستەڭ ۋە قاشدىن يىغىلدى بۇلار،
قويۇب بەرسە ھەربىرسى يۈز قان تۆكەر.
ئالىب يۈردى بىرمۇنچە ئەۋباشىنى،
مەئاشىمىز، لىباسىمىز قەللاشىنى.
يېتىب كەلدى شەھدە ئەمىر قاشىغا،
كىرىب بوسە قىلدى ئەمىر باشىغا.
يەنە شەۋكەت ئاخۇنغا بەردى خەبەر،
كېلىب مەسلەھەت قىلدى بولدى سەھەر.
ئەھمەدخان خوجام تېز ئاتلاندىلار،
شەھەرنىڭ ئىچىگە كېلىب كىردىلەر.
كېلىب تېز ئۇشاتىب سوراغ خانەنى،
كى سايىد سەدىرنىڭ ئالىب جانىنى.
كى سايىد سەدىر تېز ئۆيىگە كېلىب،
ساقايدى قىرىق نەچچە ئۆفكە قاقىب.
بۇ غەۋغانى ئاڭلاب تامام قاچتىلار،
ھەبىمە قاشقا قاچىب كى تارقاشتىلار.
قالىب يەككە - يالغۇز بۇ سۇلتان بېگىم،
يەنە يىغىلىب كەلدى نەچچەند نەدىم.
بازار بېگى گايىد بولۇر يارلىغ،
كېلىب شەھكە قىلدىكى دىلدارلىغ.
بۇ شەھ بىرلە ئىكەۋ تۇفەڭ ئاتتى تېز،
ئەھمەد خانۇ ئاخۇن قىلدى گۇرىز.
قوشۇلدى كېلىب موللا سالىش ئىمام،
خالايىق ھەممە بولدى سۇلتانىغا رام.
ئەلى تۆرە ئاخۇن قوشۇلدى تېخى،
ھەممەدىن بەلەندرەك ئىدى ھىممەتى.
كى قازى ۋە مۇفتى يىغىلدى تامام،
«تۇتتۇڭلار»، «تۇتتۇڭلار» دېبان خاس - ئام.
ئەھمەدخان خوجام بىرلە قازى كالان،
تۇنگان مەسجىدى سارى بولدى راۋان.
خالايىق «بۇلارنى تۇتارمىز» دېدى،
«كى ئەژدەر بولۇشۇب يۇتارمىز» دېدى.
بۇلار نىكى بەرمەي بۇ تۇنگانىلار،
كى ئىخلاس قىلىشىب دىل ئەفكارلار.
بۇ ئىكەۋنى سۈيدۈڭگە قىلدى راۋان،
كى سۈيدۈڭدە تۇردى كى نەچچەند زامان.
بۇزۇب ئۈشبۇ تۇنگانىلار ۋەئدەنى،
يەنە تولدۇرۇب كىنەدىن مەئدەنى.
دېدى: «خويزەنىڭ ئىككى سەردارى ھەم،
بولۇب بىزگە بۇ ئىككى سەردار بەھەم.
كى ئەمدى قويارمىز باشىمىزغا تاج،
تامامى تارانچى بېرۇر بىزگە باج».
كى تۇنگان بولۇب بارچەسى بەدنىيەت،
دېدى: «بىزگە بولغاي تامام مۇلكىيەت».

كى ياگۇر بۇ ۋاقىتدا سۇلتان ئىدى،
كى تۇنگانلار ئۆزرە بۇ خان ئىدى.
بۇ ياگۇرغا ئېردى گەنەز تاز ۋەزىر،
كى لۇبار مايانزا ئېردى دەبىر.
بۇلار بەردى سۇيدۇڭگە بىرنامە،
تارانچىنى چافماقتا ھەنگامە.
تېخى بارچە تۇنگان سۆزىن قىلدى بىر،
ئۆزىدىن قىلۇر بولدى ساھىب سەرىر.
كى سۇلتان بۇ ئىشتىن بولۇپ كۆپ ھەراس،
كى سۇلھ ئۈچۈن قىلىپ نامە راست.
كى چىرلاتتىلار موللا زۇليارنى تېز،
مۇڭا قوشتى ئۈچ ئەلچى بەگلەرنى نېز.
بۇ تۆرت ئەلچىگە بەردى شول نامەنى،
«ئالىب بار»-دېدى-«ئۇشبۇ ھەنگامەنى.
كى سۇيدۇڭگە بارىب ئۇلۇغلارغا بەر،
كى قازى كالاننى ئالىب مۇندا كەل.
ئەگەر كەلمەسە تېز كەلگىل بۇيان،
كى ھەر سۆزنى قىلسا ماڭا قىل ئايان».
بۇ ئاخۇنغا قوشتى يەنە ئۈچ كىشى،
كى زەينال ياساۋۇل بۇ ئۈچىنىڭ باشى.
بۇلار تۆرت كىشى بولدى يولغا راۋان،
كى قورقۇپ نە بولغاي دېبان ئەندە جان.
نىھان يول بىلە باردى ئاندا يېتىب،
كۆرۈپ شەۋكەت ئاخۇننى ھوشى كېتىب.
تۇتۇپ بەردى ئاخۇنغا بۇ نامەنى،
كى سۇلتان ئىبەرگەن بۇ ھەنگامەنى.
ئوقۇپ نامەنى بولدى كۆپ دەرغەزەپ،
دېدى: «نىمە كەلدىڭ ئايابى ئەدەب.
بۇ سۇلتان تۇتالماس شەرىئەتنى پاس،
ئىبەرمىش سېنى مەندىن ئەيلەپ ھەراس.
بۇ ئەلى ماڭا كۆپ تەئەددى قىلىپ،
شەھىنشاھلىق مەنسەبىمنى ئالىپ.
قىلىپ ئېردى سۇلتان مېنى ئانچە خار،
مېنى قىلدى ھەق مۇندا كۆپ ئېتىبار.
خوجامنى بۇ تۇنگانى سۇلتان قىلۇر،
مېنى ھەم ئەمىرى مۇسۇلمان قىلۇر.
ئەلا بىرلە خوب بولمافايمەن تېخى،
ئاڭا يالبارىب بارمافايمەن تېخى.
ئايا زۇليار تېز ئارقاڭغا يان،
كى يوقسە ئىشىڭ بولغۇسىدۇر يامان».
ئىمام زۇليار دېدي: «ئەي ئاخۇنۇم،
بۇدۇرمۇكى ئەفئالى ئەھلى ئۇلۇم.
كى سۇلتانمۇسىزلەرگە راغىب ئېرۇر،
ياراشتۇرماقىم بىزگە ۋاجىب ئېرۇر.
كېلىبىمىزكى سىزنى ياراشتۇرغالى،
تېخى كەلمەدۇڭ بىز تالاشتۇرغالى.
كى سۇلتانغا سىزنى كېتەرمىز ئالىب،
شارافەت تاپارسىز شەھەرگە بارىب.
قەسەم قىلدى سۇلتان قىلۇرسىزنى چوڭ،
ھەممە كاربارلار كېلۇركى ئۇڭ».
مۇنى ئاڭلادى موللا تۇنگانلار،
دېدى: «كارى خەيردۇر، ئەمەس كارى شەر.
خوجام مۇندا تۇرسۇن، سىز ئاندا بارىڭ،
بارىب ئاندا شەرئىنى جارى قىلىڭ».
مۇنى ئاڭلادى ئامە تۇنگانلار،
دېدى: «بەرسە بولماسمۇ بىزگە زەرەر.
كى سۇلتان بىرلەن قىلۇرمىز ئۇرۇش،
بۇ تۆرتنى ئۆلتۇر، نەدۇر شۇڭ تۇرۇش».
مۇنى ئاڭلادى تۆرتىدىن كەتتى ھوش،
ئۆلۈم ۋەھمىدىن بارچە بولدى خاموش.
باھانە قىلىپ قاچتى بۇ تۆرتى تېز،
شەھەر سارىغا تېز قىلدى گۇرىز.
كېلىپ شەھكە ئەيدى بۇدۇر ۋاقىئات،
كى تۇنگانى شەكسىز قىلۇرلار جىھاد.
مۇنى ئاڭلادى بولدى سۇلتان ئامان،
سالىب ئالدىغا لەشكەرى بىكاران.
بارىب توستى شەھ راھى چىڭفەنزەنى،
كى ئاچتى قابۇغى كوھەن كەنزەنى.
مۇسۇلمان قىلىپ ئۇشبۇ يەرنى كەمىن،
دېدى: «كەلسە تۇنگان بولۇرمىز ئەمىن».

ئەمىر توختى ئاخۇننىڭ بەندكە تۇشكەنى.

ئۇشۇل كۈن شەھەردىن قېچىپ چىقتىلار،
ئەمىر خام خىيال بىرلە ئاتلاندىلار.
خىيال قىلدى خەلفەم قاشىغا باراي،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلماققا تەدبىر قىلاي.
كى خەلفەم قاشىغا بارىب يىغلادى،
«مېنىڭدە تېرىقچە گۇناھ يوق» دېدى.
ئەمىرنى تۇتۇپ دەر مەھەل سالدى غۇل،
بۇ ئىشدىن ئىلە خەلقى بولدى مەلۇل.
ئەمىرنى ئارا ئۈستەڭدە ئۆيگە سولاپ،
كى ھەر كۈن بىرۇز تانى قاق بىرلە ئاپ.
ئانىڭ خام خىيالى يېتىپ باشىغا،
كى زۇققۇم قوشۇلدى ئىچەر ئاشىغا.
ئەگەر بولسا كىمدىن كى دەۋلەت كېتەر،
ئانىڭ باشىغا تۈرفە مېھنەت يېتەر.
كىشىگە ئەگەر يەتسە ھەقدىن قازا،
ئاڭا ھېچ نەمەرسە بولالماس پانا.

ئەھمەدخان خوجامنى نەچچە مىڭ تۇنگانى ئۆزىگە سەردار قىلىپ، كېلىپ مۇسۇلمانلار بىرلە جىھاد قىلىپ ھالاك بولغانىنىڭ بايانى.

ئەھمەدخان خوجام مىڭچە تۇنگانىنى،
ئالىب قورشادى قەلئە قورغانىنى.
كى نۇرغۇن چېرىك بىرلە ئاخۇن كېلىپ،
خوجامغا قوشۇلدى ئاداۋەت قىلىپ.
كى مۆئمىن ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن بۇ خوجام،
مۇسۇلمان سەفىگە سۇرۇبان خىرام.
كى مۆئمىن ۋە تۇنگان بولۇپ رۇبەرو،
ئاداۋەت قىلىشىپ بۇ ئىككى گۇرۇھ.
بىرى بىرسى بىرلە قىلىپ سەختى جەڭ،
زەمىننى قىلىپ قان بىلە لالە رەڭ.
شەھەر ئىچرە ياگۇر دەلىرى ئىدى،
شەھەر تۇنگانىنىڭ ئەمىرى ئىدى.
گەنەز تاز بۇ ياگۇرغا بەردى خەبەر،
دېدى: «ئىش ياماندۇر قىلىڭلار ھەزەر».
بۇياگۇر، ئاشۇرلار ئاداۋەت قىلىپ،
كى بى باش تۇنگانىلارنى يىغىپ.
شەھەر خەلقى بىرلە سوقۇشتى بۇلار،
گەنەز تاز ۋە لۇبار، لۇ خوزالار.
كى غالىب كېلىپ نەچچە تۇنگانىلار،
سۇرۇپ ئاق توفاغا يېتىپ باردىلار.
قاۋاش بەگ ۋە ئىسلام موللا ئاشۇر،
توسۇپ ئالدىنى قىلدىلار سەختە زور.
سۇرۇپ ئارقاغا مۇنچە تۇنگانىنى،
ئۈزۈپ باشىنى ۋە يارىپ قارنىنى.
سولاپ بارچە تۇنگاننى چىڭگەنزەگە،
باشىنى كېسىبان قاداپ چەنزەگە.
بۇ قەلئەنى قورشاپ تامام مۆئمىنان،
ئەدۇۋنىڭ قانىنى قىلىپ كۆپ راۋان.
بۇ قەلئەگە تۇنگانىلارنى سولاپ،
بۇ لەشكەر بۇ تۇنگاننى تۇردى قورشاپ.

## ياگۇر سۇلتاننىڭ هالاكى

ئىشىتكىل كى ياگۇرنىڭ هالىنى،
ئانىڭ بەدگۇمان بىرلە ئەفئالىنى.
شەھەر لەشكەرى مۇندا غالىب بولۇپ،
گەنەزتاز، ياگۇرمۇ مەغلۇپ بولۇپ.
كى تۇنگاننى قاۋۇپ شەھەر لەشكەرى،
هالاك بولدى تۇنگانى ياشۇ قېرى.
سۇرۇپ بارچە مۆئمىن بۇ ياگۇرنى،
خۇدا قىلدى مەھۋە ئانىڭ زورىنى.
ئانى خاتۇنى بىرلە قىلدى هالاك،
ئەدۇۋ ئەھلىنى چۇن قىلىپ دەردناك.
ئاشۇرغا بۇ مۆئمىن سىنانلار سالىپ،
گەنەز تاز باشىنى قىچاقدا يارىپ.
ئەھمەدخان ئېردى ئەھلى سەئىد،
ئانى كەلتۈرۈپ سايدا قىلدى شەھىد.
تۇتۇپ شەۋكەت ئاخۇننى كەلتۈردى تېز،
قىلىپ بەند زىندان ئارا ئانى نېز.
نەچچە كۈن سولاپ بۇ بالا قەئرىگە،
تاغارغا سولاپ تاشلادى بەھرىگە.
ئەمىرنى تۇتۇبان شەھىد ئەيلەدى،
جاھاندىن ئانى نا پەدىد ئەيلەدى.
بۇ قىسمى ئىكەن بارچەسىگە قازا،
نەدۇر چارە بولماي قازاغا رىزا.
بۇ قىسمى ئىكەندۇك فەلەكنىڭ ئىشى،
جافا - زۇلۇم ئېرمىش فەلەك ۋەرزىشى.
بۇ دەفتەر ئوقۇپ قىلماغىل ئېتىراز،
ئۆمۈر يەتتە كۈنلۈك ئېرۇر قىلما ناز.
ھەر ئىش ئۆتسە ھەقنىڭ ئېرۇر خاھىشى،
بۇ خاھىش بىلە بەندەنىڭ نە ئىشى.
دېمە ئۇشبۇ ئىش بولغان ئېرمىش يامان،
بۇ نەۋئى سوزۇئىدۇر ياماندىن يامان.
ئەگەر خاھلاسا بىرنى ھەق تىرگۈزۈر،
ۋە گەر خاھلاسا دەرمەھەل ئۆلتۈرۈر.
كى ئۆلمەك - تىرىلمەك خۇدانىڭ ئىشى،
فالان ئىشدا ئۆلدى دېمە ئەي كىشى.
ساغا كەلسە مېھنەت ئاڭا بول رىزا،
ئەگەر كەلسە فەرزەندكە ھەقدىن قازا.
كۆرۈپ بۇ ئەلەمنى مەلۇم بولماغىل،
بولۇپ نارىزا ئەھلى ھەۋل بولماغىل.
ئايا نازىمى سۆزنى قىلما دەراز،
تىلىڭ بارىدا ئەيلەگىل نۇكتە باز.

ئەلقىسسە تۇنگانىلارنىڭ دۈۋۈم بارە كېلىپ مۇسۇلمانلار بىرلە جەڭ قىلغانى.

قاچىپ بارچە تۇنگان كۇرە شەھرىگە،
ئۆزىن تاشلاماققا بالا بەھرىگە.
مۇسۇلمانغا قاتتىغ ئاداۋەت قىلىپ،
كى تۇنگان ھەممە چوڭ - كىچىك يىغىلىپ.
يەنە قىلدىلار بارچە مۆئمىنگە قەسد،
خىيالى مۇسۇلمانغا بەرگەي شىكەست.
مۇنى ئاڭلادى چوڭ - كىچىك بارچە ناس،
ئۇلۇغلار ھەممە قىلدى بىرنامە راست.
كى مەزمۇن نامە بۇ: «ئەي مۆئمىنان،
كى شەيتان سۆزى بىرلە بولماڭ يامان.
بۇ ئىشلار ئىكەۋمىزگە كەلگەن قازا،
قازاغا بويۇن سۇنماغان ناسەزا.

قىلىپ تەۋبە ئەيلەك كى ياخشى نىيەت،
تەلەپ قىلماقىمىزلار قىساسۇ دىيەت.
بولۇپ ئىككىمىز سارىدىن كۆپ شەھىد،
مۇڭا رازى بولغىل كى بولسالىڭ ئەبىد.
رىزا بولماسالىڭ بار بۇرۇنقى چېرىك،
بۇ نەۋبەت بىرىڭلارنى قويماس تىرىك.
بۇ مەزمۇندا قىلدىم كى نامە تامام،
كى تۇنگانىلارغا دۇئا ۋەسسالام».
ئالىپ نامەنى قاسىدى تېز رەۋ،
بۇ تۇنگانىلارغا بولۇپ رۇبەرو.
ئوشۇل نامەنى بىر ئۇلۇغقا بېرىپ،
يېتىپ كەلدى تېز تۇن جاۋابىن ئالىپ.
تۇتۇپ بەردى شەھكە جاۋاب نامەنى،
كى سۇلتان ئوقۇپ بىلدى بۇ خامەنى.
جاۋاب نامەدە بۇ سۇفەتلىك دېمىش،
«جىھاددىن بۆلەك بىزگە يوق باشقا ئىش.
ئەگەر قورقسا سۇلتان بىزدىن بەسى،
ئاڭا ئۆرگۈتۇرمىز بۇدۇر چارەسى.
ئىبەرسۇن بۇيان شاھلىغ مۆھرىنى،
كى بىزلەرگە بەرسۇن تامام شەھرىنى.
كۆڭۈل تىنماغاي ئىنتىقام ئالماساق،
بويى قات خاتۇن قارىنىنى يارماساق».
مۇنى ئاڭلادى بولدى شەھ كۆپ خاپا،
دېدى: «ئۆز - ئۆزىگە قىلىبدۇر جاپا».
دېدى: «مەن ئۇلارغا قىلاي بىر قىلىغ،
ئۇلارغا قىلاي بىر قاتار ياخشىلىغ.
كى شايەد قىلۇرلار ئاداۋەتنى تەرك،
ئەجەب يوقكى قىلسا زالالەتنى تەرك».
دېدى شەھكى چىقتى بەۋرەلىڭ ئۆززە تېز،
تېخى چىرلاتىپ مىرقاسىم شاھنى نېز.
ئاڭا سۇردى چۇن شاھلىغ ھۆكمىنى،
«تۇنگانغا ئوزۇق قوي ئالىپ بار» دېدى.
«بۇ بەرگەننى يەپ قورساقىن تويدۇرۇپ،
ئۇرۇش ئەيلەسۇن باشجائەت بولۇپ.
ئۇلار باشىدا بولسا ناكى خىرەد،
كى ئەلبەتتە قىلغاي ئاداۋەتنى رەد.
بۇلارغا بېرىپ كۆپ گۇرۇنچ بىرلە ئۇن،
بۇ قويلار بىلە بار ئالىپ تېز تۇن».
بىراۋنى تېخى مىرقاسىمغا قېتىپ،
ئىبەردى بۇلاردىن كى نامە قىتىپ.
بۇلار ئۇن، گۇرۇنچ بىرلە مالنى ئالىپ،
كى تۇنگانلار ئۆززە باردى يېتىپ.
ئالىپ بارغانىن بەردى تۇنگانغا تېز،
يەنە نامەنى تاپشۇرۇپ بەردى نېز.
كى تۇنگان ئۇلۇغى دېدى: «قاسىدا،
نەچچە بىزگە يالبارسا بولماس راۋا.
ئارامىزدا يوقدۇر قىلىنچىدىن بۆلەك،

كى كەزدۇمدا يوق ھېچ نىشدىن بۆلەك.
ئەگەر قانچە بەرسە مۇنىڭدەكلارنى،
بۇ سۇلتاننىڭ ھەرگىز قۇتۇلماس جانى.
تېخى ئىكەۋىمىزنى قىلۇرمىز شەھىد،
جاھاندىن بولۇرسىز ھېلى ناپەدىد».
دېدى ئىككىسىنى تۇتۇپ باغلادى،
خۇنىنى ھامان تۆككەلى چاغلادى.
دېدى بەزىسى: «تۇغنى تىككەن ھامان،
بۇ تۇغ ئالدىدا ئەيلەگەيمىزكى قان».
دېدى بەزىسى: «قوندۇرۇرمىز بۇ تۇن،
كى ئەرتە شەھىد قىلغۇمىز چىقسا كۈن».
ھەممە ئىككى قاسىدنى بەردى ئاڭا،
دېدى: «ئەرتە چاشكادا قىلغىل تەباھ».
دېدى مىرقاسىم شاھ: «كەرىما كەرىم،
ئېرۇر ئىسمىم زاتىڭ رەئۇفۇر رەھىم.
بىز ئىككى غېرىبلارنى ئازاد قىل،
خالاس ئەيلەبان كۆڭلىمىز شاد قىل.
بەھەققى خۇدايا قەلەم بىرلە لەۋھ،
يەنە ئەرش كۇرسى سەفى بىرلە نوھ.
بەھەققى خەلىلۇ، بەھەققى ھەبىب،
دۇئامىز ئىجابەتكە قىلغىل قەرىب».
مۇناجاتنى قىلدى بولۇپ زار - زار،
ئۆلۇم خەۋفىدىن بولدى كۆپ بىقارار.
مۇنى ساقلاغان ئەر تەرەھھۇم قىلىپ،
قويۇپ ئەتتى تۈندە قولىنى يېزىپ.
بۇلار كىردى يولغا قىيادە قېچىپ،
كۆزىنىڭ ياشىنى بۇلۇتدەك سېچىپ.
كېچىچە يۈرۈپ ئەيلەشىپ ئاھ - ۋاھ،
يېتىپ كەلدى ئاخىر بەنەزدەك شاھ.
تامام ۋاقىئاتنى بايان ئەيلەدى،
ئەدۇۋلار فائالىن ئايان ئەيلەدى.
كى ئاڭلاپ بۇ شەھكە غەزەپ يۈزلەنىپ،
تامامى سىپاھ، رەئىيەلەرنى يىغىپ.
يىغىپ لەشكەرى نەچچە ئايماقىنى،
كۆتەرتىپ ئەلەم، تۇغ، بايراقىنى.
كى ئاتلاندى لەشكەر ئەدەدسىز بولۇپ،
گۇرۇھا - گۇرۇھا جاھانغا تولۇپ.
توسۇپ بارچە تۇنگانىلار راھىنى،
تىكىپ راھ - گۇزەرلەرگە خىرگاھىنى.
تۇرۇپ ئېردى ناگاھ كۆرۈندى قارا،
كى تۇنگان يېتىشتى قىلىپ ماجرا.
بۇ تۇنگانىلار ئاتلارىن ئويناتىپ،
مۇسۇلمانغا ئوق، زەنبۇرەكلەر ئاتىپ.
كى تۇنگانى خەيلى كېلىپ فەۋج - فەۋج،
مۇسۇلمان چېرىكى بولۇپ مەۋج - مەۋج.
كى سەفلەر تۈزەتىپ بۇ ئىككى گۇرۇھ،
بىرى بىرىسى بىرلە بولۇپ رۇبەرو.

بىرى بىرسىگە تىر باران ئېتىپ،
بۇ دۇن ئابروسىغا جانىنى سېتىپ.
كى لالە سۇفەت بار بەدەن قان بولۇپ،
مەسافگاھ ئىچىگە ئۆلۈك تولدۇرۇپ.
ئالىپ تىغ بىلە بىر - بىرىن جانىنى،
قىلىنچىلار چاپىپ ئاقتۇرۇپ قانىنى.
بىرى بىرسىگە قىلمايىن مەرھەمەت،
غەزەپ دەشتىدە ئەيلەشىپ مەنزىلەت.
گاھى بىرسىگە بىرسى غالىپ بولۇپ،
گاھى بىرسىگە بىرسى مەغلۇپ بولۇپ.
گاھى بۇ سۇرۇپ، ئالدىدا ئول قاچىپ،
گاھى ئول مۇنىڭ قانلارىنى ساچىپ.
بۇ يەردە قىلىشتى ئەجەب سەختى جەڭ،
ئاقىپ قانى بولدى زەمىن لالە رەڭ.
كى ئاخىر بۇ تۇڭگانى بولدى خاراب،
فەرار ئەيلەدى چوڭ كۆرەگە قاراپ.
مۇسۇلمان چېرىكى سۇرۇپ ئارقىدىن،
بۇزۇپ نەچچە يەردە ئەدۇۋلار سەفىن.
بۇ تۇڭگانىلارنى كۆرەگە سولاپ،
بۇزۇپ قەلئەلەرنى قۇلىنى تالاپ.
بىرى بىرسى بىرلەن قىلىپ سەختى جەڭ،
قانى يەرنى قىلدىكى گۈلنار رەڭ.
چىدالمايكى تۇڭگانى قىلدى گۇرىز،
كۆرەدىن چىقىپ كەتتى سۈيدۈڭگە تېز.
كى ئاخىردا شەھكە كېلىپ يالبارىپ،
كى فەرمانۇ بەردارۇ بولدى كېلىپ.
چۇ شەھ ھەم بۇلارنىڭ گۇناھىن كېچىپ،
ئۆزىگە ئۆزىدىن نەچچە چوڭ ئېتىپ.
تاماسىغا جەۋسەننى سەردار ئېتىپ،
كى لۈجۈرنى ھەم نىك كىردار ئېتىپ.
ھەممە بولدى ئەۋۋەلقىدەك يەك جەھەت،
ئەۋرەڭ ئۆززە تۇتتى بۇ شەھ مەنزىلەت.
كى سۇلتان بولۇپ شاھ ئازادە بەخت،
نە ئازادە بەخت، بەلكى ئامادە بەخت.
شەرىئەت راۋاجىغا كوشىش ئېتىپ،
كى ھەركۈن رەئايانى پۇرسىش ئېتىپ.
ئاچىپ فەقرى سارى ساخا ئېلكىنى،
يېتىم بى ناۋاغا ۋافا ئېلكىنى.
بۇ رەسىمدە ئۆتتى نەچچە روزگار،
ئامانلىقدا ئىلتىپاق ئېتىپ بىرۇبار.
ئايا مۇغبەچە تېز - تېز مەي تۇتۇڭ،
فەلەك دەۋرى بۇ كۈندە چۆرۈلدى ئوڭ.
تۇتۇڭ مەي بۇ دەمنى غەنىمەت بىلىپ،
كى جامى فەررۇھقا لەبمۇلەب ئالىپ.
بولۇڭ تېز بۇ دەۋلەتمۇ تۇرماس مۇدام،
كى مېھنەتمۇ يەتكەي سۇرۇپ تېز خىرام.
بۇ مېھنەت يېتىشكەندە دەۋلەت كېتەر،
كى ھېچ سۇدە بەرمەس پۇشايمان يېتەر.
ئايا نازىمى سۆزنى قىل مۇختەسەر،
يەنە باشقا ئىش ئۆتسە بەرگىل خەبەر.
بىلال شائىرى سۆزنى كوتا قىلىڭ،
ئورۇسنىڭ ئىشىدىن شەبەر ھەم بېرىڭ.

زەبان تەۋسەننى يۈگۈرتۈپ چاپىپ،
سەھايىف شەبىستانى ئۆززە يېتىپ.
بۇ گۈلزار ئارا سۇممىنى ئۆردى رەخش،
قەلەم نەۋكى بىرلە چېكىپ مۇندا نەقش.
بۇ نەقشىدىن ئىخراج ئېتىپ راۋىلار،
ھېكايەت ئاجايىبلارىن مۇندا دەر.
قازاق يۇرتىدا بار ئىدى بىر بولۇس،
ئاڭا تابىئ ئېرۇر قازاقدىن ئۇلۇس.
ئاتىنى ئانىڭ تازابېك دەپ ئاتار،
ئورۇسدىن قېچىپ نەچچە ۋاقىت بولدى خار.
ئورۇسدىن قېچىپ كەلدى بۇ تازابېك،
نەدۇر تازابېك، تەڭرىدىن رازى بېك.
ئورۇس تازابېكلەرنى تۇتماق ئۈچۈن،
سەمۇمى ئەجەلگە ئۇچۇرماق ئۈچۈن.
كى سۇلتانغا كەلدى ئورۇس ئەلچىسى،
كى ئەلچى بولۇپ كەلدى بىر فالچىسى.
تۇتۇپ بەردى سۇلتانغا بىر نامەنى،
نە نامە ئېرۇر، تۇرفە ھەنگامەنى.
ئوقۇپ كۆردى نامەدە مۇنداغ دېمىش،
«قاچىپ ئوغرىمىز ئاندا بارغان ئىمىش.
تۇتۇپ بەر ئانى قول - پۇتىن باغلابان،
كى سائەتكە قويماي ئىبەرگىل بۇيان.
مەگەر بەرمەسەڭ سىزگە قىلغۇم جافا،
تامام خەلقىڭىزنى قىلۇرمەن خافا.
بارىب يۇرتىڭىزنى قىلىپ دەستگىر،
سىنى ھەم سىپاھلارنى قىلغۇم ئەسىر.
بۇ مەزمۇندا قىلدىم كى نامە تامام،
كى سۇلتان خانغا ھەزاران سالام».
مۇنى ئاڭلادى بولدى سۇلتان مەلۇل،
ئورۇسنىڭ سۆزىن قىلمادىلار قابۇل.
بولۇپ ياندىلار ئەلچىلەر نا ئۇمىد،
بولۇپ كۆڭلىدە كۆپ ئاداۋەت پەدىد.
بارىب ئەلچى سۆزنى بايان ئەيلەدى،
قابۇل قىلماغانىن ئايان ئەيلەدى.
بولۇپ دەرغەزەپ جاندارال ئاتلانىب،
كى سامۇل دىيارىغا كەلدى يېتىب.
مۇنى ئاڭلادى بارچە ئىسلامىيان،
ئورۇسنى توسارغا بولۇشتى راۋان.
سېتىلدى دىلاۋەر چېرىكنى ئالىب،
كى قورغاس دىيارىغا باردى يېتىب.
كى ئابدۇلئەزىز يۈز بېگىلەر بىلە،

روزى يۈز بېگى، نازىملار بىلە.
باھاۋىددىن يۈز باش، ئەھەد باقىلار،
مەمەت توختى، سادىق، جاھان باقىلار.
بۇ ئىككى مازارنى كەمىن قىلدىلەر،
ئۇرۇش كېلۇرىنى ھەممە بىلدىلەر.
بەشىنچى ئاينىڭ بىرىنچى باشى،
كى سامۇل سارىدىن كېلۇر بىر كىشى.
قازاقدىن ئىكەندۇك ئوشۇل كەلگەن ئەر،
سىپتىلدى دىلاۋەرگە بەردى خەبەر.
دېدى: «يەتتى مۇندا ئۇرۇسدىن چېرىك،
بىرىڭنى ئۇرۇس قويماغايلار تىرىك».
مۇنى ئاڭلادى بارچە بولدى مەلال،
مازارات ئەھلىن يىغىب دەرمەھەل.
بۇلار بىرلە ئەيلەپ قەۋى مەسلەھەت،
يۇرۇتتى كى سۇلتانغا تېز نامە ـ خەت.
بۇ بەگ ھەم ئالدىغا يۈزلەنىپ،
ئۇرۇسنى كۆرۈپ تېز كەلدى يانىب.
كى ئېرتەسى كەلدى ئۇرۇسلار تامام،
مازار خەلقى تېز بولدى قاچماققا رام.
بۇ ياندىن يېتىشتى بازار لەشكەرى،
كى مەست تېۋە يەڭلىغ بولۇب ھەر بىرى.
كېلىب بىر ـ بىر ئارقا چېرىك فەۋج ـ فەۋج،
كى تۇنگانى، مۇئمىن بولۇب مەۋج ـ مەۋج.
سىپتىلدى دىلاۋەر شجائەت قىلىب،
ئۇرۇسنى توسۇب ئىستىقامەت قىلىب.
باھاۋىددىن ئېردى ئۆزى يۈز باشى،
قۇربان باقى يۈز بەگ يۈرەكلىك كىشى.
بۇ ئىكەۋ شەھىد بولدى جەڭلەر قىلىب،
ئۇرۇس لەشكەرى ئىچرە غارەت سالىب.
ھالاك بولدى نەسارانىدىن نەچچە تەن،
يەنە قىلدى نۇسرەت ئاتا زۇلمىنەن.
قازاقدىن تۇرۇس بېك، ساغروق تۆرە،
كى بالباي قىرغىز بىلە دەۋر تۆرە.
قىلىب بارچە ھىممەت ئەجەب قىلدى جەڭ،
كى مۇئمىن قىلىبان ئۇرۇسلارنى تەڭ.
يېنىب كەتتى نەسارانى سامۇل سارى،
كى ئارقاسىغا باقمايىن ھېچ بىرى.
كى بىرنەچچە كۈن تۇتتى سامۇلدا جاي،
ھەممە زەخىمدارلار چېكىب ئاھ ـ ۋاي.
يىغىب جاندارال بارچە مايىرالارىن،
ھەقىقەتدە بىل جۇملە تاجىرلارىن.
چېرىكنى ئىككى بۆلۈنسۈن دېدى،
كى نەسفىنى كەتمەنگە بارسۇن دېدى.
كى نەسفى بۇ يەردە قارار ئەيلەسۇن،
كى ئىسلامى بىرلە دۇچار ئەيلەسۇن.
چېرىكىن ئىبەردى دۇبۇن سارىغا،
كېلۇرلەر غازات بىرلە خۇن سارىغا.

كى لەشكەر دۇبۇن ئىچرە ھازىر ئىدى،
كى نەسارانى سارىغا نازىر ئىدى.
ئۇرۇس بىرلە مۇئمىن قىلىب سەختى جەڭ،
كى قان بىرلە يەرنى قىلىب لالە رەڭ.
ئۇرۇس خەيلى ئارقاغا ياندى يەنە،
كى مۇئمىن بۇ يەردە قۇۋاندى يەنە.
ئۇرۇس باردى كەتمەن دىيارىغا تېز،
چېرىكلەر ئۇرۇس سارىغا قىلدى خېز.
بۇ مۇئمىن بىلە كۆب سوقۇشتى ئۇرۇس،
كى بامداد بىلە تاكى باڭى خورۇس.
كى باڭى خورۇسدىن بولۇب ۋاقتى شام،
ھەممە خابگاھى سارى بولدى رام.
بۇ تۈن يارىمى بىرلە نەچچە مۇئمىنان،
ئۇرۇس لەشكەرى سارى بولدى راۋان.
قويۇب سۈيى نەسارانى بىر ـ بىر قەدەم،
خىيالى ئۇرۇسلارنى قىلغاي ئەدەم.
ئۇرۇس بارگاھىغا باردى يېتىب،
ئۇرۇس لەشكەرىنىڭ ئىچىگە كىرىب.
كى بىرنەچچە نەسارانى باشىن كېسىب،
بۇ باشلارنى لەشكەر ئىچىگە ئاسىب.
ئالىب ياندى تېز مال ـ ئەمۋالىنى،
كۆرۈپ جاندارال ئۇشبۇ ئەفئالىنى.
يەنە جاندارال خەلقنى يانسۇن دېدى،
كى سامۇل سايانىغا بارسۇن دېدى.
كى سامۇلغا كەلدى تامامى ئۇرۇس،
مۇنى ئاڭلادى مۇئمىنان بولدى سۇست.
چاراكى غازاتدىن زېرىككەن ئىدى،
كېلەلمەي ئۆيىگە تېرىككەن ئىدى.
ئۆزاقدىن ئۆزاققا يۈرۈب بۇ چېرىك،
بولۇب سۇست جاھاندىن يىغىشتى ئىلىك.
كى بەزى سىپاھدىن بۇزۇلدى فائال،
سىپاھدىن چېرىكلەر بولۇب كۆب مەلال.
جىھاد قىلغالى قالمادى تاقەتى،
شىكەست يەب دىلى قالمادى قۇۋۋەتى.
كى تۇنگانىدىن ھەم ئادالەت كېتىب،
رەئايالارىغا مەلالەت يېتىب.
تامام خەلقدىن كەتتى ياخشى نىيەت،
جىھاد قىلسا ناگاھ قىلۇر ئارىيەت.
مۇنى بىلدى نەسارانى كەلدى يېتىب،
كى سۈيدۈڭ دىيارى ئىلىكدىن كېتىب.
كى سۈيدۈڭ ئۇرۇسقا مۇتىئ بولدى تېز،
مۇنى كۆردى ئىسلامى قىلدى گۇرىز.
يانىب قاچتى لەشكەر ئۆزى خانىغا،
بولۇب مېھرىبان ھەر كىشى جانىغا.
كى سۈيدۈڭ ئىچىگە كىرىب جاندارال،
خالايىققا ئەيدى بۇ قىسمى ماقال.
«كى ئالدىمغا سۇلتاننى كەلسۇن» دېدى،

«ئىلە شەھەرنى بىزگە بەرسۇن» دېدى،
«ئىبەرسۇن ماڭا تازابېكنى تۇتۇپ،
قېرىن تويدۇرۇرمەن قانىنى يۇتۇپ».
بۇ مەزمۇندا نامە، ئىبەردى بۇيان،
كى سۇلتان باشى بولدى غەمدىن گىران.
دېدى: «ئىش ئىلىكدىن كېتىپدۇر»، دېدى،
«كى مېھنەت زامانى يېتىپدۇر» دېدى.
ئىبەردى تۇتۇپ تازابېكنى ھامان،
كەبىر بەگنى قوشتى كى بولدى راۋان.
كى بىرگە يورۇپ تۆرت خەزايىنچى بەگ،
ئورۇس ۋەھشەتىدىن قورۇپ خۇنى رەگ.
ئورۇس نەزدىگە باردى تېز تۈن يېتىپ،
نە قىلغاي ئىكىن بىزنى دەپ خەۋف ئېتىپ.
كۆرۈپ تازا بېك تۆرەنى جاندارال،
قىلىپ بەند زەنجىر سالىبان فۇلال.
ئىبەردىكى تېز ئالماتۇغا ئانى،
كى ئاندا ھالاك قىلدى كەتتى جانى.
ئورۇس خەيلى كەلدى بايانديغا خۇن،
كى سۇلتان بولۇپ ۋەھمىناك بولدى خۇن.
ئوشۇل جاندارال لەشكەرىنى ئالىپ،
مۇ تىڭ ئەيلەدى غۇلجا سارى كېلىپ.
ئورۇسلار شەھەرنى سەرنجام ئېتىپ،
كى سۇلتان بېگىم مەنسەبىنى ئالىپ.
كى نەچچە زاماندىن كېيىن شاھنى،
ئالىپ كەتتى ئالماتۇغا ماھنى.
ئۇزاتىپ چىقىپ ئەيلەدى ئەلۋەداھ،
تامامى خالايىق قىلىپ ئاھۇ - ۋاھ.
بۇ قىسمى ئىكەندۇك كى رەسمى جاھان،
بۇ شەھدىن بۆلەك خەلق بولۇبدۇر ئامان.
خىرەدمەند زامانە ئىشىن چاغلادى،
كى بىرنەچچە ئەر ھەجگە بەل باغلادى.
ھەممەزاد راھلارنى بەم ئەيلەبان،
ھەرەم ئىشقىدا كۆزنى نەم ئەيلەبان؛
ئوشۇل غۇلجا شەھرىنى تاشلاپ كېتىپ،
تاۋاف ئەيلەدى مەقسەدىگە يېتىپ.
يېتىپ يەشرەبۇ مەقبەرە ئالىغا،
سۇرۇپ يۈزلەرىنى بۇ دەرگاھقا.

كى دەپ يىغلاشىپ: «يا ھەبىبى خۇدا،
غېرىپ ئۈممەتىڭگە ئۆزۈڭ رەھنەما.
شافائەت سۈيىدىن كى ئەيلەپ كەرەم،
دۇ ئالەم ئارا ئەيلەگىل مۇھتەرەم».
بەھەققى ئوشۇل ھاجىلار جۇرئەتى،
ئەرفات بىلە قىبلەتەيىن ھۆرمەتى،
سەفا مەرۋە مىنا ۋە زەمزەم ھەققى،
كى قۇددۇس مەككە مۇئەززەم ھەققى:
بۇ نازىمغا قىلساڭ تاۋافىن بەھەم،
نەبى ھەققىدىن ھەجنى قىلغىل كەرەم؛
كىشى بولسا ھاجى سائادەت ئېرۇر،
دۇ ئالەمدە ئابرويى شارافەت ئېرۇر.
بىرى ھاجى كالان ئاخۇنۇم،
يەنە ھاجى مۇفتى زامان ئاخۇنۇم.
يەنە بىرسىدۇر- ناسىر ئاخۇن خەتىپ،
ئەلى ھاجىلار كەلدىلەر ھەج ئېتىپ.
ئەلى ھاجى ئاخۇن ئېرۇر مۇھتەرەم،
يەنە سەئىد ۋەققاس كى ھاجى ھەرەم.
ئەيىد باقى ھاجىم كى نېكۇ خىسال؛
يەنە تاھىر ھاجىم فەسەندە فائال.
يەنە ھاجى تاھىر خەزايىنچى بەگ،
كى ئابدۇللا ھاجى دەفايىنچى بەگ.
قاۋاش ھاجى ئاخۇن، ئابدۇللا بولۇس،
كۇچۇك ئون بېشى ھەج قىلىپدۇر دۇرۇست.
يەنە ئارۇف ھاجىم ئەجەب خۇلۇقلىغ،
يەنە رازى ھاجى كى نېكۇ قىلىغ.
يەنە ھاجى قۇتلۇق كى، ھاجى ئەلىش،
يەنە موللا تۇردى قىلىپ ياخشى ئىش.
بۇ نازىمدا يوقدۇركى ھېچ ياخشىلىغ،
كى يوق ياخشى بەلكى ياخشى قىلىغ.
ئانى ئەيلەگىل ياخشى ئىش قىلغۇچى،
كى نەزم مەئانىنى ھەم بىلگۇچى.
خۇدايا بەھەققى نەبى ھەم ۋەلى،
كى خەيرەننىسا ئىككى ئال ئەلى.
ئاتامىز دېگەي نازىمىنى پىسەر،
قىلا بەر مېنى قىلغۇچى كارى خەبەر.

نازىمنىڭ نەزمەئى دىگەر بىرلە قىلغان ھېكايەتى.

كۆنى بولۇپ ئېردى زەخمدەك ئەبيەز،
ھەمچۇ يارۇپ بۇ دىلىمە مۇرغ بەياز.
ۋەردى ئەھمەر كەبى ئېرىدىمكى شاد،
قولدا قەلەم نەزدىمە ئېردى مىداد.
ئۇشبۇ زامان ئىچرە ئىدىم مۇنفەرىد،
قىلۇر ئىدىم يېڭى بىسات ئۆزرە خەت.
كىردى قابۇغدىن سالام ئەيلەب كىشى،
ئېردى مېنىڭ بىرلە بارابەر ياشى.
قىلدى دۇئا ئەيتتى ماڭا ئەرز ھال،
سۇردى زەبانىغا بۇ يەڭلىغ ماقال.
«كىم قىلا بەرگىل كى كىتابەت ماڭا،
مەنمۇ قىلاي ئانچە رەفايەت ساڭا.
لەيلۇ - نەھار بىرلە كېلۇرمەن ساڭا،
ھەرنە تىلەرسەنكى بېرۇرمەن ساڭا».

دېدى بۇ سۆزلەرنى ئەدەددىن فۇزۇن،
مەۋجۇد ئېيدىكىم ئۇزۇن ئاندىن ئۇزۇن.
دېدىم ئاغا: «ئېيت كى ئاتاڭ ئاتى كىم،
ئاتىنى ئېيت، سوڭرە ئانىڭ زاتى كىم».
دېدى: «ئۆزۈم ئاتى مۇھەممەد ئەلى،
ئاتامىز ئاتى ئەزىزدۇر ھەلى.
دەركى بابام ئىسمىنى ئىسلام دەلىر،
دەۋلەت ئىمىش چوڭ بابامىز شىرگىر.
ياركەند ئارا ھەفت مۇھەممەد پىرىم،
ھەفت مۇھەممەدكە بۇ دەۋلەت نەدىم.
چوڭ بابامىز دەۋلەت ئېرۇر بەھۇزۇر،
ھەفت مۇھەممەد پىرىمىز شەيخدۇر».
قىلدى بايان بىزگە بۇ ئەژدادىنى،
تەقرىر ئېتىب مەنكى ئۇلار ئاتىنى.
بىر يىل ئۆتۈپ ئۇشبۇ خىيالەت ئىلە،
باشلاب ئىدىم مۇشتەرى سائەت ئىلە.
جايى ئەلى كەنت خۇدايار ئىدى،
ئاندا خىرەد مەندى تۆرە بار ئىدى.
ئۇشبۇ تۆرەنىڭ ئاتى ئېردى ئەلى،
نەزمى زەبان، رۇيى گۇلىستان گۇلى.
نەۋشىرۋاندۇركى ئادالەت ئارا،
ھاتەمى تەيدۇركى ساخاۋەت ئارا.
موللا سەلىش ئاخۇن ئاتاسى ئانىڭ،
بىبى سافۇرادۇر ئاناسى ئانىڭ.
ھاجى زەخىرە بىبىدۇر خالەسى،
بارچە سائادەتمەند ئېرۇر ئالەسى.
بارچەسى ئادىل ۋە كامىل بىخى،
جەددىمۇكىن باشداكى خوجا ئەخى.
ساقى كەتۇر بادەئى بەرباد غەم،
قىلغالى دىل كۆزگۇسىنى جامى جەم.
لەفزەئى «غ ر س ج» دە تائارىخ چىقار،
بولسا خىرەدمەندى ھېسابىدا تاپار.
ئايغا جامادىل سانىغا ئېردى بىر،
قىلدى تامام نەزمنى نازىم فەقىر.

كىم ئوقۇسا ياكى ئېشىتسە مۇنى،
ياد قىلۇر دەبكى دۇئادا مېنى.
ئۇشبۇ ئۇمىد بىرلە قىلىب مەن تامام،
بارچە مۇھىبلارغا فەقىردىن سالام.
بەلكى جاھان خەلقىدە يوقدۇر ۋافا،
ھەر ئىشىدا زەررەچە يوقدۇر سافا.
لېك رەئۇفدۇركى خۇداۋەندە ئۆزى،
راھنەمادۇركى كەلامۇ سۆزى.
ھەركى دۇرۇدنى قىلا ئالسا ۋەسىڭ،
ئاغا مۇھەممەد دۇ جاھاندا شەفىڭ.
بارچە ئىشىن تەڭرى تامام ئەيلەگەي،
لۇتف ئېتىب ئەمرىگە رام ئەيلەگەي.
خەستە بىلال كۆندە دىلائىل ئوقۇڭ،
فايداسى يوق نەزمنى ئەمدى قويۇڭ.
كۈندۈزىدە خەلققە ئېسەڭ ئافتاب،
كېچەلەرى شەفقەت ئېتىب ماھ تاب.
زەررەچە خەلق سىزگە ۋافا ئەتمەگەي،
شۈكرى قىلىڭ بەلكى جافا ئەتمەگەي.
ئۇسالىكۇ ئاللا خۇدايى جاھان،
ئەئتەنى ئەمىن ئامان ئالامان.
فەقىر ئايالمەند غېرىب بەندە مەن،
زەنب ئەزىم بى رويى شەرمەندە مەن.
ئاچ يۇزىمە تەۋبە قابۇغىن مۇدام،
تەۋبە ئۆزە تەۋبە قىلاي سۇبھى - شام.
ھەر دېگەنىمدە تەۋبەنى قىل قابۇل،
تائىلا رەسۇل ئالدىدا قىلما مەلۇل.
ھۆرمەتىدىن خوجا ھەسەن ماتەرىد،
غەۋس زامان قۇتبى جاھان بايەزىد.
ھۆرمەتىدىن سەيىد ئەمىرى كەلال،
خوجائى بۇزرۇك كى ساھىب كامال.
بارچە نەبى شەفقەتىنى قىل ئاتا،
جۇملە ۋەلىنى قىلىبان رەھنەما.
خەستە بىلال نازىمغا قىل كەرەم،
جىسمى ئىلە جانىنى قىل مۇھتەرەم.

بۇ كىتاب يىگىرمە ۋەرەقچە فىتىلگەندە ئەلى بايىنىڭ كۆرگەن تۇشىنى بۇ دەفتەرنىڭ ئاخىرىدا تەقرىر قىلدۇقكىسى، ئاڭلاغايسىزلەر.

نەزم

ئولتۇرۇبان خەت فىتۇدۇم دەر راۋاق،
چۈن فىتىلىب ئېردى يىگىرمە ۋەراق.
ناگاھ كىرىب كەلدى ئىشىكدىن ئەلى،
رويى بولۇب مىسلى گۇلىستان گۇلى؟
دېدى: «كۆرۈبمەن كى بۇ شەب تۇرفە تۇش،
ئۇشبۇ تۇشۇم ۋەھمىدىن ئولدۇم خامۇش.
ئابدۇرەسۇل بەگنى كۆرۈبمەن كېچە،
ئورداسىدا ماڭا قىلۇر سۆز نەچچە.

‹چۈن ئىبەرەي ئالتە شەھەرگە سېنى،
بارغىل تېز ئەلچى بولۇب ئەي ئەلى›.
ئاغا دېدىم: ‹مەندە بۇگۈن يوق ئۇلاغ،
قاي بارايىن ئالتە شەھەرگە ياياغ›.
دېدى: ‹بارىڭ ئوردا سۇلتانىغا،
تېز مەڭزەم ھاكىم ئالدىغا›.
باردىم تېز تۇن بۇ شەھ قاشىغا،
ئاتنى سوراب بەلكى بۇ مەھ قاشىغا.
‹تېز ساڭا بەرگەلى ئات يوق›، دېدى،

ياندۇرۇپ ئەتتى ماڭا ئات بەرمەدى.
ئابدۇرەسۇل بەگ دېدىم: «بەرمەدى،
ھۆكمىلەرىن سەمەڭگە ھېچ ئالمادى». .
دەپ ئىدىم ئىلكىدە بار ئىبرىكەن تۇفەك،
نەقشى نىگار بىرلە نە خۇش زەنبۇرەك.
بەردى ماڭا دېدى: «ئالىپ كەت مۇنى»،
ئالدىم ئىلكىمگە ئويىاندىم» دېدى.
مەن دېدىم: «روھى ئەمىر شاد ئىكەن،
جۇملەئى غەم زۇلمىدىن ئازاد ئىكەن.
بولسا شەھىد تۇشكە كىرىپ بەرسە شەي،
مەنكى ئانىڭ تەبىرىنى سىزگە دەي.
رازى بولۇبدۇر كى سىبىنگدىن شەھىد،
ئۇشبۇ كىتابەتكە بولۇبدۇر خەرىد.
سىزدىن ئۇلۇبدۇر كى ئەمىر روھى شاد،
يوقكى ئەجەب تاپساڭىز ئەمدى مۇراد.
روھى ئەمىر بەرسە ساڭا زەنبۇرەك،
ئۇشبۇ كىتابەتكە ئەمەس تىغ كىرەك».
روھ ئەمىرىگە دۇئا ئەيلەدۇك،
شۇكرى قىلىپ ھەققە سىنا ئەيلەدۇك.

ئۇشبۇ كىتابەت تامام بولغاندا، ئەلى باينىڭ يەنە كۆرگەن تۇشىنى بايان قىلدۇق.

نەزم
بولغان ئىدى ئۇشبۇ كىتابەت تامام،
كەلدى ئەلى بەردى فەقىرگە سالام.
دېدى: «كىتاب تاشىنى ساتقۇن ئالىپ،
ياتىپ ئىدىم لەھزە ئۆيۈمگە كىرىپ.
كەتتى كۆزۈم ئۇيقۇغا ئانداغكى تېز،
باردىم ئانداغ ئىمارەتكە نېز.
كۆردۇم ئەھمەدخان خوجامنى سەرىھ،
ئولڭ يېنىغا ئالدى مېنى ئول تېخى.
بار ياندا ئولكى ئىنىسى ئەمىر،
ئىككىسىنىڭ رەڭگى ئاجايىب مۇنىر.
تاشىغا ياشىل، ئىچىگە ئاق كىيىپ،
باقتى ماڭا ئۇشبۇ خوجام سۆز قىلىپ.
دېدى: «ئوشۇل ئىشدا ئۆزۈڭ بارمىدىڭ»،
دېدىكى: «راست بىزگە جاۋابىن بېرىڭ».
ئاڭا دېدىم: «يوق ئىدىم ئاندا مەن،
راست كەلامىمنى دېدىم سىزگە مەن».
بىر كىشى كەلدىكى قولىدا قىچاق،
سانچىدى ئىلكىمگە نەۋكى قىچاق.
زەررەئى قان چىقتى گۇلى غۇنچەدەك،
تۆردى قولۇمداكى بولۇپ يۇمچەدەك.
دېدى ئەھمەدخان: «نەئىش بىلەسەن»،
مەنمۇ دېدىم: «نەچچە ئويۇن بىلەمەن».
زەررەئى چۆپنىكى ئويناب تۇرۇپ،
قىچاقى بار كىشى باشىغا سوقۇپ.
ئىردىم قەھقەھ كۈلۈشتى ھەممە،
كۈلكۈ بىلە تېز ئويىاندىم يەنە».
چۈنكى دېدىم: «ئۇشبۇ تامام ياخشى تۇش،
ياخشى بىلىڭ سىزدە ئەگەر بولسا ھوش.
روھى خوجام ھەم بولۇبدۇركى خۇش،
سىزگە مەدەدلىك ئىرۇر ئۇشبۇ تۇش.
بارچە شەھىد روھى بولۇبدۇركى شاد،
ياخشى ئەمەل ئەيلە تاپارسەن مۇراد».
خەتكە فىتىپ قويدى مۇنى يادكار،
دەھرە ئارا قالغۇسى كۆپ روزگار.
ھەر كىشى ئىش قىلسا ئەمەس مەنىسىز،
مەنىسىنى بىلگۈسىدۇر باتەمىز.
ھەر سۆزىكىم ئۆتسە فىتىپ مەن تامام،
ئەھلى خىرەدلەرگە دېدىم مەن سالام.

بۇ دەفتەرنى ئەۋۋەل ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئەلى باي تەقرىر قىلىپ سۆزىنى فەقىر موللا بىلال نازىم نەسىر بويۇنچە فىتىپ، ئاندىن فۇرجە تەككەنچە نەزم قىلىپ، غازات قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلارىغا يادنامە قىلىپ قويدۇق. «غازات دەر مۈلكى چىن» ئات قويدۇق. تەممەتەل تامام. تارىخ بىرمىڭ ئىككى يۈز توقسەن ئۈچدە ئىلە ھېسابىدا بارس يىلىدا بۇ دەفتەر تامامىغا يەتكەن.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: غوجائەخمەت يۇنۇس